مۇختار مەخسۇت



# ئوت ئارىلى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇختار مەخسۇت 1957 - يىلى 4 - ئايدا گۇما ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شۇ فاكۇلتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1997 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلىگەن. 2005 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورى، جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

مۇختار مەخسۇت 1974 - يىلى ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەندىن بۇيان، 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە نەسرى، 60 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى، خەنزۇ ۋە چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇنىڭ نەشىر قىلىنغان ئاساسلىق كىتابلىرىدىن «ئاشىقلار سىرى»، «تەنھا قېيىق»، «ئىلاھە چوققىسى» (تەرجىمە) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى، «ئاخبارات يېزىقچىلىق ماھارىتى»، «مۇخبىرلىق سەنئىتى»، «ئەسىر بوسۇغىسىدا»، «يېزىقچىلىق» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى، «غەربكە ساياھەت» (رومانىنىڭ 1 -، 2 - تومى)، «يېڭى ئەسىر — مۇتەپەككۇرلارنىڭ ساداسى»، «بالىلارنى ئورتاق تەربىيەلەيلى»، «كەمپۈتتىن تاتلىق»، «كاتىبات يېزىقچىلىقى» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى بار.

مۇختار مەخسۇت

# ئوت ئارىلى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

火岛：维吾尔文 / 穆合塔尔·买合苏提编译．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.1
ISBN 978-7-228-14961-2

Ⅰ．①火… Ⅱ．①穆… Ⅲ．①诗集-世界-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．①I12

中国版本图书馆CIP数据核字（2011）第281952号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 孜来汗·艾则孜 |
| **责任校对** | 古丽夏尔·尼格买提 |
| **封面设计** | 买买提·诺比提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **邮政编码** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆生产建设兵团印刷厂 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230毫米　1/32 |
| **印　　张** | 11.875 |
| **版　　次** | 2012年2月第1版 |
| **印　　次** | 2012年2月第1次印刷 |
| **印　　数** | 1-3000 |
| **定　　价** | 35.00元 |

# تۈزگۈچىدىن

1980 - يىلى ئالىي مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. شېئىرىيەتكە مەجنۇنلارچە ئىشتىياق باغلاپ يۈرگەن بۇ كۈنلەردە، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات سىمنارىيەسىگە قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەن بىر يازغۇچىمىز ماڭا ھىندىستانلىق بۈيۈك شائىر رابىندىرانات تاگورنىڭ «ھىلال ئاي» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ خەنزۇچە نەشر نۇسخىسىنى سوۋغا قىلدى. مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. بۇ شېئىرلاردىكى گۈزەل مۇھىت، بالىلارغا خاس ئاجايىپ تەسەۋۋۇر، ساپ ۋە سەمىمىي ھېسسىيات، يەڭگىل تىل ۋە يۈگەنسىز ئويناق پىكىرلەر مېنى بىردىنلا مەپتۇن قىلىۋالدى. بۇ بەلكىم مېنى دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسمىنى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشتۇرغان «ھىلال ئاي» بولسا كېرەك. مەن بۇ شېئىرلارنىڭ بىر قىسمىنى قۇربىمنىڭ يېتىشىچە تەرجىمە قىلىپ «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغانىدىم.

ئارىدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، تارىخىمىزدىكى يېپەك يولىنىڭ قىسقىغىنا چاقناش دەۋرىدىن كېيىن بەكمۇ ئۇزاق بېكىنمىچىلىك ھالىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن خەلقىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باھارى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ، دۇنيانىڭ ھازىرقى زامان ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىدىكى رەڭگارەڭ يېڭىلىقلار ھەم نامايەندىلەر بىلەن ئازادە ئۇچرىشىش

ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. دۇنىيا بىزگە ئەمدى ئانچە ناتونۇش بىلىنمەيدىغان بولدى، دۇنيا شېئىرىيىتىدىن بىلىدىغانلىرىمىز پۇشكىن، لېرمۇنتوف، ماياكوۋىسكى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. گەرچە تىل ۋە تەرجىمە جەھەتتە شۇنچە كۆپ توسالغۇلار مەۋجۇت بولسىمۇ، قىسقىغىنا بىرقانچە يىل ئىچىدە بىز نۇرغۇن يېڭى سىمالار بىلەن تونۇشۇشقا ئۇلگۇردۇق. بىر قىسىم پېشقەدەم شائىرلىرىمىز تەرجىمە قىلغان چەت ئەل شېئىرلىرى ھەم پەرھات ئىلياس تۇزۇپ تەرجىمە قىلغان «يارىلانغان يۈرەك» ناملىق چەت ئەل مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى. شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 1980 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ جانلانغانلىقىنى ۋە بەلگىلىك يېڭىلىقلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى مانا مۇشۇنداق تونۇشتۇرۇش ۋە ئالماشتۇرۇشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بىر مىللەتنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەرگىزمۇ يەككە ـ يېگانە بولمايدۇ، ئۇ باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆزئارا تولۇقلاش جەريانىدا مۇكەممەللىشىدۇ، يۈكسىلىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىمىزنى بىلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى چۈشىنىشىمىز، ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى، قانداق يېزىۋاتقانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. شۇلار بىلەن تەڭ پەللىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان بارلىق ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزىمىزگە ئىجادىي يوسۇندا خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

مانا مۇشۇنداق ياخشى ئارزۇ ـ تىلەكنىڭ تۈرتكىسىدە مەن يېقىنقى يىللاردىن بېرى سۆيۈپ ئوقۇغان ۋە ئەسەرلىرى

بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن جۇڭگو ۋە چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم. كىتابقا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاتمىش بەش شائىرنىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز بەش پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئون يەتتە شائىرنىڭ شېئىرى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شېئىرلارنى تەرجىمە قىلىشتا مۇنداق بىرقانچە ئۆلچەمنى ئىگىلەشكە تىرىشتىم:

بىرىنچىدىن، ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە بولۇش: ئالدى بىلەن شۇ شائىر ئۆز دۆلىتى، ئۆز دەۋرى ۋە ئۆزى تەۋە بولغان شېئىرىيەت ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بولۇش، يەنە بىر تەرەپتىن، تاللانغان شېئىر شائىرنىڭ ئۇسلۇبىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بولۇش. لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ چەكلىمىسى ۋە تەرجىمە سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن، بەزى شېئىرلار ھەقىقىي ۋەكىللىك ئەسەر بولماي قالدى.

ئىككىنچىدىن، تەرجىمىگە ماس كېلىش ۋە ئوقۇشچانلىققا ئىگە بولۇش. بىزگە مەلۇمكى، شېئىر مىللىي خۇسۇسىيىتى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر ئەدەبىي شەكىل، ئۆز تىلىدا ناھايىتى گۈزەل سانالغان بىر شېئىرنى ئىككىنچى بىر تىلغا (بۇ كىتاب ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۈچىنچى تىلغا) تەرجىمە قىلغاندا، ئەسلىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش تولىمۇ تەس. شۇڭا، بىر قىسىم شېئىرلار تەرجىمە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكمۇ نەزەرگە ئېلىنغان ئاساستا، ۋەكىل خاراكتېرى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تاللاندى.

ئۈچىنچىدىن، شېئىرلارنىڭ جەلپكارلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئومۇمەن قىسقا لىرىك شېئىرلار تاللاپ تەرجىمە قىلىندى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشلۇق

بولغان، ئەسەرلىرى ئىلگىرى كۆپ تەرجىمە قىلىنغان پۇشكىن، لېرمونتوف، ماياكوۋسكى، بايرون، ھېنرىخ ھېينى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلمىدى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ دۇنيا شېئىرىيىتىدىكى ئورنىغا سەل قارالدىمۇ، قانداق دېگەن چۈشەنچىنىڭ شەكىللىنىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ كىتابنىڭ يەنە بىر مەقسىتى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىش، شۇڭا ئەدەبىيات تارىخىدا شەكىللەنگەن خىلمۇخىل شېئىرىيەت ئېقىمىدىكى ۋەكىللىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇشقىمۇ بەلگىلىك كۈچ سەرپ قىلىندى. مەسىلەن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاننا ئاخماتوۋا، بورىس پاستېرناك، كونستانتىن سىمونوف، ئوسىپ ئەمىلېۋىچ ماندېلشتام، ساندبورگ قاتارلىقلار رېئالىزم ئېقىمىغا؛ ۋىلىيام بۇتلېر يېتىز، مارىئا رىلكې قاتارلىقلار ئېستېتىزم ئېقىمىغا؛ چارلىز بادلېر، توماس ئېلىئوت، ئالېكساندىر بلوك، ئېۋگېنىئو مونتالى، سالۋاتور كاشىمودو قاتارلىقلار سىمۋولىزم ئېقىمىغا؛ گارسىيا لوركا، جۇئان رامون جىمېنېز، پابلو نېرۇدا، گابرىئېلا مىسترال قاتارلىقلار يېڭى رومانتىزم ئېقىمىغا؛ رىچارد ئالدىڭتون، خىلدا دولىتتى قاتارلىقلار ئىماگىزم ئېقىمىغا؛ ژىئوم ئاپولېنىر، ساينت جون پېرس، پائول ئېلۇئارد، ئودىسسىئوس ئېلىتىس، ئوكتاۋىئو پاز قاتارلىقلار سۇررېئالىزم ئېقىمىغا؛ سىماس ھېينى، يېۋىس بوننفوي، سىلۋىيە پىلاس قاتارلىقلار كېيىنكى مودېرنىزم ئېقىمىغا تەۋە شائىرلاردۇر. بىز بۇلاردىن ئوخشاش بولمىغان ئېقىمدىكى شائىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ۋە مىللەتلەرنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشى، جۇغراپىيەلىك شارائىتى، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى، تىل ئادىتى ۋە پسىخىكىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ

ئەدەبىياتى، جۈملىدىن شېئىرىيىتىمۇ رەڭگارەڭلىككە ئىگە بولغان. مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىدىكى پەرق ۋە سەۋىيە تۆپەيلىدىن ئوقۇرمەنلەرمۇ ئوخشاش بولمىغان زوقلىنىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. لېكىن، شېئىرىي شەكىل ۋە ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئامىللار ياخشى شېئىردىن زوقلىنىش ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى قاتلىمىنى چۈشىنىشتىكى يەگىلى بولمايدىغان توسالغۇ بولالايدۇ، دەپ قارىمايمەن. بىز ئەنئەنىۋى زوقلىنىش ئادىتىمىزدىكى شېئىرىي پىكىرنى ئۇدۇلمۇئۇدۇل بايان قىلىشنى، شېئىردىن ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىپ بېرىشنى كۈتىدىغان «تەييارتاپ»لىقىمىزغا خاتىمە بېرىپ، شېئىردىكى سىمۋول، ئىما - ئىشارەتلەرگە يوشۇرۇنغان «سىر»لارنى ۋە شائىر بىزگە قالدۇرۇپ قويغان شېئىرىي بوشلۇقلارنى قېزىشقا ماھىر بولساقلا، «گۈڭگا» دەپ قارالغان شېئىرلارنىڭمۇ بەدىئىي مەنزىلى بىلەن ئورتاقلىشالايمىز.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى شېئىرىيەت ئېقىملىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى بىلىشمۇ بىزگە بۇ شېئىرلارنى چۈشىنىشتە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ئالايلۇق، رومانتىزمدىن تەۋەللۇت بولغان ئېستېتىزم تەسەۋۋۇر بىلەن تۇيغۇنى تەكىتلەيدۇ، بىراق سىياسىي مۇھاكىمە بىلەن ھەسرەت چېكىپ ئاھ ئۇرۇشنى ياقتۇرمايدۇ، نەزەرىيەۋى جەھەتتە سەنئەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە سەزگۈ گۈزەللىكىنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى جەمئىيەت تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ قالغان. سىمۋولىزمچىلار كائىناتتىكى گۈل - گىياھلار ئىنسانلارغا ئۇچۇر تارقىتىدىغان «سىمۋوللۇق ئورمان» دېمەكتۇر، ئىنسانلار جانلىق ماددىي ئوبرازلار ئارقىلىق نازۇك ئىچكى دۇنياسىدىن بېشارەت بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ شەخسىي تۇيغۇسىنى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى سۈرەتلەپ بېرىشنى، ماددىيلاشقان ئوبراز يارىتىشنى، بېشارەت، سېلىشتۇرۇش، تەمسىل ۋە باغلىما تەسەۋۋۇردىن

پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىماگىزمچىلار شەيئىلەرنى ئوبيېكتىپ، بىۋاسىتە ئىپادىلەشنى، ئىما ـ ئىشارەتلەرنى، يەنى ھېسسىي ئوبرازلارنى دەل، ئىخچام سۈرەتلەشنى، ئىپادىلەشكە پايدىسىز سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. سۇررېئالىزمچىلار بولسا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئادەمنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى بىردەكلىكنى بايقىشى لازىم، رېئال كۆرۈنۈشلەر رېئاللىقنىڭ ئۆزىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ، رېئاللىقتىن ھالقىغان «مۇئەييەن بىرىكمە شەكىل» مەۋجۇت، بۇ شەكىل شەيئىنىڭ ماھىيىتىگە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇ بولسىمۇ يوشۇرۇن ئاڭ ۋە چۈشتىن ئىبارەت، يوشۇرۇن ئاڭنى ئىپادىلىگەندە ئادەم ئۆزىنى تولۇق تونۇپ يېتەلەيدۇ، رېئال دۇنيانىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. قىسقىسى، سۇررېئالىزمچىلار ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قېزىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

مېنىڭ بۇ يەردە بىر قىسىم شېئىرىيەت ئېقىملىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشۈم ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ كىتابتىكى شېئىرلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىنى ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بەلكىم بۇنىڭ كۆپ ياردىمى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. لېكىن، ئاخىرقى مەقسىتىمىز — تەنقىد ۋە تۈزىتىشنى كۈتۈپ تۇرغان بۇ كىتاب ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە دۇنيا ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئاددىي كارتىنىسىنى سىزىپ بېرىش، شۇنداقلا شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆرنەك بولىدىغان قىممەت يارىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىشىنىمەنكى، ئەقىللىك ئوقۇرمەنلىرىمىز مەن كۆزلىگەندىنمۇ ئارتۇق ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيدۇ.

2003 ـ يىلى مارت

# مۇندەرىجە

(ئەنگلىيە)

ۋىلىيام ۋاردىز ۋارد ........................ 1
نىلۇپەر قەسىدىسى ........................ 1
تەنها ئورمچى ........................ 2
كاككۇك ........................ 4
تەرك ئېتىلگەن مۇھەببەت ........................ 5
رىچارد ئالدىڭتون ........................ 6
كەچقۇرۇن ........................ 6
كۆن ئولتۇرغاندا ........................ 7
دىلان توماس ........................ 8
يازنىڭ بالىسى بولماقتا گۇمران ........................ 8
توي خاتىرە كۈنى ........................ 11
ۋىلىيام بۇتلېر يېتىز ........................ 13
ۋىزانتىيەگە سەپەر ........................ 13
ياشانغىنىڭدا ........................ 15
كىم سىمس ........................ 17
پويىز ........................ 17
پائول ئىۋىنس ........................ 19
خىيال لىرىكىسى ........................ 19
لۇئىس ماك نېئىس ........................ 21
چىمەنزاردا قۇياشنىڭ نۇرى ........................ 21

تېدخنگخېس ........................ 23
يەتتە ھەسرەت ........................ 23

(ئىرېلاندىيە)
سىماس ھېينى ........................ 26
سۇ ئىچكەندە ........................ 27
ئەگىششى ........................ 27
شېئىر بۇلىقىم ........................ 28
شارقىراتما ........................ 29
باھار مەرسىيەسى ........................ 30
سۇدىكى پەرىزات ........................ 31
يوق ئىكەن بىزنىڭ بايلىقىمىز ........................ 31

(فىرانسىيە)
چارلىز بادلېر ........................ 33
قۇياش ........................ 33
خۇشال ـ خۇرام ئۆلۈش ........................ 34
ژىئوم ئاپولىنېر ........................ 36
مىراپو كۆۋرۈكى ........................ 36
كېسەلچان كۈز ........................ 37
رېين دەرياسىنىڭ كېچىسى ........................ 38
پائول ئېلۇئارد ........................ 40
خىيالىي تۇيغۇ ........................ 41
تۇنجۇقۇش ........................ 41
سۆيگەن يار ........................ 42
ئەركىنلىك ........................ 43

پائول ۋېرلىن ........................ 47
ئاي نۇرى ........................ 47
ئۆگزىدىكى شۇ ئاسمان ........................ 48
ساينت جون پېرس ........................ 49
مىسرالىرىم ........................ 49
ھېنرى مىشۇ ........................ 51
بەختسىزلىك ........................ 51
يېۋس بوننېفوي ........................ 53
قۇدۇق ........................ 53
چاقماق ........................ 54
قۇشلار ئاۋازى ........................ 55
بىر سادا ........................ 55
دەرەخ، چىراغ ........................ 56
بىلىپ قالسەن ........................ 57



(گېرمانىيە)

نېللى ساكس ........................ 58
بىلگۈم كېلەر ........................ 58
كېچە، كېچە ........................ 59
ئاھ، جېنىم ئانا ........................ 60
ئولتۇرسەن روجەك ئالدىدا ........................ 61
ھېرمان ھېسسې ........................ 63
تۇمان ئىچىدە ........................ 63

(ئىتالىيە)

ئېۋگېنىئو مونتالى ........................ 65
قويۇپ بەرگىن ئۇنى مەيلىگە ........................ 66

ئالامەت ............................. 66
سۇرتۇپ قوياي پېشانەڭدىن قىرووۋنى ............... 67
ھاياتتىكى رەزىللىك ................... 67
ياز كۈنى سەيلە قىلدىم چېڭقىچۇشتە ............... 68
ئېسىمگە چۈشتى خۇشناۋا كۆلكەڭ .................. 69
بىلمەيمىز ............................ 70
سالۋاتور كاشمودو ................ 71
خەت ............................ 71
لىمون دەرىخىدە سايرار سېغىزخان ............... 73
ساختا يېشىللىق ۋە چىن يېشىللىق ................ 74
قارلىق كېچە ............................ 75
قىش كېچىسى ............................ 76
قەبرە تەزكىرىسى بۇ بەلكىم .................. 77
دەرەخ ............................ 77
زېمىن ............................ 78
جەنۇب قايغۇسى ............................ 79
دېڭىز دولقۇنى ............................ 81
ئاق كۆڭلەك ............................ 82
تاڭ ............................ 83
گېئوسىپپى ئونگارىتتى ................... 84
كالسودىكى سان مارتىنو بازىرى ............... 84
سەرگەردان ............................ 85
كېچىدىكى قاراۋۇللۇق ...................... 86

(پورتۇگالىيە)
فېرناندو پېسسوئا ......................... 88
پورتۇگالىيە دېڭىزى ...................... 88

تەقدىرىڭگە ھەمدەم مەن ............................ 89
يېپىلماقتا كۆكۈم پەردىسى ............................ 90
ئاي نۇرىدا، يىراق دېڭىزدا ............................ 90
بەخت ئارىلى ............................ 91
يىراقتىكى ماياك ............................ 92
سۆيۈملۈكۈم، ئايرىلىپ سەندىن ............................ 92

(ئاۋستىرىيە)

رېنىر مارىئا رىلكې ............................ 94
كۆز كۆنلىرى ............................ 94
ياشلىقتىكى چۈش ............................ 95
ئېغىر كۈنلەردە ............................ 96
يىلپىز ............................ 97
ئايرىلىش ............................ 97
تۇيغۇ ............................ 98
پېتېر خاندىكې ............................ 99
تەتۈر دۇنيا ............................ 99

(گىرېتسىيە)

گېئورگى سېفېرس ............................ 103
بۇرۇلۇش نۇقتىسى ............................ 103
ھەسرەتلىك قىز ............................ 104
ئەسلىمە ............................ 105
ئودىسسىئوس ئېلىتىس ............................ 107

قەھرىمان مەرسىيەسى ........................... 107

(فىنلاندىيە)

ئېدىس سودېرگىران ........................... 124

سوۋۇماقتا كۈندۈز ........................... 125

كەچ كۆز ........................... 126

يۇلتۇزلۇق كېچە ........................... 127

تۈن لىرىكىسى ........................... 127

ئېۋامانا ........................... 129

سەھەر پەيتى ماگسام شۇ تامان ........................... 129

يالىغاچلاندى دەرەخلەر تامام ........................... 129

ب.كاپلان ........................... 131

تىنچا ........................... 131

(ئىسپانىيە)

گارسىيا لوركا ........................... 132

ئاتلىق كىشىنىڭ ناخشىسى ........................... 132

جۇئان رامون جىمېنز ........................... 134

تەنھالىق ........................... 134

كۆز لىرىكىسى ........................... 135

تۆتلىكلەر ........................... 136

(شۋېتسىيە)

توماس ترانسىتروم ........................... 137

قارا ئىسمىلىك كارتوچكىسى ........................... 137

لاسىس نۇرى ................................ 138
بۇ يول بەلكىم ................................ 138

(رۇسىيە)
ئالېكساندىر بىلوك ................................ 139
سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن قورقىمەن ................ 139
قوڭغۇراق ساداسى ئاڭلىنار يارقىن ................ 140
شۇنداق بۇ كېچە ................................ 140
كىرىپ كەلدىم غۇۋا چېركاۋغا ................ 141
پېتېربۇرگتا گۈگۈم پەيتى ياغماقتا قار ................ 142
ساڭا قاراپ كېلىمەن تەنھا ................ 143
غايىب بولدۇڭ تۇمان ئىچىدە ................ 143
يوللىرىمدا تۇرساڭ، ئەي سەنەم ................ 144
كۆز مەرسىيەسى ................................ 145
تاغ باغرىدا، ئورماندا ................................ 146
چاناقلاردا يېلىنجار شەپەق ................................ 147
سېرگېي يېسىنىن ................................ 148
تۇن پەردىسى يېيىلدى ................................ 148
كەلدىم مەن قوينۇڭغا ئانىجان يۇرتۇم ................ 149
ئېسىمدە بار ................................ 150
كەل، ئامرىقىم، سۆي مېنى ................................ 151
سۆيۈملۈكۈم، ئولتۇر يېنىمدا ................ 152
نادان يۈرەك، سوقما دۇپۇلدەپ ................ 154
دەرەخلەردىن تۆكۈلەر ياپراق ................ 155

سېير ........................................ 156
**بورىس پاستېرناك** ........................................ 158
كۆز ........................................ 158
قىش كېچىسى ........................................ 160
قالدۇق يىللار ........................................ 161
**ئوسىپ ئەمىلىيۋىچ ماندېلشتام** ........................................ 163
تېمىسىز ........................................ 163
قۇلۇلە ........................................ 164
تېمىسىز ........................................ 165
موسكۋادا ياغماقتا يامغۇر ........................................ 165
**ئاننا ئاندرېيېۋنا ئاخماتوۋا** ........................................ 167
ئىككى لىرىكا ........................................ 167
قۇياش تەپتى ئۆچتى دىللاردىن ........................................ 168
باھارنى كۈتۈش مەرسىيەسى ........................................ 169
شائىرنىڭ ئۆلۈمى ........................................ 169
**بېللا ئاخاتوۋنا ئاخمادۇلىنا** ........................................ 171
ئۈمىد كۈتمە مەندىن بىھۇدە ........................................ 171
ئاۋغۇست ........................................ 172
**كونستانتىن مىخايلوۋىچ سىمونوف** ........................................ 174
كۈتكىن مېنى ........................................ 174
**ئىۋان ئالېكسىيېۋىچ بۇنىن** ........................................ 176
چۈشمەكتە گۈگۈم ........................................ 176
تەنھالىق ........................................ 177

**(ئامېرىكا)**

**توماس ئېلليئوت** ........................................ 179
مۇقەددىمە ........................................ 179

دېرىزە ئالدىدىكى سەھەر مەنزىرىسى ............... 180
## كارىل ساندبۇرگ ........................ 181
بەلكىم ........................................ 181
تۇمان ........................................ 182
## دېنس لېۋنتوف ........................ 183
يېگانە ئادەم ........................... 183
## ئاننى سېكستون ........................ 184
يۇلتۇزلۇق كېچە ........................ 184
بويىدىن ئاجراش ........................ 185
## سلۋىيە پىلاس ........................ 187
كۆكۆلدىكى گەپ ........................ 187
چەت ........................................ 188
## خىلدا دولېتتى ........................ 190
سېنى سۆيمەيدۇ ........................ 190
## جوسف بىرودىسكى ........................ 192
سۇكۇتتە دېمىگىن شېئىر ئىلاھى ............ 192
شۇ ئادەم مەن ........................... 193
لېنىنگراد شەھەر ئەتىراپىدىكى يەھۇدىيلار
قەبرىستانلىقى ........................... 195
مۇھەببەت ........................................ 196
بېلىق ........................................ 198
لىرىكىلار ........................................ 199

(مېكسىكا)

## ئوكتاۋئو پاز ........................ 201

ئىنسان يىلتىزى ........................... 202
ئۇنتۇش ........................... 204
چىراغ ........................... 206
كېلىپ ـ كېتىش ........................... 207
بوران ........................... 208
ئوتىسكو ........................... 209
خارابە قەسىدىسى ........................... 211

(چىلى)
پابلو نېرۇدا ........................... 215
ئون تۆتىنچى لىرىكا ........................... 216
سېنىڭ كۆلكەڭ ........................... 217
چوپان ناخشىسى ........................... 219
چىۋىن ئۇچۇپ كىردى يىپىق ئېغىزغا ........................... 220
سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ ........................... 223
قول سائىتى قەسىدىسى ........................... 226
گابرىئېلا مىسترال ........................... 229
سەۋدالىق ........................... 229
كۆڭۈل ئىزھارى ........................... 231

(كانادا)
ماكور بۇلوك ........................... 233
پارىژدا يامغۇر ........................... 233

(ياپونىيە)
ئاتانىيۇتايا ........................... 234
سىمفونىيە ........................... 234

يىپەك يولى ........................ 235
قىشتىكى دالا ........................ 237
يوشىسوسى كوزو ........................ 238
يەكشەنبە كۈنى ........................ 238
فۇكۇناگا تاكېيىخىكو ........................ 239
ئوت ئارىلى ........................ 239

(ھىندونېزىيە)
ئىسمىر ........................ 240
كۆتۈش ........................ 240

(ھىندىستان)
رابىندرانات تاگور ........................ 242
خوشلىشىش ........................ 242
ئۇ قىرغاق ........................ 243
كىم ئۇ، ئۇيقۇنى كەتكەن ئوغرىلاپ ........................ 245
ھېسداشلىق ........................ 247
ئەڭ ئاخىرقى سودا ........................ 247
ساچىداناند ھىراناند ۋاتسىيان ئاگېيىي ........................ 249
گۈلدان ........................ 249
نىشان ........................ 249
ئويغانغان چاغ ........................ 250
تۈن قوينىدىكى سەھرا ........................ 250

(جۇڭگو)
ئەي چىڭ ........................ 251

قەلەم ھەققىدە ........................................ 251
شاراب ................................................ 253
ئەينەك ............................................... 254
**گاۋىيك** .............................................. 255
باھار بىلەن خوشلىشىش ............................. 255
**بېيى داۋ** ............................................ 258
جاۋاب ................................................ 258
يامغۇرلۇق كېچە ..................................... 260
ئەنئەنە ھەققىدە ...................................... 262
قىشقا سەپەر ......................................... 262
ئاقۋەت ۋە باشلىنىش ................................ 265
**شۇتىڭ** .............................................. 269
ھەممە ................................................. 269
قوش ماچتا ........................................... 271
ئىلاھە چوققىسى ..................................... 272
«؟!،» ................................................. 272
ئۆتكەن ئىشلار ...................................... 274
**گۇچېڭ** .............................................. 275
بىز ئىزدىدۇق بىر چىراغ ........................... 275
بىر ئەۋلاد كىشىلىرى ............................... 276
قار جىلۋىسى ......................................... 277
ئەتىياز كۇنۇم ....................................... 279
مەن بىر بەگباش بالا ............................... 280
بىلىۋالدىم كۆز يېشى نېمە ......................... 283
**خەيزى** .............................................. 285
ئالتۇن يايلاق ......................................... 285

قۇياش ۋە ياۋا گۈل ...................... 286
بۇغدايلىق ................................ 289
كۆز يېشى ................................ 292
ئىككى كەنت .............................. 293
شىمالدىكى ئورمان ....................... 294
قىزىلگۈل ................................ 295
كۆز ..................................... 296
كۆز كۆنلىرى ............................. 296
كۆز ..................................... 297
كۆز ئاخشىمى ............................. 297
چىراغ ................................... 299
ئەرەب قۇملۇقىدىكى مەھەللە ................ 300
خاتىرە .................................. 303
شىزالىڭ ................................. 303
يىراق ................................... 304
چىڭخەي كۆلى ............................. 305
ئاخىرقى كېچە بىلەن بىرىنچى كۈنگە يېزىلغان
شېئىر ................................... 306
كېچە ناخشىسى ............................ 307
كېچىدىكى ئاي ............................ 308
ئانامغا .................................. 309
لى تىك .................................. 312
قەشقەر، سۆيگۈ، ئاتا ...................... 312
كارۋان .................................. 314
ئىدىقۇتتا گۈگۈم .......................... 314

تىرىك تاش ........................................ 315
چۆلدىكى بوستان ............................... 317

## قوشۇمچە

پابلو نېرۇدانىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋېلىش
مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى ......................... 318
كاشىمودونىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋېلىش
مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى ......................... 331
بىرودىسكىنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋېلىش
مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى ......................... 337
شائىرلارنىڭ شېئىر ھەققىدە ئېيتقانلىرى ............ 349

## ۋىليام ۋاردىز ۋارد

*(1770 ــ 1850) ئەنگلىيە شائىرى، مەشھۇر تەبىئەت كۈيچىسى. ئۇ تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى مەدھىيىلەپلا قالماستىن، يەنە گۈزەل تەبىئەت قوينىدا ياشاۋاتقان ئاددىي خەلقنىمۇ مەدھىيىلەيدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەللىكنى ماھىرلىق بىلەن بايقىۋالالايدۇ. بۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئاساسلىق تېمىدىن بىرىنى شەكىللەندۈرگەن.*



### نىلۇپەر قەسىدىسى

مەن گوياكى ئۇچۇپ يۈرگەن تەنها بىر بۇلۇت،
ئېگىز ـ ئېگىز چوققىلاردا سىلكىپ ماۋۇق پەر.
ئېچىلىپتۇ پەسكە باقسام گۈللەر ھۇپپىدە،
زەر سۈيىنى ئېچكىنىدەك ئەنە نىلۇپەر.
ئېچىلىپتۇ كۆل بويىدا، شاخلاردا يەنە،
ساما سىلىپ شوخ شامالدا قىلىپ تەنتەنە.

جەم بولغاندەك جىمى يۇلتۇز سامانيولىغا،
كۆز چاقنىتار جۇلالىنىپ يارقىن شۇ قەدەر.
ئۇ يېيىلىپ بارار چەكسىز يىراق ـ يىراققا،
ئەگىم ـ ئەگىم ساھىل بويلاپ ئۇپۇققا قەدەر.

باقساڭ خۇشال ئۇسسۇل ئوينار لەرزان تولغىنىپ،
كۆز يەتكۈسىز كەڭلىكلەردە گۈلگۈن چېچەكلەر.

جىمىرلايدۇ تەڭگە چاچلىق كۆل سۈيى خۇشال،
نېلۇپەرنىڭ جۇلاسىغا بولغىنىچە لال.
كۆرۈپ شائىر بۇ ئاجايىپ تەڭكەش شادلىقنى،
هاياجانغا چۆمۈلمەيدۇ دەمسىز بىهايال.
يۈرىكىمنى چۇلغىماقتا ئاجايىپ هېسلار،
قېتىپ قالدىم ئاڭا بېقىپ سۈرگەنچە خىيال.

تەنهالىقنىڭ چۆللىرىنى كېزىپ پەرىشان،
ئۆتتى كۈنلەر، ئۆزۈم مىسكىن بولدۇم خىيالچان.
شۇ مەنزىرە چاقنار يەنە قەلبىم كۆكىدە،
هەسرىتىمنىڭ ئوتلىرىغا بولۇپ خىيابان.
نېلۇپەرنىڭ شوخ جۇلاسى قەلبىمدە يەنە،
خۇشاللىققا تويۇندۇرۇپ قىلار تەنتەنە.

## تەنها ئورمىچى

تۆپىلىكتە ياشقىنا بىر قىز
تۇرار تەنها ئېكىنزار ئارا.
ئېيتىڭلارچۇ، توختىسۇن بىرپەس،
ئورما ئورۇپ ئېيتار ئۇ ناخشا.
ئۇنچىلەرنى باغلايدۇ ئۆزى
ناخشىسىدا ئەلەملىك ندا.
سىڭىپ چوڭقۇر تاغلار ئىچىگە
جىلغىلاردىن قايتىدۇ سادا.

قاغجىرىغان ئەرەب چۆللۈكى،
مۈخ يېنىدا هارغىن بىر سەييياھ.
مۈك تۆكمەكتە بۈلبۈل تىلىدىن،
كىمنىڭ قەلبى ئېرىدىكىن، ئاھ؟
يىراقتىكى مىسكىن ئارالغا
كاككۇك ئۈنى ئەكەلدى باھار،
غەملىرىنى يۇدى دېڭىزنىڭ،
شۇ بىر ناخشا دىلنى ئويىنتار.
نېمىلەرنى كۈيلەر شۇ ناخشا؟
ئۆتمۈشتىكى ھەسرەتنىمۇ يا؟
بار ئۈنىڭدا ئۈنتۇلغان جەڭگاھ
ۋە يۈرەكنى تىلغىغان يارا.
بەلكىم شۇنداق ئاددىي ناخشا بۇ،
سىڭىپ كەتكەن ھەربىر قۇلاققا.
ئېيتىلغان ئۇ، ئېيتىلار يەنە
چىدىمساڭ ئاچچىق ئازابقا.

قىز كۈيلەيدۇ، كۈيلەيدۇ ئەركىن،
كۈيلىرى ھېچ پۈتمەيدۇ بىراق.
كۆردۈم ئەنە، ناخشىسى بىلەن
سول يارىدۇ، قولىدا ئورغاق.
كۈيلىرىگە مەھلىيا بولۇپ،
تۆپىلىككە چىقتىم مەن ئاستا.
جىمىپ قالدى ناخشىسى، بىراق
يۈرىكىمدە قالدى بىر سادا.

# كاككۇك

خۇشاللىقنىڭ ئەلچىسى سەن، كەلدىڭ قايانىدىن،
ناخشاڭ ئاڭلاپ يۈرىكىمنى چۇلغىدى شادلىق.
جېنىم كاككۇك، سېنى بىر قۇش دەيمۇ، يا ناخشا —
جاراڭلىغان ھەر يان كېزىپ خۇددى قاناتلىق.

چىمەنلىكتە يېتىپ ساڭا سالىمەن قۇلاق،
زەينىپىڭنى قىچقىرىسەن ئوتلۇق پىراقتا.
سادالىرىڭ توقايلارنى ماكان ئەتكەندەك
ئاڭلىنىدۇ گاھى يېقىن، گاھى يىراقتا.

تىنىقىڭدا كۆيلىنىدۇ قۇياش ۋە چېچەك،
سىر تۆكسەن خىلۋەت جىلغا ئېتەكلىرىگە.
ئەسكە سېلىپ ئۆتكەن تالاي ئەسلىمىلەرنى،
ئېلىپ كىردىڭ يۈرىكىمنىڭ گىرۋەكلىرىگە.

كەل، مەرھابا، نەۋباھارنىڭ ئوماق ئەركىسى،
سېنى قانداق قۇش دەپ ئاتاي،
سەن سىرلىق ناۋا.
كۆكۈللەرنىڭ ئاسمىنىدا گۈڭگا پەرۋازىڭ،
كۆيلەشلىرىڭ تاشلار بىزگە كۆرمىڭ مۇئەمما.

ئېسىمدىدۇر مەكتەپ تامان ماڭغان چاغلاردا،
كۆيلىرىڭگە ئاشىقلارچە بولغان مەھلىيا.
سېنى ئىزدەپ كۆككە بېقىپ تالاي ۋە تالاي،
مەجنۇنلاردەك كەزگەنىدىم ئورمانلار ئارا.

قالمىدى مەن كەزمىگەن تاغ، چىمەنلەر، باغلار،
ۋىسالىڭغا يەتمەك ئۈچۈن بولۇپ سەكپارە.

سىنى پەقەت ئۈمىد دېدىم، مۇھەببەت دېدىم،
تاپالمىدىم، يۈرەكلىرىم بولدى مىڭ پارە.

كۆككە بېقىپ دالا ئۈززە ياتىمەن مانا،
قۇلىقىمدا ياڭرار ئاشۇ مۇڭلۇق كۈيلىرىڭ.
ئېلىپ كېتەر مېنى گويا ئالتۇن چاغلارغا،
يۈرىكىمگە ئېقىپ كىردى سەرخۇش ئۈنلىرىڭ.

كاككۇك، كاككۇك، سەن بەختكە هامىي هەرقاچان،
ئېلىپ كەلدىڭ كائىناتقا يېڭى قىياپەت.
ئالەم گويا سېھرىلەنگەن گىرىمسەن ئارال،
ماكانىڭ ئۇ، تەرك ئەتمە ئۈنى تائەبەد !

## تەرك ئېتىلگەن مۇھەببەت

ئۈنىڭ ئۆيى بۇلاق بويىدا،
تارام ـ تارام يوللار ئادەمسىز.
سۆيۈلمىگەن،
تەرىپلەرگىمۇ
ئېرىشەلمەي ئۆتكەن شۇ بىر قىز.

بىنەپشە گۈل مۇخلار ئىچىدە،
نىگاهلاردىن قالدى بېگانە.
تولۇن ئايغا يۇلتۇزلار زىننەت،
شۇ بىر چولپان چاقنار يېگانە.

قاچان كېلىپ كەتتى دۇنيادىن،
بىلگىنى يوق ئۇنى هېچ ئادەم.
قەبرىسىدە ياتار بىچارە،
مەن ئۈچۈن، ئاھ، يېرىلدى ئالەم.

## رىچارد ئالدىڭتون

*ئەنگلىيەدە ئادۋوكات (1892 — 1962) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ ناھايىتى ياش ۋاقتىدا تۇنجى شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان، ئۇ سەككىز ياش ۋاقتىدا شېئىرىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي يوسۇندا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان، 1913 ـ يىلى ئامېرىكىلىق شائىرە خىلدا دولىيتتى بىلەن توي قىلىپ، ئىماگىزم ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان، 1914 ـ يىلىدىن 1918 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان «قەھرىماننىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن رومانى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ناھايىتى ياخشى بازار تاپقان. ئۇنىڭ «لىيۇكسىمبۇرگنىڭ چۈشى» ناملىق مەشھۇر شېئىرلار توپلىمى 20 ـ يىللاردا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن.*



### كەچقۇرۇن

تۇرخۇنلار قاتار ـ قاتار
سۇزۇك كۆكنى تۇرىدۇ تىرەپ.
تولۇن ئاي

بەللىرىگە پايتىما ئوراپ
نازلىنىدۇ تۇرخۇنلار ئارا
سۇلكىتى يوق ۋىناستەك تىترەپ.

ئاشخانىنىڭ يوچۇقلىرىدىن
تۇرىمەن ئاڭا ھاياسىز قاراپ.

## كۈن ئولتۇرغاندا

ئاپپاق تېنى گۇگۇمنىڭ
يىرتىلماقتا قانغا بويۇلۇپ،
تىلىنىپ، تېشىلىپ، كۆيۈپ ئۆرتىنىپ
قىپقىزىل بولۇپ.

مەسخىرە قىلغاندەك
تۇمانلار ئىچرە
گۈللەرنىڭ بەرگىدە تۇرار ئېسىلىپ.
سوڭرە شامال كەلدى لوندوندىن
فالانتوستىن قاڭسىق تەم ئېلىپ.

## دىلان توماس

(1914 ــ 1953) كىشىلەر تەرىپىدىن «غالجىر دىلان» دەپ ئاتالغان توماس ئەنگلىيەدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئوتتۇرا بۇرژۇئا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدە ناھايىتى ئويۇنچى بولۇپ، كېيىن ھاراقكەش، بەڭگە بولۇپ كەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق ياشىيالمايدىغانلىقىنى بالدۇرلا ھېس قىلىپ، «تەخىرسىز دىلان» بولۇش ئىرادىسىگە كەلگەن. ئۇنىڭ ئون توققۇز ياش ۋاقتىدا ئېلان قىلىنغان تۇنجى شېئىرلار توپلىمى شېئىرىيەت ساھەسىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان، ئىككى يىلدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان شېئىرلار توپلىمى نۇرغۇن داڭلىق شائىرلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. 1946 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۆلۈم ۋە مەردۇ مەردان» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن ئەنگلىيەدىكى بۈيۈك شائىرلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.



### يازنىڭ بالىسى بولماقتا گۇمران

**1**

يازنىڭ بالىسى بولماقتا گۇمران،
ئالتۇن ۋادىلار ئۆچتى چۆلسىمان،

مول هوسۇلغا قالمىدى ماكان،
سەرەتاندا توڭلىدى جاھان،
مۇزلىغان سۆيگۈنى ئېلىپ كەتتى قىش،
يازنىڭ تەپتىنى ئۆرتىگەن قىزلار
ئالمىلىق باغلارنى ئەيلىدى خازان.

نۇر بالىسى، ئەي، ئەزىمەتلەر
قوچۇيدۇ ھەرنىڭ قايناشلىرىنى،
قىروۋ چۈشكەن بولكا دەرىخى
ئۈزىتار ھەرىگە بارماقلىرىنى؛
نۇر ئىچرە توقۇيدۇ نىېرۋىلىرىغا
ئېزىققان كېچىنىڭ سوغۇقلىرىنى.
پايانسىز بوشلۇقنىڭ نۆل توچكىسىدا
كۆرسىتەر تولۇن ئاي زىناقلىرىنى.



كۆردۈم، يازنىڭ ئەركە بالىسى
تېپچەكلەپ يىرتماقتا بالىياتقۇنى،
چىمچىلاق قولىدا تاشلىدى ئايرىپ
كۈندۈز ۋە تۈننى.
ھىلال ئاي قوينىدا، نۇر سايىسىدا
ئانىنىڭ ھۆسنىگە يايىدۇ شەلپەر
ماڭلىيىن ئۆپكەندە قۇياش يالقۇنى.

كۆردۈم ئۇرۇقلارنىڭ ئۆزگىرىشىدە
بولۇمسىز ئەر بولۇپ ئاشۇ باللار
ۋە ياكى تىنچىقتا ھاۋانى بۇلغار؛
ۋە ياكى پارتلاپ بوغۇزلىرىدىن
سۆيگۈ ۋە نۇر بولۇپ يۇلقۇنۇپ چىقار،
مۇز ئىچرە ھەي، ئەنە ياز تەپتى قاينار.

2

پەسللەر كۆتۈۋالار خىرىسنى ھامان،
غۇلاش دەملىرىدىن قېلىشقا ئامان.
ئۆلگۈرۈپ كەلگەندەك ئۆلۈم تەقدىرى،
چىللىساق سامادا كۈلدى ئاي - چولپان.
پاتار تۈن قوينىدا قىش ئەركەكلىرى
قاپقارا تىلىدىن پۈركۈپ سائەتنى.
سوقسمۇ گۈركىرەپ پەسل شاملى
قايتماس تۈن، تولۇن ئاي ئوينىغان ئاسمان.

بىز زۇلمەت كېچىنىڭ ئاسىيلىرىمىز،
يازنىڭ قىز جىسمىدىن چىللايمىز ئۆلۈم؛
ئاشقلار تېنىدىن چىللايمىز ھايات؛
دېڭىزنى چايقىغان ئۆلۈم تېنىدىن
چىللايمىز نۇرانە كۆزلۈك ھاشارات؛
چىللايمىز نەسىللىك باليانقۇدىن،
قارانچۇق ئادەملەر چىقىرار قانات.

پىرقىرار شامالدا يازنىڭ بالىسى،
گوياكى دېڭىزنىڭ يېشىل چۆپلىرى
شاۋقۇنلۇق دېڭىزنى كۆتۈرۈپ ئېگىز
بۇژغۇنلار ئەۋجىدە ئۇچۇرار كەپتەر،
دولقۇنلار تىلىدا قۇملۇق نالىسى
سەھرالار بېغىنى سۆيەر چىمەنلەر.

ماڭلايغا چىرماشتى دۇب دەرەخلىرى
ئۇرغۇدى قانلارمۇ، مانا بۇ باھار،

شادلىقنىڭ سۆلەتۋاز بەگزادىلىرى
مىخلاندى دەرەخكە،
سۆيگۈ تېنىدىن
شەبنەملەر قۇرۇدى، ئۆلدى بىمادار.
سۆيگۈسىز تىلەكلەر قالدى چاكىلداپ،
نە قىلار ياز ئوغلى، ھەي، بۇ قەسەمكار.

3

يازنىڭ بالىسى بولماقتا گۇمران،
خىيال چۆللىرىدە كېزەر ئىنسانلار.
باللار يانچۇقى تولدى نىمەتكە،
داداڭدەك ئادەم مەن، ئىگە ھۆرمەتكە.
چاقماق ۋە ئاسفالت ئوغۇللىرى بىز،
سۆيۈشەر بىز ئۆتسەك ھەتتا تۇۋرۇكلەر،
كىم ئويلاپ يېتىپتۇ، باق بۇ قىسمەتكە.

## توي خاتىرە كۈنى

ئاددىيلا توي خاتىرە كۈنى
يېرتىلدى ئاسمان،
ھەمدەم بولۇپ ئۆتكەن ئۈچ يىلدا
تېڭىرقاپ يۈرۈشتى قەسەم يولىدا.

مۇھەببەتتىن قالمىدى ئىزنا،
سۆيگۈ
كېسەل كەبى كىشەندە يىغلار،
پەرياد ئاڭلىنار ۋولقان ئاغزىدىن،
قارا بۇلۇتتەك

ئۆلۈم ئۇلارنىڭ ئىشكىن قاقار.
خاتا ياغدى يامغۇر، كېچىكتى ئۇلار
بىر دارغا ئېسىلدى ـ يۇ، مېھرى ئايرىلدى.
روجەكلەر ئۇلارنىڭ كۆكسىگە پاتتى،
ئىشكلەر ئوت بولۇپ كۆيدى بېشىدا.

## ۋىليام بۇتلېر يېتىز

*(1865 ــ 1939) ئەنگلىيەنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر لىرىك شائىرى، دىراماتورگى، 1923 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئىرېلاندىيەنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھازىرقى زامان ئەنگلىيە شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. «ئاچا يول»، «قىزىلگۈل»، «قومۇشزارلىقتا شامال»، «ئورمانلىقتا»، «مەسئۇلىيەت»، «ئاخىرقى توپلام»، «ياۋا ئاق قۇ»، «ئابىدە» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى بار.*

## ۋىزانتىيەگە سەپەر

**1**

قېرىلارغا ئۇندا يوق ئورۇن،
ياشلار يۇرەر سۆيۈشۈپ قىزغىن.
ئەسلىگەندەك زەئىپ كۆنلەرنى،
قۇشلار شاختا سايرايدۇ غەمكىن.
شارقىراتما، زەڭگەر رەڭ دېڭىز،
جاندارلارغا جەننەت بۇ ماكان.

كۆيلەپ چىقار ياز بويى قۇشلار،
هايات ـ مامات ئېتىدۇ داۋام.
ئەسىر ئۇلار شەھۋەت كۈيىگە،
پەسەنت قىلماس ئەقىل سۆيىگە.

2

بىراك مالغا ئوخشاش قېرىلار ـــ
تون يېپىنغان هاسا تاياققا.
جۇلدۇر كېپەن ئالەمنى كۆيلەپ
مىسكىن دىللار قاتار قوشاققا.
كىم نامايان قىلماس دۇنيادا
شانلىق ئەشئارىنى ئۆزگىگە.
كېچىپ دېڭىز ـ ئوكيانلارنى مەن
كەلدىم بۈيۈك ۋىزانتىيەگە.

3

ئوتتا كۆيگەن ئاھ، شۇ بەندىلەر
نەقشلەنگەن تاملاردا ئايان[1].
چىق شۇ ئوتتىن، چەرخنى پىرقىرات[2]،
روھ كۈيۈمگە بولغىن پىركالان.
گۇمران بولسۇن شەھۋەت ئىستىكىم،
ئۇنتۇپ كېتەي تەبىئەتىمنى.

---

① چىركاۋ تېمىغا نەقشلەنگەن بەندىلەرنىڭ ئىلاھىي ئوتتا كۆيۈۋاتقان رەسمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② تارىخنى كۆرسەتمەكچى.

ياشاي ئەبەد، نەپس بۇيۇمغا
ئايلاندۇرسۇن كاسپلار مېنى[①].

4

تەبىئەتتىن ھالقسام ئەگەر،
زىنھار ئۇندىن ئالمايمەن ئەندىز.
زەر يالاتقان تۇتىقۇش قىلىپ
سوقسۇن مېنى يۇنانلىق زەرگەر.
غەپلەتتىكى شاھلار ئويغانسۇن،
ئالتۇن شاختا ئېيتاي ناخشامنى[②].
ۋىزانتىيەلىك ئېسىلزادىلەر
تىڭشىسۇن بۈگۈن، ئەتە ئاخشامنى.

## ياشانغىنىمدا

چاچ ئاقىرىپ، بەل مۈكچىيىپ ياشانغىنىمدا
مەش يېنىدا ئوقۇغىن بۇ شېئىرنى ئېلىپ.
ئوقۇ، ئۇندىن نازاكەتلىك قىران چاغلارنى،
چۈشسۇن دەردلىك غەمكىن ھېسلار كۆزۈڭدىن ئېرىپ.

ياشلىقىڭدا ئاشىق بولغان ساڭا قانچىلار،
سۆيمەن دەپ گۈزەل چېھرىڭ، قامىتىڭنى ھەم.

---

① يېتىز سۈنئىي نەرسىلەر (ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى)، ئەقلىي نەرسىلەر (پەلسەپە، شېئىر) مەڭگۈلۈك بولىدۇ، تەبىئىي ئۆسكەن نەرسىلەر (جانلىقلار) ۋاقىتلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

② قەدىمكى گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىدىكى ئالتۇندىن قۇيغان دەرەختە قۇشـقاچلارنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقان كۆرۈنۈشى بولاتتى.

پەقەت بىراۋ سۆيگەندى شۇ پاك روھىڭنى،
قورۇق باسقان چىرايىڭنى، ھەسرىتىڭنى ھەم.

ئوت كۆيدۇ مەشتە، ئاڭا غەمكىن باقسەن،
ئاھ ئۇرسەن ئوتلۇق سۆيگۈ كەتتى دەپ قايان.
سىڭىپ كەتتى توقايلارغا، چوققىلارغا ئۇ،
يوشۇردى كەڭ قوينىغا ھەم يۇلتۇزلۇق ئاسمان.

## كىم سىمىس

1938 - يىلى تۇغۇلغان. ئەنگلىيەدە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى، مۇھەررىر، دىكتور بولغان، ھازىر ئامېرىكىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ھېسسىي تۇيغۇلار ئۆزگىچە، قۇرۇلمىسى پۇختا، تىلى يەڭگىل، ئىما - ئىشارىلىرى ھالقىما رېئاللىق تۇسىگە ئىگە.



### پويىز

تۈن قوينىدا
بايرىقىنى چىڭ سىقىمداپ
ئولتۇرىدۇ ھەر كىشى تەنھا،

ئۆلۈمدىلا
ئەمەس خىيالىم،
يامراپ كەتتى كېسەللىك ھەر يان،
غايىب بولدى سېھرگەر مانا.

ئالقىنىمدا يېپىلىپ ياتار
مېنىڭ يىگىرمە ئالتە ياشلىقىم.
ئارگىنالسىز قالغاندا ناتىق،

كونسېرت ئۈزۈلۈپ قالغاندا بىردىن،
جىمجىتلىقنى كۈتمەن يانا،
بالامنى ئېلىپ كىرمەك بولىمەن
يەر ئاستىدىن يۇندى يولىغا،
ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ شەھەرنى
پارتلايدۇ جىمىكى روجەك،
ئېچىلار ئۇ بولۇپ مىڭ چېچەك،
ئېلىپ كېتەر پەشتاقتىن سۈتنى
كېچىدىكى ئاشۇ سېكىلەك.
گۈگۈم قويىندا قىيسىيىپ ياتار
نىمجان تۇرقىدا يالغۇز ئاق تېرەك.
كۆمۈلۈپ قالار چاڭ - توزانلارغا
قىيالارغا، سازلىقلارغا ھەم
كائىناتنىڭ بىساتلىرىمۇ.
دومىلايدۇ جىمجىتلىق ئارا
لەپىلدەتكەن گاز ياغلىقنى —
زېرىكىش بىر پويىزدۇر گويا.

## پائول ئۆنس

*1945 - يىلى تۇغۇلغان، ئەنگلىيەنىڭ يېڭى دەۋر شائىرلىرىنىڭ بىرى. شېئىرلىرى سىرلىق چۈش تۇسىغا ئىگە بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭدىكى ھەم روشەن، ھەم گۇڭگا جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ھېسسىي ئوبرازلاردىن يېڭىچە مەنىلەرنى ھېس قىلالايدۇ.*

### خىيال لىرىكىسى

رەڭلەر ئۇچۇن چاچلىرىڭ ئۇۋا،
بىر تۇپ دەرەخ ئېسىلىپ ياتار
كەينىڭدىكى ئېگىز سامادا.
ھەيرانمەن بۇندا،
كۆز ئالدىڭدىن ئۇچقان بۇلۇتلار
يېڭى چىققان دىيالېكت گويا.

«شېئىرنى سۆيىمەن ئۇيقۇدەك» دەيسەن
قاتار تىزىلىپ تۇرىدۇ پوستلار،
ئەدەپ بىلەن تىمساھمۇ شۇ كۈن
يورۇقلۇقتا يۈزۈڭنى سۈرتكەن.
قىلىقلىرىڭدىن سۆيمەيمۇ سېنى؟
تېرىپ ئالدىم يەردىن بىر باغاق،

«سائەت ئىككىدە مېنى ساقلىغىن»
دەپسەن، تاقىتىم ئۈزۈلدى شۇنداق.

ئەنگلىيەنىڭ كەچقۇرۇنى بۇ،
سىغىندۇردى ئانا يۇرتۇمنى
چۈشۈمدىكى بوغۇق قوڭغۇراق
مەن ھامان ئويغاق،
شاھى تون كىيىپ قايتىمەن ھامان.
چىشلىرىنى چىشلىشەر ئۇلار
قىزىل رەڭگە كىردى سۇ تامام.

## لۇئىس ماك نېئىس

*(1907 ــ 1963) ئەنگلىيەنىڭ مەشھۇر ھازىرقى زامان لىرىك شائىرى، دەسلەپتە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان، كېيىن ئەنگلىيە رادىيو شىركىتىدە ئىشلىگەن. ئۇ ئەنگلىيەدە ئاۋدىندىن كېيىنكى ئەڭ مەشھۇر شائىر دەپ قارالماقتا.*

### چىمەنزاردا قۇياشنىڭ نۇرى

چىمەنزاردا قۇياشنىڭ نۇرى
ئاستا ـ ئاستا سوۋۇدى، قاتتى،
تۇتالمايمىز ئالتۇن تور بىلەن،
دەقىقىلەر بىر ـ بىرلەپ قاچتى،
ئىزاھلىنىپ بولدى ھەممە ئىش،
ئەپۇ ئۇچۇن قالمىدى پۇرسەت.

ھۆرلۈكمىز ھۆرلۈك ئوقىدەك
ئۇچۇپ كەتتى يىراق نىشانغا؛
قىستاپ كەلدى زېمىن،
شېئىرلار،
قۇشلار چۇشۇپ كەتتى تۇپراققا؛
جېنىم دوستۇم، قالمىدى ۋاقىت
ساما سىلىپ ئۇسسۇل ئويناشقا.

پەرۋاز ئۈچۈن ئاسمان يارالغان،
چېركاۋنى تاشلاپ چىققان سادالار
قارا گۈدۈك ھەر يان تاراتقان
ھەربىر مۇدھىش رەزىل مەنالار؛
زېمىن قىستاپ كېلىدۇ تىنماي،
ئۆلەر بولدۇق، بۇ ئالەم قالار.

ئەپۇنىمۇ كۈتمەيمىز زىنھار،
پۈچىلاندى، چاك كەتتى دىللار.
مەيلى چاقماق، مەيلى يامغۇردا
سىنىك بىلەن بولاي بىللە يار.
چۈنكى قايناق ھېسلارغا تولۇپ
كۆن نۇرىدا كۆلدى چىمەنزار.

## تېدخىگخېس

*(1930 — ) ئەنگلىيەنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر شائىرى. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنى ماھىيىتىدىن يېشىپ بېرىشكە ماھىر بولۇپ، تەبىئەتتىكى چۆل - جەزىرە، رەھىمسىزلىك، زوراۋانلىق ۋە ئۆلۈم تۇغرىسىدا كۆپرەك قەلەم تەۋرەتكەچكە «تەبىئەت شائىرى» دەپ نام ئالغان. ئۇ 1957 - يىلى نەشر قىلىنغان «يامغۇردىكى لاچىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ، ئەنگلىيەدىكى ئەڭ خاسلىققا ئىگە مەشھۇر شائىر بولۇپ قالغان. 1984 - يىلى ئۇ تاجدار شائىر دېگەن نامغا ئېرىشكەن.*



### يەتتە ھەسرەت

كۈزنىڭ تۇنجى ھەسرىتى —
باغلار بىلەن خوشلاشتى چېچەك
بويۇن قىسىپ كۈكۈم قويندا
بىغىر رەڭ كۈز تۇرار يېتىمدەك
كۆزى قىيماس كېتىپ قالغىلى
ياپرىقىدىن ئايرىلغان پىلەك.
ئىككىنچى ھەسرەت

قىرغاۋۇللار پۇتى باغلانغان
ئىسقىلىق تۇرار بىر تال قارماققا.
ئورمانلارنىڭ زەر رەڭ شولىسى
ئەكس ئېتەر قاناتلىرىدا
بىراق چۈشۈپ قالغان قاماققا.

ئۈچىنچى ھەسرەت
خەيرلەشتى قۇياشمۇ ئاستا
چىللاپ كەلدى ھارغىن قۇشلارنى
گۇگۇم قوينىدا —
ئالتۇن رەڭگە كۆمۈلگەن
مۇقەددەس سىيما.

تۆتىنچى ھەسرەت
قارا سىياھتەك ئۆڭدى كۆلچەكلەر
گۇمران بولدى سۇ قەلئەلىرى —
قوڭغۇزلارنىڭ قەسىر - ئوردىسى
يىڭناغۇچنىڭ قەبرىگاھلىرى.

بەشىنچى ھەسرەت
ئاستا - ئاستا خوشلاشتى ئورمان
خىيابانلار چۈۋۈلدى جىمجىت
ھاسا كەبى ئاقلاندى غوللار
يوپۇرماقلار تىترەر سارغىيىپ
بىلىندۇرمەي ئۇ كەتتى قايان؟

ئالتىنچى ھەسرەت
تۈلكىلەرنىڭ ھەسرىتى
ئوۋچىنىڭ ھەم ئوۋ ئىتىنىڭ شادلىقى،

تىپىرلايدۇ جان ھەلقۇمدا
زىمىن ئاڭلار ئاھۇ نالىسىن
كىتىپ قالار كۆز ئوچۇق پىتى.

يەتتىنچى ھەسرەت
سۈرمە، لاكلار ئۆچتى لەۋلەردىن
قورۇق باسقان مىسكىن چىھرلەر
يىراقلارغا باقار روجەكتىن
يىللار ئۆزاپ كەتتى قول سىلىپ
تارقىغاندەك سەھرا بازىرى
ياتار جاھان رەتسىز، چىچىلىپ.

## سىماس ھىينى

*1939 ـ يىلى شىمالىي ئىرېلاندىيەدە دېھقان ئا ـ ئىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1966 ـ يىلى نەشر قى ـ لىنغان «ناتورالىستنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن بىردىنلا داڭق چىقارغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ «زۇلمەتكە تۇتاشقان ئىشىك»، «قەھرىتان قىشنى ئۆتكۈزۈش»، «شىمال»، «ئېتىز ئىشلىرى» قا ـ تارلىق شېئىر توپلاملىرى ئېلان قىلىنىپ، كۆپ خىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھەمدە يېتىزدىن كې ـ يىنكى ئەڭ بۈيۈك ئىرېلاندىيە شائىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ھېينى ئۆز تەجرىبىسىنى يىپ ئۇچى قى ـ لىپ، جەمەتى ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ تارىخى ئۇستىدە ئىزدەنگەن. ئىجادىيىتىدە سەھرا تەبىئىتىنى مەنبە قىلغان ھاياتىي كۈچىنى ئىنگلىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەن ـ ئەنىۋى ماھارەتلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرگەن. «ئۇنىڭ ئەسەرلىرى لىرىك، نەپىس گۈزەللىككە ۋە ئېتىكىلىق چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى مۆجىزىلەر ۋە كەچمىشلەرنى بىر پەللە يۈكسەلدۈر ـ گەن»لىكى ئۈچۈن، 1995 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.*

## سۇ ئىچكەندە

گۇگۇمدىكى شەپەرەڭدەك لەپىلدەپ روھسىز
ھەر سەھەردە سۇ ئالغىلى كېلەر بىر چوكان.
كۆكيۆتەلدەك چىڭقىلدىغۇ ناسوس تىنىمسىز،
سۇ توشقانچە چېلەكتىمۇ پەسلەيدۇ زۇۋان.

ئۇندا چوكان،
يەلپۈنىدۇ كۆل رەڭ كۆڭلىكى،
سىرى چۈشكەن چوقۇر بولۇپ ئاپپاق چېلىكى.
چاقىرغاندا ئۇنى شۇنچە يېقىمسىز ئۈنىڭ،
نالە قىلىپ ئىڭرىغاندەك سۇ چاقپېلىكى.

ئەسكە چۈشتى شۇ كېچىلەر،
تاغقا قونغان ئاي.
شولىسىدا جىمىرلايدۇ ئۇستاكاندا چاي.
ئوتلىغىلى تەگكۈزدۈم لەۋ سوزۇپ بىتاقەت،
ئۇستاكانغا پۈتۈلمىش بىر ئوتلۇق دالالەت،
شۈرلىدىم، شەپقەتچىنى ئۇنتۇما پەقەت.

## ئەگىشىش

يەر ھەيدەيدۇ ئاتام قوشۇپ تورۇق ئات،
كۆپچۈپ چىققان بىلەكلىرى يەلكەندەك.
قوشنى سۆرەر تىرەجەپ ئۇ جانىۋار،
تام ياقىلاپ ئاتام ئېيتقان كۈي مۇڭ بەك.

چېۋەرلىكتە قىل سىغمايدۇ، ساپاننىڭ
پولات تىغى يالتىرايدۇ ۋاشىلداپ.

يېشىل تۇپراق ئۆرۈلدۇ قايماقتەك،
قىر بېشىدا توختايدۇ ئات پۇشۇلداپ.

سىڭار كۆزنى قىسىپ ئاتام ئېتىزغا
زەن سالىدۇ يېرىم قىيپاش ھالەتتە.
قايتار يەنە قارا تەرگە چۆمگەن ئات،
ئاغدۇرۇلغان يەر بىر كەشتە، ئەلۋەتتە!

مەن كېلىمەن چېلەك سوغىدىشىپ ئاتامغا،
سەنتۈرۈلۈپ، چۆپلۈكلەرگە يىقىلىپ.
ھاپاش قىلىپ ئالار گاھى ئۇ مېنى،
بارىمىز تەك ئېگىز - تۆۋەن چايقىلىپ.

ئىنتىلەتتىم تېزرەك كۈچكە تولسام دەپ،
بىر كۆزۈمنى قىسسام، يەرمۇ ئاغدۇرسام...
ئەپسۇس، ئۇنىڭ سايىسىلا بوپ قالدىم،
كاشكى، ئېتىز ئىشىغا بىر يارىسام.

بولۇمسىز مەن، پالاكەتمەن، دائىما
يىقىلىمەن نالە - پەرياد كۆتۈرۈپ.
ئەمدى دادام يۇرەر ماڭا ئەگىشىپ،
مەن يىقىلسام ئۇمۇ تەڭلا مۆدۈرۈپ.

## شېئىر بولىقىم

بالىلىقتا ئۇلار مېنى كەتكۈزەلمىگەن
چېلەك ھەم سۇ ناسوسى بار قۇدۇق يېنىدىن.
مەن سۆيەتتىم قاپقاراڭغۇ قۇدۇقنى —
ئۇندا بەند قىلىنغان قۇياشنى، چىمەنلەرنى،
شەبنەم قونغان مۇخلارنى

سەبىي دىلىمدىن.
ئەسكى شامالدا يېپىلغان ئاغزى
خىشتا قوپۇرۇلغان كونا قۇدۇقنىڭ،
ئارقاندا تاشلانغان چېلەك ساداسى
بېرەتتى مەن ئۈچۈن ئاجايىپ لەززەت.
تېرەن ئىدى قۇدۇق شۇ قەدەر،
كۆرەلمەيتتىڭ سايەڭنى پەقەت.

گاھى قۇدۇقلاردىن قايتاتتى سادا
پاك كۆيلىرى تەڭكەش بوپ ساڭا،
گاھىلىرى ۋەھىملىك ھەم سۇرلۇك.
چاتقاللىقتىن چاشقان چىقىپ تالاي رەت
تىرىك قىيامەتنى كۆرسەتكەن ماڭا.

پاتقاق كېچىپ، يىلتىزلارغا چام سېلىپ
تەلمۈرەتتىم بۇلاقتىكى ساھىبجامالغا،
ئۇنىڭ ئويناق كۆزلىرى
ياش كۆڭۈلنى سالاتتى مىڭ خىيالغا.
شېئىر يازاتتىم
ئۆز - ئۆزۈمنى تونۇۋالاي دەپ،
سادا بەرسە قايقارا تۈن دەپ.

## شارقىراتما

ئېرىقلار غەرق بولار ئۆز ئېقىشىغا،
توختاۋسىز سىرغىپ چۈشكەن شۇ نېپىز شايە
چېپىدە توختىدى بولۇپ مىڭ پارە.

گاھىدا شىددەتتە ئاقىدۇ، گاھى
بىردىنلا تىنىقسىز قالىدۇ توختاپ.

يىقىلغان شوخ بالا گوياكى دولقۇن،
«ئادالەت!» دەپ ئۈنلۈك ئاڭلاتقان خىتاب.

گويا ئۇ مۇز داۋان — تەتۈر ئېسىلغان،
دەم تارتىپ پۈركۈيدۇ ئۈنى بىر ئوپقان.
نىگاھىم شۇ بۈيۈك ۋەزمىن بىلەن تەڭ
مىڭ گەزلىك چوققىدىن يىقىلار دەم - دەم،
ئەسلەرگە نەقىشلەپ سۈكۈتسىز غەلىيان.

## باھار مەرسىيەسى

قەھرىتان قىش
مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ
بوغۇزىغا سۇ پومپىسىنىڭ
يېتىۋالدى تۈگۈلۈپ.

تۆمۈرلەردە مۇز قاتتى،
تۇتقۇنلارمۇ كەتتى ئېگىلىپ.
كۈلا ئېشىپ پاخالدىن
تۈرۈبىغا يۆگىدۇق مەھكەم.
يەنە
سۇ پومپىسىنى چۆرىدەپ
ئوت يېقىلدى دەممۇدەم.

سوۋۇدى،
ئېچىۋەتتۇق قاپقىسىنى.
گىرۋىكىدە تارام - تارام نەم،
ئۇ كەلدى ھەم.

## سۈدىكى پەرىزات

كېسىپ تاشلاپ چاتقاللارنى، لاتقىلارنى ھەم
راۋان قىلدى ئېقىنىمنىڭ يوللىرىنى.
تېنىم پاكلاپ، ئاڭا ئېتىلدىم شۇ دەم.

تۇرۇپ قالدى كۆرۈپ تۇغما سىياقىمنى،
سۈزۈك ئېقىن ئاقار شۇنچە بىپەرۋا،
ئۇ ياندىشىپ ماڭدى ماڭا بولۇپ ھەمراھ.
ئەگىپ - ئەگىپ قايىندىم، ئويناقشىدىم،
تارام - تارام ئېرىق گىرەلەشكەن شۇ جايدا
مېنى تارتىپ ئالغۇچە ئۇ ئۆز قويىنىغا.

ئېرىقلىرىنى باغاشلاپ يامرىدىم پەۋەس،
سۆيگۈم بىلەن يىلتىزلىرىغا كەتتىم سىڭىپ،
مىس رەڭ دانلىرىغا چىلىك يامىشىپ.
بىلسە گەر مېنىڭ خۇشال كۈتكىنىمنى
پەقەت قالار زەررىچە نەپ مەندىن ئاڭا.
ئىزدەيدۇ ئۇ مېنى چەكسىز ۋە چەكسىز،
قاچقان تەنلىرىدىن ھارارەتسىز ئەرك،
ئاھ، ئىنسانلار، مېھرىڭنى ئەتمە ئۇنىڭدىن تەرك.

## يوق ئىكەن بىزنىڭ بايلىقىمىز

يوق ئىكەن بىزنىڭ بايلىقىمىز،
گۈگۈمدا تىلىپ تاشلاپ زور قۇياشنى
نىگاھلار تۇشمۇتۇشتىن ئورۇن بەردى
كۆرۈپ ئۇپۇقتىكى يامراشنى.

ھامان كۆلچەككە تاشلانغان سىڭار قارىچۇق،
قاشالانغان تۇپرىقىمىز يوق بىزنىڭ.
تاڭ بىلەن زاۋالنىڭ ئارىسىدا
قاتماقتا تەنلىرى سازلىقىمىزنىڭ.
كولىۋالدى لاتقىلارنىڭ تېگىدىن
ئىسكىلىتىنى
مۇڭگۇزلۇك ئىرىپلاندىيە بۇغىسىنىڭ
دەسسەتسەڭ ئوخشايدۇ باداڭ سېۋەتكە ــــ
بامبۇك بىلەن توقۇلغان.
يۈز يىل مۇقەددەم
لاي ئاستىغا چۆككەن سېرىقىماي
كولىۋالساڭ ئاپپاق يەنىلا
ئۆز پېتى، يوقاتمىغان تەم.
قارايغان ياغ بۇ تۇپراقنىڭ ئۆزى،
ئاياغلار ئاستىدا ئېرىمەكتە.
مىليون يىللار ئاڭا باقمىغان
ئاخىرقى تەبىرىنى كۈتمەكتە.
ئۇلار مەڭگۈ كۆمۈر قازمايدۇ بۇندا،
بەھەيۋەت قارىغايلارنىڭ شاخلىرى
يۇمشاپ، لۆمۈلدەپ تۇرىدۇ سۇدا.
بوز يەر ئاچقۇچىلىرىمىز بىزنىڭ
تەكتىنى توختاۋسىز بارار قېدىرىپ.
ئېچىلغاندا ئۇنىڭ ھەر قاتلىمى
ئىنسان ياشىغانلىقى تۇرار بىلىنىپ.
كۆزلىرىگە بۇ سازلىقنىڭ
سىڭىپ كېتەمدىغاندۇ ئۇلۇغ ئوكيان.
نەملەشكەن ئوتتۇرىسى چوڭقۇر، بەك چوڭقۇر،
تەكتىگە يېتىپ بولماس ھېچقاچان.

## چارلىز بادلېر

(1821 ــ 1867) پارىژدا تۇغۇلغان، بالىلىق چېغىدىلا دادىسى ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئانىسى باشقا ئەرگە ياتلىق بولغان، شۇڭا ئۇ غەمكىن، غېرىب خاراكتېر يېتىلدۈرۈپ قالغان، ياشلىق مەزگىلىدە لاتىن رايونىدىكى ياش رەسسام، شائىرلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغان، گاھىدا ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن، گاھى ئاچ ـ زېرىنلىق بىلەن ئۆتكەن، ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قاتناشقان، ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سىياسىي قىزغىنلىقىنى يوقىتىپ، تەرجىمە قىلىش ۋە ئەسەر يېزىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ «رەزىللىك گۈلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شېئىرىيەت ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان. ئۇ شېئىرلىرىدا ئىنسان قەلبىدىكى يوشۇرۇن ھېسسىياتلارنى ھەقىقىي ۋە چوڭقۇر يورۇتۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، فىرانسىيە، شۇنداقلا غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىسى دەپ قارالغان.

### قۇياش

قەدىم شەھەر، قاتار ـ قاتار خارابە ئۆيلەر،
يوشۇرىدۇ رۇجەكلىرى شەھۋەت سىرىنى.

دالىلارغا، ئېكىنزارغا، ئۆگزىلەرگە ھەم
قەھرى بىلەن تۆكەر قۇياش ئۆتكۈر نۇرىنى.
تەنھا ئۆزۈم ئوينىتىمەن شەمشەرنى قالتىس،
بۇلۇڭلاردىن كېلەرمۇ دەپ قاپىيە، رىتىم،
تېڭىرقايمەن سۆزلەر ئارا ئازغاندەك يولدىن،
چاقناپ قالار كۆتكەن گۈزەل شۇ مىسرالىرىم.
خازان قىلماس پەرۋىش قىلىپ بىزنى شۇ ئانا،
قىزىلگۈلدەك ئېچىلدۇرار دالىلار ئارا.
بېغىشلايدۇ خىياللارغا شېرىن تىلەكلەر،
يۈرەكلەردىن كېتەر ئۇچۇپ ھەسرەت ۋە يارا.
چۈشسەڭ ھاسا ـ تاياققا گەر قىلار زەبەردەس،
ئاتا قىلار پەرىزاتتەك خۇلق ۋە شادلىق.
دىل قېتىدا ئېچىلدۇرۇپ سولماس چېچەكلەر،
بېرەر جىمى مەۋجۇداتقا مەڭگۈ ھاياتلىق.



پەيدا بولدى شەھەرگە ئۇ خۇددى شائىردەك،
خەستىلەرگىمۇ ئاتا قىلار مۇقەددەس تەقدىر.
پادىشاھ ئۇ ئۇن ـ تىنسىز ھەمدە چاكارسىز،
ئۇنى كۈتەر جىمى كۆلبە، جىمىكى قەسىر.

## خۇشال ـ خۇرام ئۆلۈش

قۇلۇلىلەر يامراپ يۈرگەن مۇنبەت شۇ تۇپراق،
ئۆز ـ ئۆزۈمگە چوڭقۇر قىلىپ كولاي بىر لەھەت.
راھەت بىلەن بەخىرامان سوزۇلۇپ ئۇندا،
ئەسلەشلەردىن قاڭقىپ كېتەي ئۇيقۇغا ئەبەد.

نە ۋەسىيەت، نە قەبرەمگە پۈتۈك بىھاجەت،
كىشىلەردىن تىلىمەيمەن بىر تامچىمۇ ياش.

قۇشلار كېلىپ ئوزۇق ئەتسۇن تىرىكلىكىمدە،
ئىپلاس جىسمىم قىزىل قانغا بويالسۇن تۇتاش.

چىراي ـ ئەپتى كېچە كەبى قارايغان ئەرۋاھ،
خۇشال ئۆلۈم سىلەرگە ئۇ بولىدۇ ھەمراھ
راھەتپەرەس پەيلاسوپ ئۇ، چىرىگەن گۇمراھ.
پۇشايمانسىز كىيىۋالدىڭ سېسىق جۇۋامنى،
دېدىڭ ماڭا: روھىڭ تەندىن بولدى خوپ جۇدا،
ئۆلدۈڭ، ئۆلۈكلەردەك باردۇر ساڭا كۆپ جازا !

## ژىئوم ئاپولىنىر

*(1880 ــ 1918) فىرانسىيەلىك شائىر، سىتىرد-ئوئىزمچىلارنىڭ ۋەكىلى، فىرانسىيە مودېرنىزىم ئېقىد-مىنىنىڭ باشلامچىسى. ئۇ نىكاھسىز تۇغۇلغان بولۇپ، ئانىسى پولشالىق، دادىسى ئىتالىيەلىك ئوفىتسېر ئىدى. دەسلەپتە ماراكەشتە ھەم فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، 1899 - يىلى پارىژغا كې-لىپ شېئىر يېزىشنى باشلىغان، 1913 - يىلى «شاراب جەۋھىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە بىر شېئىرلار توپلىمى «ئاق كارتىنىسى» ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن نەشر قىلىنغان.*



### مىراپو كۆۋرۈكى

ئاقىدۇ جىمجىت سىنا دەرياسى
مىراپو كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىدا.
خۇشاللىق كېلەر ھامان دەرد كەينىدىن،
سۆيگۈمىز ئەسلىنەمدۇ شۇ ۋاقىتدا.

كېچىنىڭ قوڭغۇرىقى تۇرار ياڭراپ،
ئۆتمەكتە زامان، بىزلەر قالدۇق ياشاپ.

كۆرۈشتۇق، قوللىرىمىز گىرەلەشتى،
قوللاردىن كۆۋرۈك ھاسىل بولدى چىرماش.
مەڭگۈلۈك نىگاھىمىز ئۆتەر بۇندىن
چارچىغان دولقۇنلارغا بولۇپ ھاپاش.

كېچىنىڭ قوڭغۇرىقى تۇرار ياڭراپ،
ئۆتمەكتە زامان، بىزلەر قالدۇق ياشاپ.

مۇھەببەت غايىب بولدى ئېقىن كەبى،
مۇھەببەت نەلەرگىدۇر كەتتى يوقاپ.
ھاياتلىق يولى ئۇزاق، بەكمۇ ئۇزاق،
ئارزۇلار ياتار گۈلخان بولۇپ شۇ تاپ.

كېچىنىڭ قوڭغۇرىقى تۇرار ياڭراپ،
ئۆتمەكتە زامان، بىزلەر قالدۇق ياشاپ.



ئۆتمەكتە كۈنلەر، ئايلار، يىللار بىر - بىر،
شۇ كۈنلەر قايتىلانماس، مۇھەببەت ھەم.
مىراپو كۆۋرۈكنىڭ ئاستى بىلەن
ئاقماقتا جىمجىت سىنا دەرياسى ھەم.

كېچىنىڭ قوڭغۇرىقى تۇرار ياڭراپ،
ئۆتمەكتە زامان، بىزلەر قالدۇق ياشاپ.

## كېسەلچان كۈز

بىز سۆيۈنگەن ئەي، كېسەلچان كۈز
قىزىلگۈلنى بوران سوققاندا،
باغلارنى ئاق قارلار ياپقاندا،

ئۆلدۈك ئۈن - تىنسىز.
بىچارە كۆز، سىنىڭ ئۆلۈمىڭ
باشلاپ كەلدى كۈمۈش پەسلنى
مىۋىلەرنىڭ مەي باغلىشىنى
تىنىق كۆكتە
پەرۋاز قىلغان قىران بۈركۈتلەر
باقار يېشىل جۇلا يېپىنغان
كىچىككىنە سۇ پەرىسىگە
ئۇلار مۇھەببەتنى كۆرۈپ باقمىغان.

يىراقتىكى ئورمان ئىچىدە
بىر توپ بۇغا چىكىدۇ پەرياد.
سۆيۈنمەن سىنىڭدىن،
سۆيۈنمەن سادالىرىڭدىن،
تۆكۈلۈپ تۇرغان مىۋىلىرىڭدىن.
ئىگرار بوران، يىغلار دەرەخلەر
كۆز ياشلىرى ئۈزۈلۈپ بىر - بىر.
كۆز قوينىدا چۈشكەندە تامام
ئاياغ ئاستىدا
يوپۇرماقلار بولىدۇ خازان.
رېلىس ئۈستىدە
پىرقىرار چاقلار
ئۆتىدۇ
هايات.

## رېين دەرياسىنىڭ كېچىسى

ئوتقاشتەك جۇلالىنار جامىمدا مەي،
تىگشايمەن كىمچىلەر ناخشىسنى.

يەتتە قىز چۆمۈلدۈ ئاي نۇرىغا،
يەلپۈتۈپ يېشىل بوستان چاچلىرىنى.

ۋالىسقا چۈشۈپ كەتتى ناخشا توۋلاپ،
ئاڭلانماس كېمىچىلەر كۈيى مانا.
جەم بولدى ئەتراپىمغا ئالتۇن چاچلار،
خۇمارلىق مېھرى بىلەن بېقىپ ماڭا.

مەست بولدى تەك ئاستىدا ئەزىم دەريا،
يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ سۇ بېتىدە.
كۆيلىنەر يېشىل چاچلىق شاياتۇنلار،
مەستانە ياز پەسلىنىڭ قۇدرىتىدە
ۋىلىقلاپ كۆلگەن كەبى چىقىلدى جام.

## پائول ئېلۇئارد

(1895 ــ 1952) فىرانسىيەلىك مەشھۇر شائىر، 1911 - يىلى ئۆپكە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ ئوقۇشتىن توختاپ قالغان، دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان ۋاقتىدا شېئىر يېزىشقا باشلىغان، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا جەڭگە قاتنىشىپ ياردار بولغان، دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە «تىنچلىققا مەدھىيە» ناملىق ئىككى توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئېلۇئارد دەسلەپتە دادائىزمچىلارنىڭ، كېيىن سۇررېئالىزمچىلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاتناشقان. «ھايۋان ۋە ئادەم. ئادەم ۋە ھايۋان» (1920 - يىلى)، «ئازاب ئىچىدىكى شەھەر» (1926 - يىلى)، «نۆۋەتتىكى تۇرمۇش» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە يازغان «ئەركىنلىك» ناملىق شېئىرى پۈتۈن فىرانسىيەگە تارقىلىپ، ئۇنى مىللەت شائىرلىق ئورنىغا كۆتۈرگەن. «شېئىر ۋە چىنلىق» (1942 - يىلى)، «گېرمانلار بىلەن ئۇچرىشىش» (1942 ــ 1945 - يىللار)، «سىياسىي شېئىرلار» (1948 - يىلى) قاتارلىق توپلاملىرىدا، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن سۇررېئالىزمنىڭ تەسىرىدىن يىراقلىشىپ، شېئىر ئۇسلۇبىدا زور ئۆزگىرىش بولۇپ، مەزمۇنىمۇ ئاكتىپلاشقان.

## خىيالىي تۈيغۇ

كۆلكىلىك بەيگىگە قويۇلۇپ چىكىت،
يىقىلغان چەۋەنداز يوقاتتى سىزىم.
ھاياتىي قۇدرەتكە تولغان ياراقلار،
تۇۋلىدى خور قىلىپ
ئۇتلۇق قوشاقلار.

تالادىن كەلگەندە ئاياغ تىۋىشى
تۆكۈلدى سەبدىلەر،
يىقىلدى ئۆيلەر،
ئەلئىبھرام يىغلىدى پەرياد كۆتۈرۈپ،
ئەكس سادالارنى ھەم قويدى ئۆچۈرۈپ.
تۈيغۇمدا ئايلىنىپ قالمەن دائىم
كىيمىلىك ئايال ۋە يالىڭاچ ئەرگە،
بىلمەيمەن سۆيگەن يا سۆيۈلگىنىمنى.

## تۈنجۇقۇش

سۇ يۈزىدە سەكرەيدۇ تاش
چۆكەلمەيدۇ كۆك تۇمان بىراق.
دەخلىدىن خالىي
تېرە ئۇ شۇنداق،
ئالار قوينىغا
ئىنسان ۋە بېلىق بولغاندا مۇشتاق.

تۇتقۇن بىلىق سەكرىدى سۇغا،
ئاڭلاندى قۇلاق يارغۇدەك سادا،
ئۆلمەكچى ئۇ،
ئۇنىڭغا قايتا
نېسىپ بولمىدى قۇياش ۋە ھاۋا.
ئادەممۇ سەكرەپ چۈشتى دەرياغا
بىلىق ئۇچۇن
ياكى يۇمران سۇ قەسرىنى دەپ
نەقەدەر تەس ياشىماق تەنھا.

## سۆيگەن يار



چىرايىمدا تۇرار ئۇ مەغرۇر،
چاچلىرىمىز كەتتى چىرمىشىپ.
قوللىرىمدا ئۇنىڭ سىيماسى،
كۆز رەڭگىمىز كەتكەن ئوخشىشىپ.
يۇتۇۋالار كۆلەڭگەم ئۇنى
كۆكتە چاقناپ تۇرغان تاش كەبى.

ئوچۇق تۇرغان ئويناق كۆزلىرى
قىلار مېنى ئۇيقۇدىن يىراق.
جۇلالىنىپ تۇرغان چۈشلىرى
قۇياشنىمۇ چەككۈزەر پىراق.
گاھى كۈلدۈرەر، گاھى يىغلىتار،
چىقمايدۇ ھېچ ئاۋازىم بىراق.

# ئەركىنلىك

باشلانغۇچتىكى مەشىق دەپتەرگە،
ئۈستىلىمگە، دەل ـ دەرەخلەرگە،
قار ئۈستىگە، قۇمساڭغۇ يەرگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

ئوقۇغان جىمى كىتابلىرىمغا،
ئاق قالغان ھەممە ۋاراقلىرىغا،
تاشلارغا، گۈلخان قوقاسلىرىغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

ئالتۇن رەڭلىك كارتىنىلارغا،
جەڭچىلەرنىڭ قوراللىرىغا،
پادىشاھلارنىڭ تاجلىرىغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

ئورمانلارغا، قاقاس چۆللەرگە،
قۇش ئۇۋىسى ھەم رەڭدار گۈللەرگە
بالىلىقتىكى سەبىي ئۈنلەرگە،
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

كېچىدىكى مۆجىزىلەرگە،
كۈندۈزدىكى پېچىنىلەرگە،
تويلاشقان گۈزەل ھۆر پەسىللەرگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

زەڭگەر رەڭلىك پۇرۇچ قەغەزگە،
قۇياش كەبى بىخسىغان كۆلگە،
سۇدىكى ئاينىڭ جىلۋىلىرىگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

داللارغا، كەڭ ئوپۇقلارغا،
قۇشلارنىڭ قاناتلىرىغا،
تۈگمەنىنىڭ داد ـ پەريادلىرىغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

ھەربىر تاڭنىڭ جىلۋىلىرىگە،
دېڭىزنىڭ ئۇچقۇر كېمىلىرىگە،
تاغلارنىڭ چوققا ـ تۆپىلىرىگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

بۇلۇتلارنىڭ ئۆرلەشلىرىگە،
شۋىرغاننىڭ تەرلەشلىرىگە،
قارا يامغۇرنىڭ ئۆركەشلىرىگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

مەۋجۇداتنىڭ نۇر ھېكمىتىگە،
قوڭغۇراقنىڭ ئۈنلەشلىرىگە،
تەبىئەتنىڭ ھەقىقىتىگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

ئويغانغان تار چىغىر يوللارغا،
قۇچاق ئاچقان داغدام يوللارغا،

قايناق رەستە كەڭ مەيدانلارغا
يېزىپ قويدۇم سىېنىڭ ئىسمىڭنى.

پارلاپ يانغان چىراغلارغىمۇ،
ئۆچكەن، ئۆلگەن چىراغلارغىمۇ،
تار كۆلبەمگە، ياتاقلارغىمۇ
يېزىپ قويدۇم سىېنىڭ ئىسمىڭنى.

خىلۋەت خانەم ئەينەكلىرىمگە،
پارچىلانغان نېمەتلىرىمگە،
قۇلۇلە قېپىدەك تۆشەكلىرىمگە
يېزىپ قويدۇم سىېنىڭ ئىسمىڭنى.

ئاچ كۆز، ياۋاش رايىش ئىتىمنىڭ
دىڭ ـ دىڭ تۇرغان قۇلاقلىرىغا،
قاشاڭ پەمسىز تۇياقلىرىغا
يېزىپ قويدۇم سىېنىڭ ئىسمىڭنى.

ئىشىكىمنىڭ بوسۇغىسىغا،
ئۆيۈمنىڭ ھەر بىساتلىرىغا،
جۇلالانغان ئۇمىد ئوتىغا
يېزىپ قويدۇم سىېنىڭ ئىسمىڭنى.

جىمى ئېجىل ـ ئىناق تەنلەرگە،
تونۇش چىن دوست پېشانىلەرگە،
ئۇزارتىلغان ھەربىر قوللارغا
يېزىپ قويدۇم سىېنىڭ ئىسمىڭنى.

پاچاقلانغان دېرىزىلەرگە،
سۆكۈت تونى كىيگەن غەملەرگە،
جىمجىت كۆتكەن ئۈنسىز لەۋلەرگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

بەربات بولغان ھاياتلىرىمغا،
ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ماياكلىرىمغا،
ھەسرىتىمنىڭ ئاق تاملىرىغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

ئۈمىد ئۈزگەن تېگىرقاشلارغا،
تەنھالىقتا تېپىرلاشلارغا،
ئەزرائىلنىڭ تىۋىشلىرىغا،
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

ياشاش تاپقان ساغلام تەنلەرگە،
غايىب بولغان شۇ خەتەرلەرگە،
ئۈمىد بىلەن تولغان ئەسلەرگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

بەخش ئېتىپ يېڭى ھاياتلىق،
مۇشۇ بىر سۆز ياشناتتى مېنى.
سېنى دەپلا ياشايمەن مەڭگۈ،
جېنىم بىلەن چىللايمەن سېنى.

## پائول ۋېرلىن

*(1844 — 1896) فىرانسىيە سىمۋولىزم شېئىرد-ىيتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى، 1866 - يىلى «مىس-كىن لىرىكىلار»، 1869 - يىلى «كاتتا زىياپەت» ناملىق توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى نامايان قىلغان، كېيىن «تىلسىز كۈيلەر» (1874 - يىـ-لى)، «پاراسەتنامە» (1888 - يىلى) قاتارلىق توپلاملىرى ئېلان قىلىنغان، 1896 - يىلى نامراتلىق ۋە كېسەللىك ئىچىدە پارىژدا ئالەمدىن ئۆتكەن.*



### ئاي نۇرى

چاقنار ئاي نۇرى
ئورمانلار ئارا،
شاخلار قوينىدىن
ياپراق ئاستىدىن
كېلەر بىر سادا،

ئاھ، جان ئامرىقىم.
سۇزۇك ئەينەكتەك
چاقنار كۆل سۈيى،
قاپقارا تالنىڭ
ئەگىم سايىسى؛
كېزەر شامالنىڭ

ھەسرەتلىك كۈيى...
چۈشلەر قوينىدا.

شۇ قەدەر ئىمتاس
نازۇك تەسەللى
چۈشىدۇ سىرغىپ
قىزارغان كۆكتىن
شەلپەردەك يېنىپ...

ئاھ، گۈزەل دەملەر.

## ئۆگزىدىكى شۇ ئاسمان

ئۆگزىدىكى شۇ ئاسمان
تىنىق ھەم ياپيېشىل،
ئۆگزىدىكى شۇ ئورمان
خىيابانلىق، بەك ئېسىل.

يىراق - يىراق ئۈپۈقتا
ئۈنلەيدۇ بىر قوڭغۇراق.
قۇشلار سايرار ئورماندا،
تىنىقىدا دەرد - پىراق.

ھايات شۇنداق، ئەي، خۇدا،
تىنچ ھەمدە بىناۋا.
كېلەر يىراق قەلئەدىن
ئاسايىشلىق شۇ سادا.

ئولتۇرسەن ياش تۆكۈپ
تۈگىمەيدۇ دەردلىرىڭ.
يېپيالامدۇ ۋاقىتسىز
گۈزەل ياشلىق دەپتىرىڭ؟

## سايىنت جون پېرس

*(1887 ــ 1975) كارب دېڭىزىنىڭ گادروپ ئارى-لىدا تۇغۇلغان، 1899 - يىلى فىرانسىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، 1911 - يىلى «قەسىدە» ناملىق نەس-رىي شېئىرى ئېلان قىلىنغان، 1914 - يىلى فىراز-سىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن، 1916 ــ 1921 - يىلىغىچە فىرانسىيەنىڭ شاڭخەيدىكى كونسۇلخانىسىدا ۋە بېيجىڭدىكى ئەلچىخا-نىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇ-رۇشىدىن كېيىن ئۇ قورچاق ھاكىمىيەتكە قارشى چى-قىپ، ئامېرىكىغا سەرگەردان بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ «يامغۇر» (1943 - يىلى)، «قار» (1944 - يىلى)، «بوران» (1946 - يىلى) قاتارلىق توپلاملىرى بار. 1960 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.*

### مىسرالىرىم ...

مىسرالىرىم دېڭىز قەسىدىسىگە جور بولماقچىدەك،
مىسرالىرىم ساھىل بويلاپ ياغرىغان مارشتەك.
ئەزىم بۇژغۇنلىرى چايقايدۇ خورنى،
ئىبادەت مېھرابىنى پىرقىراتقاندەك.

ئېيتىلىپ باقمىغان دېڭىز كۈيى بۇ،
بىز دىلدىن كۈيلىگەن بۈيۈك دېڭىز ئۇ.
كائىنات بۇرجىدا، ھايات مەۋجىدە
بىز تاكى ھاپاشلاپ كەلگەن دېڭىز ئۇ.

دېڭىز، تىمتاس پايانىدىن كەلگەن نەپىس ئۈن،
ئالەمنى كەزگەن ساپ تىنىقلىرى
يۈرىكىمىزدە قالدۇرىدۇ سىن.
مىسرالىرىم دېڭىزدا تۈنىگەن ئاپتاپنى قوغلار،
مىسرالىرىم دېڭىز ساھىلىنى شاد ـ خۇرام قوغدار.

دېڭىزنىڭ چۈشى ئۇ،
ئەزەلدىن چۈشلەرگە كىرىپ باقمىغان.
دېڭىز ئۇ، چۈشىمىزدە چۈشەپ قانمىغان.
دېڭىز ئۇ، چاتقاللار تەكتىدە بىز توقۇپ چىققان.
ئاھ، دېڭىز، بۇ بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە
توقۇيدۇ نۇرلارغا تولغان دەملەرنى،
توقۇيدۇ گىرىمسەن كەڭرى يوللارنى.

جىمىكى ئىجازەت، تۇغۇلۇش، پۇشايمان
دېڭىز دېمەكتۇر!
دېڭىزلار قوشۇلغان شۇ بۈيۈك دېڭىز
كۆۋرۈك ۋە تەرلەرنىڭ پاراستىدە،
ئانا تىلىنىڭ مۇقەددەس قايناملىرىدا
ئاھ، ئەنە پەرىلەر،
پەرىزاتلار بار!
بوۋغۇنلىنىپ تۇرغان شۇ دېڭىز
ئىبسىل تەختتە ئولتۇرغان
ئەۋلىيا ئانا ...

## ھېنرى مىشو

*(1899 ــ 1984) بىلگىيەدە تۇغۇلۇپ، ئۇسمۇر-لۇك مەزگىلىدە بىرىۇسسېلدا ئوقۇغان، 1924 - يىلى پارىژغا كۆچۈپ كەلگەن، 1927 - يىلى تۇنجى شې-ئىرلار توپلىمى «مەن كىم ئىدىم» ئېلان قىلىنغان. مىشو ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ياۋروپا، ئامېرىكا، ئا-سىيا، ئافرىقا قاتارلىق قىتئەلەرنى ساياھەت قىلىپ، نەزمىي شەكىلدىكى ساياھەت خاتىرىسى «بىر مۇتتەھەم ئاسىيادا»نى ئېلان قىلغان. ئۇ جۇڭگونىڭ تەرىقەتچى-لىك پەلسەپىسىگە، رەسىم ۋە خۇشخەتلىرىگە ئىنتايىن ھەۋەس قىلغان. ئۇ «ھالاكەت تەجرىبىسى» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىر توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە باي.*

### بەختسىزلىك

بەختسىزلىك
مېنىڭ ئۇلۇغ پەرۋىشكارىم،
بەختسىزلىك
يېنىمدا ئولتۇرۇپ ئارام ئال بىردەم،
ھاردۇق چىقرايلى بىللە ئولتۇرۇپ.

تېپىۋالدىڭ مېنى،
تېتىۋالدىڭ تەممنى،
مەن ئۇچۇن تېتىپ باقتىڭ مېنى.
خارابەڭ مەن،
سەن ماڭا گوياكى بۈيۈك بىر سەھنە.
ئوچاق،
خۇمدان،
ھەم پاناھگاھىم.
كېلەچىكىم سەن
ھەقىقىي ئانام،
ئىستىقبالىم سەن.
نۇرلىرىڭ ئارا،
كەڭلىكلىكىڭدە،
سەۋەنلىكىڭدە
چۆكۈپ كەتتىم مەن.

## يېۋس بوننېفوي

*(1923 ـــ ) فىرانسىيەنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر شائىرى، تەرجىمانى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىسى. 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ شېئىرىيەت سەھنىسىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ فىرانسىيەنىڭ ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى فىرانسىيە كۇتۇپخانىسىدا پىروفېسسور بولۇپ ئىشلەپ، سېلىشتۇرما شېئىرىيەتتىن دەرس ئۆتكەن. 1987 ـ يىلى فىرانسىيە فىلولوگىيە جەمئىيىتىنىڭ شېئىرىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بوننېفوي فىرانسىيەنىڭ بادلىردىن كېيىنكى سىمۋولىزملىق يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ تالانتلىق ۋارىسى.*

## قۇدۇق

تاشلانغاندەك قۇدۇققا چېلەك
ئاڭلىنار تاراڭلاپ شۇنداق بىر سادا،
بۇ قۇدۇق يۇلتۇزى ئانا زېمىننىڭ
گۇگۇم پەيتىدە چاقنىغان تەنھا.
ئۇ كۆتەر مالچىنى، پادىلارنى ھەم
سەھەرنىڭ لېۋىگە يېقىپ ئوت ـ لاۋا.

قۇدۇقنىڭ تېگى جىمجىت ئەبەدىل،
يۇزىدە يۇلتۇزنىڭ ئالتۇن تامچىسى.
دەرەخ ئاراشلىرىدىن چاقناپ ئۆتىدۇ،
كېچە سەيياھلىرىنىڭ قارا سايىسى.
كۆتۈرۈپ تۇننىڭ ئېغىر يۈكىنى
كېزىدۇ ئۇلار چىغىر يوللاردا.
نېمىندۇر كۇتەر بەزىلەر،
بەزىلەر يوقايدۇ كېچە قوينىدا.
سەپىرى ئەر ـ ئايالنىڭ ئۇزاق شۇنچە،
ئالەم ئۆمرىدەك.
ئاداققى مەنزىلىدە ئاشۇ سەپەرنىڭ
چاقنايدۇ قۇدۇق ئۇمىد نۇرىدەك.
دەرەخلەر قوينىدا ۋىلىلدار كېچە
قۇدۇقتىن لەيلەپ چىققاندا چېلەك.
مەجنۇنتالنىڭ سايىلىرىدە
خۇشاللىق ئەۋجىگە تولىدۇ يۈرەك.

## چاقماق

بۇ كېچە قارا يامغۇر ياغدى راسا،
يوللاردا كوكاتلارنىڭ نەمخۇش ھىدى.
پىژغىرىم ئاپتاپ چىقىپ شۇندىن سوڭرە
پەپىلەپ مۇرىمىزگە ئۇرۇپ قويۇپ
«خەپ، توختاپ تۇر، قېنى» دېدى.

شۇ ھامان
ئۇچقۇر دالا يوپۇرۇلۇپ
ئۇرۇلدى ئۆرۈك دەرەخلىرىگە.
بىر يىرتقۇچ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن
بۇگۇنگە چۇشتى سەكرەپ تۇنۇگۇندىن.

بولدى بەس !
كېلىپ قالدۇق بۇ ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە.

چاقماقلار زىلزىلىگە سالغان ئەي ياز ،
قاپقارا غول ئۈستىدىن شاخلىرىڭنى
چۇشتۇق سوزەپ.
ئاقماقتا تۈنۈگۈننىڭ جەۋھەرلىرى
دەرەخلىرى قانىتىدىن مەغرۇر ئۆرلەپ.

## قۇشلار ئاۋازى

ئاڭلاپ قالسەن بىر كۈنى هامان
بۇ قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى
گىگانت تاغنىڭ قىيالىرىغا
شەمشەر كەبى ئېسىپ قويۇلغان.
بىلىپ قالسەن،
سەلتەنەتلىك ئاگاهلاردۇر بۇ
شاخلىرىدا نۇر ۋە ئۈمىدنىڭ
لاۋۇلداپ تۇرغان.
شۇنداق بىر كۈنى
قۇشلار بەزمىسىنىڭ ماكانلىرىدا
يوقىتسەن كۈتۈشلىرىڭنى،
ئال قولۇڭغا ئۆتكۈر شەمشەرنى
يىللارنىڭ سولغان گۈلخانلىرىدا.

## بىر سادا

تىڭشا، مەن چەكسىز ئورمان ئىچىدە
ئەس ياپرىقنىڭ سايىلىرىدە

يېشىللىققا ئايلىنىپ تامام
يادىڭغا سالىمەن بۈيۈك زېمىنىنىڭ
قۇرۇغان دەرەخلەر تەبەسسۇمىنى
ھاياتلىق بېرىمەن ئۇچقۇر يىللارنىڭ
ئۆلگەن قاپقارا يىلتىزلىرىغا.

تىڭشا، جۇش ئۇرار ھايات بۇلىقىم،
باشلايمەن سېنى بىر گۈل - گۈلىستانغا.
گۈگۈم قوينىدا ھاياتلىق شەۋقى
ئۇخلار سۇس بۇلۇتنى ئەتكەنچە ماكان.
تەۋرىتەر ھىماتىڭ بولۇپ قايتىدىن
سۆيگۈ قەسرىدە سېنى بىئارمان.

تۈنۈگۈن بىمالال بىر ياپراق ئىدىم،
ئۆلۈمدىن ئەركىنلىك يار بولدى ماڭا.
قۇياش تاشلىرىنى تەشمەكتە ئېقىن،
جىلغىلار ئاھ ئۇرۇپ تىنار قاپقارا،
يىللار ۋەسلىگە يەتمەكتە مانا.

## دەرەخ، چىراغ

دەرەخ دەرەخلەر ئىچىدە كەتتى قىرىپ،
مانا بۇ ياز.
قۇشلار قۇشلار كۆيىدىن ھالقىپ
بولدى غايىپ.
ئۈزۈم شارابىنىڭ چوغدەك نۇرىدا
پەلەكنىڭ دەردلىرى كەتتى ئوت ئېلىپ.
ئازاب يۈكلىرىنى سۆرىگەن ھارۋا
ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە كەتتى سىڭىپ.

ئاھ، زەئىپلەشكەن ئەل
گويا يۈكسەكلىكتە يانغان شام چىراق
شۈمشىيىپ دۇنيانىڭ جۇشقۇنلۇقىدا
زەبەردەس روھنى قوغلاپ چىكەر پىراق.

ئارمانلار قىينىغان نۇرسىز دەملەردە
تېۋىنىسەن شۇ نۇر چىراققا.
بىلسەڭ غەملىرىڭنىڭ پۈتكەن چېغى بۇ
يەلكىنىڭ ئۆرۈلۈپ تىمتاس قىرغاققا.

## بىلىپ قالسەن

بىلىپ قالسەن، قۇشلار زۇۋانى
جىمى دەرەخلەردىن كېتىدۇ ئۆرلەپ،
ياپراق سايىسىدىكى شۋىرلاشتىنمۇ
ساددا ۋە مەسۇم تۇرىدۇ ئۇنلەپ.
ئۇرمانلار يورتىنى تەرك ئېتسەن
قەدىم چۇقانىنى
تاشنى ھەم كۆلنى
كۆچەپ ۋە تەرلەپ
كېتىۋاتسەن
قەدەملىرىڭ ئۇزۇن بىر كېچە
زېمىن يالىڭاچ.

پەرۋاز قىلار ئۇ يىراق - يىراققا،
كۆيلەپ بۇ قىرغاقتىن قارشى قىرغاققا.

## نېللى ساكس

*(1891 ـــ 1970) گېرمانىيەلىك ئايال شائىر، 1966 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئاساسلىقى لىرىك شېئىر ۋە دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «ئەزرائىلنىڭ ئۆيىدە»، «خىرە يۇلتۇزلار»، «ھېچكىم بىلمەيدۇ»، «ئۆلۈم ھاياتلىقنى كۈيلەيدۇ»، «ھارارەتلىك سىر» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى، «سېھىرلىك ئۇسسۇلچى» قاتارلىق شېئىرىي دراممىسى بار. ئۇ نوبېل مۇكاپاتىدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن، ئەسەرلىرى ئون يەتتە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.*



### بىلگۈم كېلەر

بىلگۈم كېلەر چۈشكىنىڭدە سەكراتقا
نېمىلەرگە باقار كۆزلىرىڭ ـــ
نىمجان كۆزلەر قېتىپ قالغان تاشقىمۇ؛
ئەلەس بولۇپ بىگانىلەرگە
ئۇيۇپ قالغان قاراقلارغىمۇ؟

باقارسەنمۇ ياكى تۇپراققا ـــ
يولدا ماڭساڭ كىرىۋالغان ئاياغقا.

ئارىمىزغا سىلىپ كۆرمىڭ ھىجراننى
ئۆلۈملەرگە غۇلىتىپ جاننى
قارىداپ كەتكەن ئىپلاس تۇپراققا؟
باقارسەنمۇ ئەڭ ئاخىرقى يولۇڭغا
ساڭا سۆزلەپ بېرەرمۇ ئۇ
سەپىرىڭدىكى خوشلىششلارنى؟
باقارسەنمۇ ياكى ئازگالغا
ۋە يا چاقناپ تۇرغان مىتالغا؟

بەلكىم ئۇيۇپ قالار نىگاھىڭ
رەقىب كەمىرىنىڭ تۆشۈكلىرىدە،
بەلكىم، تەبىئەت سەلتەنىتىنىڭ
كىچىككىنە بۆشۈكلىرىدە.

بەلكىم، بۇ زېمىنغا قاراپ قالارسەن —
سۆيگۈ لەززىتىنى بەرمەي ھېچكىمگە
قۇشلارنى ئويناتقان ئېگىز كۆكلەردە،
ئازابتىن تولغانغان تەنلىرىڭ ئىچرە
روھىڭنى ئويغىتىپ سالغان لەرزىگە؟

## كېچە، كېچە

كېچە، كېچە، چېقىلما زىنھار،
بولۇپ مىڭ پارە،
شېھىت بولغان كۆكۈم قۇياشنى
ئالقىنىغا ئېلىپ بۇ دەۋران
چۆكۈپ كەتتى دېڭىز قەرىگە —
پانىي ئالەم ئۆگزىسىگە چۈشكەن تولۇن ئاي

قانلىرىڭغا تاشلاندى
سۇكۇتلىرىڭ ئەۋجىدە قاتقان.
كېچە، كېچە،
سىرلىق يەڭگە بولغانىدىڭ سەن
قۇلىقىڭغا قىسىپ گۈڭگا چېچەكنى،
غۇۋا قەدەھلەردە چاقناتقانىدىڭ
باتۇرلارنىڭ قەلبىدىكى ئىستەكنى.
كۆز ئالدىڭدا ئېچىلدۇرغان مۇھەببەت
تاڭ سەھەرنىڭ قىزىلگۈلىنى،
بولغانىدىڭ چۈشلەر ئەينىكى
قارشى قىرغاقتىن
جاكارلاپ تەڭرىنىڭ ۋەھىيلىرىنى.

كېچە، كېچە،
بۈگۈن يۇلتۇز قولۋاقلىرىنىڭ
چۆكۈپ كەتكەن قەبرىستانى سەن.
قوينۇڭدا غايىب بولماقتا زامان —
بىللە ئېلىپ چىرىگەن تاشنى
تۇماندىكى بايرىقىنى ھەم
سۇرمەستىن زۇۋان.

## ئاھ، جېنىم ئانا

ئاھ، جېنىم ئانا،
ياشىماقتىمىز بىر يېتىم شاردا،
ئاخىرقى ھەسرەتلىك تىنىقلىرىمىز
قوشۇلۇپ ئۆلگەنلەر ئاھۇ زارىغا
يېگانە قالدۇرۇپ سېنى تىكەندەك

كۆل رەڭ قۇم جىمىرلار ئاياغ ئاستىڭدا.
قۇچاقلىرىمدا
يەشمەك بوپ ئىلىيا[1] مۇئەمماسىنى
سۇرىسەن خىيال،
سۈكۈنات ئۇندا سۆزلەر ھېكايەت
يارىلىش ۋە ئۆلۈم ئەتمەكتە داۋام
تۆت تادۇ[2] قوشۇلۇپ ئۆزگىچە بىر ھال.

كۆتۈرىمەن سېنى قولۇمدا
ئەرش ئوغلىنى
ياغاچ ھارۋا ئىلىپ ماڭغاندەك،
ياغاچ يۇم ـ يۇم يىغلايدۇ
پۈتمەس قىسمەتلەردىن يېرىلغاندەك.

ئى، مېنىڭ پاناھگاھىم،
سىرلار ئۇنتۇلدى، كەتتى كۆمۈلۈپ
بەرق ئۇرۇپ تۇرغان سۆيگۈ ئىشقىڭدىن
يېڭى بىر خەۋەر كەلدى نۇرلىنىپ.

## ئولتۇرىسەن روجەك ئالدىدا

ئولتۇرىسەن رۇجەك ئالدىدا
لەپ ـ لەپ قىلىپ ياغماقتا ئاق قار —
ئۇچتەك ئاقارغان چاچ ھەم قورالىرىڭ —
قار كەبى ئاپپاق چېھرىڭدە بىراق

---

① ئىلىيا — يەھۇدىيلارنىڭ بۈيۈك ئەۋلىياسى.

② تۆت تادۇ — سۇ، تۇپراق، ئوت، ھاۋا.

جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ باھار:
يايلاقلارنى
كۆرۈنمەس دۇنياغا ئاچىقتى تۇپراق،
ئېقىن بويىدا
ئۇخلاپ ياتار گىرىمسەن ئوغلاق.

ھەسرەتتە يىقىلدىم ئاپپاق تۇسۇڭغە،
ئاپپاق قارلىرىڭ —
ھايات ئۇندىن ئايرىلدى ئاستا
تۈگىگەندەك ئاخىرقى دۇئا —
ماھۇق قار قوينىدا كەتتىم ئۇيقۇغا،
ئالەمنىڭ ئوت كەبى تىنىقلىرىدا
ئۆرتەنگەن جىمى دەرد - ئازابلار بىلەن
بىراق
پىياز گۈلدەك ئاقارغان بېشىڭ
چۆكتى دېڭىزنىڭ كېچىلىرىگە
يۈز ئاچقاندەك يېڭى ھاياتقا.

## ھېرمان ھېسسې

*(1877 ـــ 1962) گېرمانىيەلىك شائىر ۋە يازغۇچى، 1946 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.*

*1899 ـ يىلى ئۇنىڭ «رومانتىك ناخشىلار»، «يېرىم كېچىدىن كېيىنكى بىر سائەت» ناملىق ئىككى شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. 1904 ـ يىلى ئۇ «پېتىر كامىنچىنېت» ناملىق رومانى بىلەن داڭق چىقارغان. ئۇنىڭ «گېرتخارت»، «دېميان»، «يايلاق بۆرىسى»، «باغچىدىكى نەپىس ئويۇن» قاتارلىق رومانلىرى بار.*



### تۇمان ئىچىدە

تۇمان ئىچىدە كېزىسەن دالا،
غېرىب كۆرۈنەر ھەر تاش، ھەر گىياھ.
كۆرەلمەس بىر ـ بىرىن دەرەخلەر
ھەربىر دەرەخ شۇنچىلىك تەنھا.

تولۇپ كەتكەن ئىدى دوستلارغا
قۇياش سۆيگەن يارقىن كۈنلىرىم.

كۆكنى قارا تۇمان باسقاندا
بولۇپ قالدىم بىچارە يېتىم.

زۇلمەت تۈننى كەزمىگەن كىشى
بولالماسكەن ئاقىل ۋە دانا.
نېمە چارە ئاتا، تۈن كېچە
ئىنسانلاردىن ئەيلىسە جۇدا.

تۇمان ئىچىدە كەزمەك، كارامەت!
هايات ئۆزى غېرىب شۇ قەدەر.
بىر - بىرىگە يوچۇن هەر كىشى،
هەركىم غېرىب، يېگانە يۈرەر.

## ئېۋگېنىئو مونتالى

(1896 ــ 1981) ئىتالىيە شېئىرىيىتىدىكى سىمۋولىزم ئېقىمىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى، 1975 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

سىمۋولىزم ئېقىمى 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئىتالىيەدە پەيدا بولغان بولۇپ، غەرب شېئىرىيىتىدىكى تەسىرى زور ئېقىمنىڭ بىرى. ئۇ نەزەرىيە ۋە ئىجادىيەت جەھەتتىن فىرانسىيە سىمۋولىزمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مونتالى كىچىكىدىن تارتىپ مۇزىكىنى، كىلاسسىك ئەدەبىياتنى ئىنتايىن سۆيەتتى.

مونتالى شېئىرلىرىدا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەگرى ـ توقايلىقلارنى، مۇڭ ـ ھەسرەتلەرنى، ھايات گۈزەللىكى ۋە قىممىتىگە بولغان تونۇشىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. «ھېتلېرنىڭ باھارى» مونتالىنىڭ ئۆزگىچە ئەسىرى بولۇپ، دارىتمىلاش، كىنايە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن فاشىستلارنىڭ ۋەھشىيلىكىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «قاراقچىنىڭ سۆڭىكى»، «ئۇچرىشىش»، «بوران ـ چاپقۇن ۋە باشقىلار»، «ساتۇرا» قاتارلىقلار بار.

## قويۇپ بەرگىن ئۆنى مەيلىگە

قويۇپ بەرگىن ئۆنى مەيلىگە
دۆب دەرىخىدە قايىنغان ھەرە
جور بولار كانايىنىڭ كۈيلەشلىرىگە.
شەپەق قىزارتقان قۇلۇلە ئىچرە
يانار تاغنىڭ يارقىن سۈرىتى
ئاق مانانلار لەيلەر ئۈستىدە.
ئۆچار تاش كاۋىكىدا بىر تەڭگە
چاقنار ۋاللىداپ
ئۈستەلدىكى ئاق قەغەزگە يانمۇيان
ھايات گەر بولسىمۇ چەكسىز شۇ قەدەر
باشتىكى ياغلىقتىن تاردۇر ئۇ ھامان.

## ئالامەت

ئىخ، مانا بۇ كارامەت:
قىش پەسلىنىڭ سەھەر جىلۋىسى
شەلپەر يۇپۇق ياپتى چىنارغا.
سىھىرلەنگەن جىلۋىدار شاخلار
قوللىرىنى سوزدى باغدىكى
زەر يىپىنغان ئىگىز تاملارغا.
«شىپىر - شىپىر» ئاياغ تىۋىشى
ئىسسىق ھۇجرىدىن چىققانچە لەيلەپ
ماموق قاردا كەتتى ئۇ ئىرىپ.
مۇشۇ سىنىڭ ھاياتىڭ، قىنىڭ
تومۇرۇمغا كىرمەكتە سىڭىپ.

## سۇرتۇپ قويااي پېشانەڭدىن قىرووۋنى

سۇرتۇپ قويااي پېشانەڭدىن قىرووۋنى،
چىقتىڭ چەكسىز سامانى سەن ئاختۇرۇپ.
ۋەھشىي بوران قانىتىڭنى سۇندۇردى،
ئويغاندىڭ سەن تىترەپ - تىترەپ شۈركۈنۈپ.

پېشىن ۋاقتى، ئالقانىڭ كۆيۈك سايىسى
دېرىزەڭگە چۈشتى سوزۇلۇپ،
تۇرار قۇياش كۆكتە مۇزدەك قورۇلۇپ.
كۆلەڭگىلەر قاتلانماقتا خالتا كوچىغا
يېنىمدا سەن،
دىلنى چىرماپ تۇرار تەئەججۇپ.



## ھاياتنىكى رەزىللىك

ھاياتنىكى رەزىللىك
دائىم ماڭا قىلىدۇ ھۇجۇم،
بوغۇزلانغان دەرياغا ئوخشاش
پەرياد ئۇرۇپ يىغلايدۇ يۇم - يۇم.
بەئەينى ئۇ ئاپتاپتا كۆيۈپ
تىترەپ تۇرغان زەپىران ياپراق،
ۋە يا قۇش ئۇ سەكراتقا چۈشكەن
تېگىپ كۆكتە غايىب بىرساداق.

قۇتۇلۇشقا نە بىر ئامالىم،
ياشاش كېرەك قىلماستىن پەرۋا،

ھەيكەلگە خوپ ئوخشار بۇ ھالىم.
چىڭقىچۇشتە گۈڭگا تەۋرىنىپ
شېرىن چۇشكە بۆلەنگەن گويا.
كۆك سەتھىدە ئاپپاق بىر بۇلۇت
ئۈزىدۇ تەمكىن.
قانات قېقىپ سامادا شۇڭقار
كېزىدۇ ئەركىن.

## ياز كۈنى سەيلە قىلدىم چىڭقىچۇشتە

باغ ئارا قىزىل تامنىڭ يېشىل سايىسى
چىرايلىرىم شۇنچە زەپىران
تىنىق توختىتىپ سالىمەن قۇلاق
يالىڭاچ شاخلاردا قۇشلار نالىسى
چۆپلۈكتە ۋىشىلداپ يۇرىدۇ يىلان.

چاكۇچاك بولغان سازلىققا باقسام
ياۋا پۇرچاق ئۇندا يېگانە
سەپ تارتىشقان قىزىل چۇمۇلە
پېتىراپ ھەر يان
قۇرۇق شۋاققا توپلىشار يەنە.

چاتقاللىقتىن سالىمەن قۇلاق
داتىسمان پىلەك ۋە ياپراقلار ئارا
بېلىق قاسرىقىدەك تىترەيدۇ دېڭىز
تومۇزغىنىڭ چىرىلداشلىرى
قورام تاشلاردىن قايتۇرار سادا.
ئوتتەك قۇياش قايدۇرىدۇ باش

قىنايدۇ كۆڭلۈمنى نامەلۇم ئازاب
تىكلەنگەن تاملارغا شىشە سۇنۇقى
كېزىمەن يېگانە شۇ تامنى بويلاپ
شۇنداق چېغى دەردلىك بۇ ھايات.

## ئېسىمگە چۈشتى خۇشناۋا كۆلكەڭ

ئېسىمگە چۈشتى خۇشناۋا كۆلكەڭ
كېزىپ قۇمساڭغۇ ساھىلدا بىردىن
زۇمرەتتەك سۇزۇك سۇنى كۆرگەندەك.
ۋە ياكى نۇرانە بىر ئەينەك كەبى
سايىلەرگە بېغىشلاپ جىلۋە
بۇلۇتلۇق كۆكنى ئاپتاپ سۆيگەندەك.
ئەسلىمدۇر ئۇ، پەقەت ۋە پەقەت
قەلبىمنى ئىزھار قىلاي مەن قانداق
تۇرسا مېنىڭدىن ئۇ شۇنچە يىراق.
ئايان بولار سېنىڭ كۆلكەڭدىن
ھۆرلۈك ۋە پاكلىق
ئۇ ئەمەستۇر قىلچىمۇ يالغان.
يۈرسەڭ مەگەر بولۇپ سەرگەردان
دەرد ـ ئەلەمدىن ئېسىپ تىلتۇمار
رەزىللىك سېنى ئەيلەر پەرىشان.

ساڭا شۇنى ئېيتاي مەن جانان،
خىياللارغا پاتقان شۇ سايەڭ
ھەسرەتلەرنى پەپلەر ئىللىق،
نازىنىن كۆلكەڭ

سىڭىپ كىرەر كۆل رەڭ ئىسمىگە
بولۇپ گويا يېشىل خىيابان.

## بىلمەيمىز

بىلمەيمىز ئەتكى تەقدىرىمىزنى
كۆتىدىكىن بىزنى نېمىلەر
بەختمۇ يا ھەسرەت ـ نادامەت؛
يوللار بىزنى ئېلىپ بارارمۇ
بۇلاقلار ياشلىقتەك جۇش ئۇرۇپ تۇرغان
قۇتلۇق ماكانغا،
ياكى بىزنى تاشلاپ كېتەرمۇ
تاغلارنى يىتتىرگەن ئەسلىمىلەرگە
قارىغۇ كېچىلەرگە
يا چوڭقۇر ھاڭغا؟
ياقا يۇرتلار
ئالار بەلكى بىزنى قوينىغا.
قۇياش ئۆچتى ئەسلىرىمىزدىن
ئاڭلانماس شېئىرنىڭ لىرىك ساداسى.
ئايلاندى ھەسرەتلىك تىلسىز تارىخقا
ھاياتىمىزنىڭ چۆچەك دۇنياسى!
ھەي ئاتا[1] بىزگە بولساڭچۇ ھېمات
سەن ياغدۇرغان شەپقەت ـ ئىلتىپات
لىرىك مىسرا بولۇپ تىللاردا
بۇلبۇل كەبى كۈيلىنەر، ھەيھات.

---

① ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى دېمەكچى.

## سالۋاتور كاشمودو

*(1901 ــ 1968) ئىتالىيە شېئىرىيىتىدىكى سېھرىي رېئالىزم ئېقىمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە شائىرى، 1959 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.*

*كاشمودو سىتسىلىيە ئارىلىدا تۇغۇلغان بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى شېئىرلىرىدا سىتسىلىيەنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرىگە، ياشلىق دەۋرىدىكى سۆيگۈنىگە بولغان سېغىنىشى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. بۇنىڭغا «سۇ ۋە تۇپراق»، «جىمجىت كەتكەن نەي ئاۋازى» قاتارلىق توپلاملىرى مىسال بولالايدۇ.*

*كاشمودو قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن، «ئىجتىمائىي شېئىرلار»غا كۆچكەن، «كۇنلەر»، «ھايات چۈش ئەمەس» قاتارلىق توپلاملىرىدا فاشىستلار كەلتۈرۈپ چىقارغان بالايىئاپەتلەرنى پاش قىلىپ، خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە مەدھىيە ئوقۇغان.*

### خەت

جىمجىتلىق
قېتىپ قالغان رەستىدە.

كۆز شاملى
ئۆملەپ يەر كۆكسىدە
ئوينار سولغۇن ياپراق بىلەن چىرمىشىپ.
سۆيۈشەر ھەم كۆتۈرۈلۈپ ئېگىزگە
يات ئەللەرنىڭ
كۆز چاقناتقان نامى بىلەن سىردىشىپ.

بەلكىم
ساغا ئىزھار قىلالماسمەن دەردىمنى،
يېڭى بىر كۈن چۈنكى بىزدىن يىراقتا.
بەلكىم
بۇ ھۆرۈنلۈق بىزلەرنى
قالدۇرارمۇ ئېچىنىشلىق ئازابقا.
ھايات
ئەمەس ھەرگىز يۈرەكنىڭ
ۋەھىمگە چۈشۈپ غال ـ غال تىترىشى،
ياكى بىچارىنىڭ مەدەت تىلىشى.
ھايات
قانلار كېچىپ ئېلىشىش دېمەك،
ئۆلۈم
قان ئىچىدە ئېچىلغان چېچەك.
قەدىرلىكىم ئۇنتۇما ھەرگىز
ئوقلار تېشىپ ئۆتكەن تامنىڭ ئۈستىدە
توق قىزىرىپ ئېچىلغان شۇ رەيھاننى.
بۈگۈن
بولالمايدۇ ئۆلۈم بىزگە تەسەللى،
ساپ مۇھەببەت ئۈچۈن قانچىلار
پىدا قىلغان بولسىمۇ جاننى.

# لىمون دەرىخىدە سايرار سېغىزخان

چېركاۋ ئالدى يېشىل چىملىقتا
تەڭكەش بولۇپ خۇشناۋالارغا،
ئوينار ئىدى پىرقىراپ ئۇسسۇل
باش ئوينىتىپ تۇتۇپ قولغا قول
شوخ باللار چۆرىدەپ مېنى.
بەلكى شۇنداقتۇر
ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي رەڭگى.

چۈشۈرمەكتە ئاسمانغا كېچە
پەردىسىنى ئېغىر ھەسرەتنىڭ.
تارام - تارام ئاينىڭ نۇرىدا،
يۇمرانغىنا چىملىق يولىدا
كۆلەڭگىسى تەۋرەر كۈلپەتنىڭ.
ئەسلەش —
شېرىن خىيال بېغشلار پەقەت،
ئويغىنىشقا ئەمدى كەلدى پەيت،
ياق، دېڭىزدا ئۇلۇغۋار تەۋرەش،
بۇ چاغلار
ئەمدى مەنسۇپ ئەمەستۇر ماڭا،
قىپقالغىنى خىياللار پەقەت،
شۇنچە يىراق، شۇنچىلىك غۇۋا،
ئەكېلىسەن جەنۇب شاملى
خۇش ھىدىنى لىمون گۈلىنىڭ،
ئۇچۇرۇپ كەت، شېرىن ئۇيقۇدا

قىپىالڭاچ ياتقان بالىنىڭ
ئۈستىدىكى ئاينىڭ نۇرىنى.
قۇلۇنلارنى كەتكىن ھەم باشلاپ
يامغۇر يۇيۇپ ئۆتكەن يايلاققا،
دېڭىزلاردا كۆتۈرگىن دولقۇن
ئورمانلاردىن قارا بۇلۇتنى
سۈرۈپ قوغلاپ كەتكىن يىراققا.
دېڭىز تامان ئۇچتى ئاققوتان،
چاتقاللىقتىن نىجاسەت پۇراپ،
لىمون شېخىدا ئەنە سېغىزخان
ئۇزاق - ئۇزاق تۇرماقتا سايراپ.

## ساختا يېشىللىق ۋە چىن يېشىللىق

جىمىپ قالدى ئوينىغان قەلبىڭ،
ئەمدى مېنى كۈتمەيسەن تەمكىن.
نېمە بولدى، ھالىڭ پەرىشان،
نەلەرگىدۇر باقىسەن غەمكىن.
سوغ دۇنيانى قاپلاپتۇ ئازاب،
تۆكۈلمەكتە شىلدىرلاپ غازاڭ.
ئېتىكىڭگە ئۇرۇلۇپ تەكرار،
ئۇ يېچىرلاپ قىلىدۇ پاراڭ.
دېرىزەمنىڭ سىرتىدا بۇلۇت
لەيلەپ يۈرەر سەرگەردان بولۇپ.

ئۇنتالمايمەن نازلىق كۈلكەڭنى،
زەڭگەر كۆڭلەك كىيگەن تۇرقۇڭنى.
مەجنۇنتالدەك يېپىپ يەلكەڭنى

دولقۇنلىنىپ تۇرغان زۇلفۇڭنى.
يادىمدىدۇر ئايدەك جامالىڭ،
سۇ ئەكسىدىن باققان نىگاھىڭ.
دىرىلدەيدۇ سارغايغان ياپراق،
كۆل رەڭ قۇشلار تۇرار پەرۋاسىز.
شاخلىرىدىن ئايرىلغان غازاڭ
ئۇچۇپ يۈرەر كۆكتە نىشانسىز.
ئاپرىلدا ساختا يېشىللىق
چىن يېشىللىق كەتكەن چىرمىشىپ.
رەڭمۇرەڭ گۈل ئېچىلغان باغدا
كۆرۈنەر ئۇ بەكمۇ چېنىشىپ.

قېنى ئەمدى گۈلدەك كەرەشمەڭ،
چۈشۈمگىمۇ كىرمەيسەن چاقناپ.
سېغىندۇردى ماۋۇق قوللىرىڭ،
ئىللىققىنا قويمايسەن قاراپ.
مەن يازىمەن ئوتلۇق خاتىرە،
كۆيلىرىمنى بىر ساڭا ئاتاپ.
مانا كۆكتە تۇرىمەن قاراپ،
رەزگى تەلەي بىلەن ئېلىشقان
يۈرىكىمدىن تەكرار ۋە تەكرار
بار ئاۋازدا قىلىمەن خىتاب.

## قارلىق كېچە

بولسىمۇ شۇنچە ھىم ئىشىك ۋە روجەك،
ئاڭلىدىم يىراقتىن ئۆكسۈشلىرىڭنى.
قار ـ مۇزغا كۆمۈلۈپ ياتار تاغلىق كەنت،
چوپاننىڭ كەپىسى ئىچرە ۋىژىلداپ

شۇ ئۇرغان تىنىمسىز چالدۇ پۇشتەك.
بىر دەملىك تاماشا ئەمەس ئەسلىمە،
لەپىلدەپ تۆكۈلەر قار ئۇچقۇنلىرى.
كۆمۈلۈپ قالماقتا ئۆي تۇرخۇنلىرى،
قىپقىزىل يۇلتۇزنى ياپتى ئىس ـ تۈتەك،
چوقچىيىپ تۇرىدۇ كۆمۈلۈپ قارغا
رەسەتخانىلارنىڭ ئەگىم ئىشكى.
قايدا سەن ياپيېشىل ئېقىنلىق قىرغاق؟
قايدا سەن ئارامبەخش يازنىڭ كېچىسى
سامادا تەبەسسۇم قىلغان ئاي ـــ ئوماق؟

كەينىمدە جىمغىنا تۈننىڭ قوينىدا
خورلانغان ئاۋازىڭ
پەقەت شۇ سادا.
بىلىمەن ۋەجنى ھەسرەتلىرىڭنىڭ
مەن سەندىن كۆپ ئۇزاق بولدۇمغۇ جۇدا.

## قىش كېچىسى

يەنە شۇنداق بىر قىش كېچىسى،
يۇتۇپ كەتتى راۋاق سائىتى
بوغۇققىنا تۈن تىۋىشىنى.
پەسلەپ چۈشكەن قارا بۇلۇتلار
يۇپۇقلىدى گۈل ـ گىياھلارنى
ۋە دەريانىڭ شوخ ئېقىشىنى.
جېنىم دوستۇم، بىلىمەن سېنى
ئاھ، يۈرىكىڭ يىغلىماقتا قان
كۆز يەتكۈسىز بۇ كەڭ دالادىن
تېپىلمىغاچ بىزگە بىر ماكان.

قىناپ سېنى زېمىن سۆيگۈسى،
ياش تۆكسەڭ بۇنداق ئۇن - تىنسىز.
چىشلىۋاپسەن كەشتە ياغلىقنى،
ياتسۇن دەمسەن ئۇنى دەخلىسىز؟
ئەنە مۇزدەك لەھەت ئىچىدە
يالاڭ ئاياغ شۇ ئۆسمۇر بالا
ئۇخلاپ ياتار چەكسىز ۋە چەكسىز.
ھېچكىم بىزگە بەرمىدى ئەسلەپ
ئانىلارنىڭ بۇيۇك ئىشىنى.
ھېچكىم بىزگە قىلمىدى بايان
سېغىندۇرغان يۇرتنىڭ چۈشىنى.

## قەبرە تەزكىرىسى بۇ بەلكىم

دۇنيادىن شۇ قەدەر يىراق بۇ ماكان،
كۆن نۇرى چېكەتكە سېپىلەر ئاران،
ئاخىرقى تومۇزغا چىرىلدار شاختا،
ئۇيقۇدىن بىزلەرنى بىر - بىر ئويغاتقان.
گۇدۇكنىڭ ساداسى كېزىدۇ ئېغىر
لىمبارد دالاسىغا سىلىپ ۋەھىمە.
قۇياشقا قاقلىنىپ قىزىغان ئاھاڭ
ئېيتقىنا، سەن زادى تىلەيسەن نېمە؟
زېمىندىن بىر تەۋرەش ئۆرلىدى يەنە.

## دەرەخ

ئېرىپ كەتتى سايەڭ تۇن ئارا،
غايىب بولدى كۆلەڭگەم مانا.

ئاناپونىڭ[1] ئويناق سۇلىرى
ئاق تەڭگىدەك يالتىرار گويا.
مارت كېچىسى يېشىل گىياھلار
چۆمۈلدۈ ئاينىڭ نۇرىغا،
مەدەت بېرىپ قېقىپ پەر قانات
ئالدىرىتار مېنى يۈرتۈمغا.

سايە ئۈچۈن ياشاپ نە قىلاي،
سولدۇم خۇددى تۆكۈلدۈم گۈلدەك.
باراقسان بوپ ياشىدىڭ بىراق،
زېمىن، قۇياش، زۇمرەت بۇلاقلار
ئابىھايات بەخش ئېتەر ئەلۋەك.
ئاھ، تېۋىنىپ ساڭا شۇ تاپتا
غوللىرىڭغا ياقىمەن يۈرەك.



## زېمىن

تۈن كېچە،
قېتىپ قالغان سايىلەر تامام،
بۆشۈكۈڭدە تەۋرىنىپ ئاستا
بار مەۋجۇدات ئالماقتا ئارام.
مىنىپ مەيىن تاڭ شامىلىغا
قۇچىقىڭدا قاقىمەن قانات.
دېڭىز
ھۇزۇرلىنىپ سابالىرىڭدىن

---

① ئىتالىيەدىكى بىر دەريانىڭ نامى.

خۇش ھىدىڭنى شورايدۇ پات - پات.
تاك نۇرلىرى كۈلسە ئۇپۇقتا
ساھىل تامان كېتەر ئاشىقلار.
يىراقلىشىپ يەلكەن قىرغاقتىن
دولقۇنلاردا ھىجران چايقىتار.

تاقىر دۆڭلەر ۋە يېشىل دالا
چەيلىمەكتە بەھۇزۇر يالماپ
ئۇندا چەكسىز يامرىغان پادا.
ئاھ، زېمىن،
سېنىڭ چەكسىز ئازابلىرىڭدىن
يۈرەك - باغرىم بولماقتا يارا.

## جەنۇب قايغۇسى



تولۇن ئاي قىزارغان مىس لېگەن كەبى،
كۈلتۈك قار ئاستىغا كۆمۈلگەن جاھان.
مۇدھىش شۇۋىرغاندا يېگانە ئايال
تۇرىدۇ يۈزلىرى تامدەك تاتارغان.

ئاھ، مېنىڭ مۇجۇلغان قەلبىم قېتىدا
قېپقالدى شىمالنىڭ چىمەنلىكلىرى.
قېپقالدى ئورىلىپ ئاپپاق تۇمانغا
جۇش ئۇرغان دەريانىڭ شوخ تىنىقلىرى.

ئېسىمدىن ئۆچمەكتە جەنۇب دېڭىزى،
ئۆچمەكتە ستىسلىيەنىڭ يېشىل دالاسى.
يولدىكى هارۋىنىڭ مۇڭلۇق ئۈنى ھەم
چوپاننىڭ ياڭراتقان بۇرغا ساداسى.

ئىسمىدىن ئۆچمەكتە،
پۇرچاق دەرىخى
يايلاقتا شال ئارتىپ قىزغۇچ تۇتەكتىن
يۇمران شاخلىرىنى يېنىك تىترەتكەن؛
كۆچكەن ئاق قاقىرلار ھەم ئاق تۇرنىلار
لومبارد دالاسىدا ئۇچۇشۇپ لەرزان،
دەرياغا پەيلىرىن چىلىشىپ كەتكەن.

چۇشۇڭگە ھەمراھكەن يۇرتۇڭ ھەر زامان،
ئايرىلىپ جاھاندا بولساڭ سەرگەردان.
نە قىلاي، يىراقتا قالدى شۇ جەنۇب،
قايتالماي يۇرىمەن قەلبىم پەرىشان.

ئاھ، جەنۇب مادارىدىن كەتتى ھالسىراپ،
جەسەتلەر توشۇلار سازلىقلارغا،
بۇ جەنۇب مادارىدىن كەتتى ھالسىراپ،
تەنھالىق ۋە كىشەن تۇرغاچقا چىرماپ.

ئاھ، جەنۇب مادارىدىن كەتتى ھالسىراپ
ئەلەملىك دەرد بىلەن تولغان قۇدۇقلار.
قىزارغان سۇلىرى يۇرتنىڭ قەلبىدىن
ئوقچۇپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قاندەك.

كېتىشتى تۇلپاردا يىراق يوللارغا
جەنۇبنىڭ باھادىر مەرد ئوغلانلىرى.
سايىسىن ئۇلارنىڭ تۆپىلىكلەردە
ئىللىتىپ تۇرماقتا يۇلتۇز نۇرلىرى.

يايلاقنىڭ لىۋىدە سۆيگۈ دەرىخى،
تاقەتسىز تىترەيدۇ ئۇنىڭ گۇللىرى.

چېچەكلەر يۈزىدە چوغلۇق جىلۋىسى،
قان كەبى قىزارغان مەزمۇت غولىرى.
نە قىلاي، ھەسرىتىم ئاشتى ھەسسىلەپ،
مېنى ھېچ چىللىماس جەنۇب يوللىرى.

زېمىستان بۇ قىشنىڭ ئۇزاق كېچىسى
تۇرماقتا يەنىلا بىزلەرنى قاپلاپ.
تۇرماقتا قەلبىمدىن ئۆرلەپ تىنىمسىز
مۇلايىم سۆيۈنۈش ۋە ئاچچىق ئازاب.
بىر سەۋدا بولدۇمغۇ يۇرتنىڭ ئىشقىدا
سۆيگۈسىز سۆيگۈدىن باغرىم مىڭ كاۋاپ.
ئېيتىمەن بىر ئاچچىق بىر لەزىز كۈينى
قەدىرلىك ئىنسانلار سىلەرگە ئاتاپ.



## دېڭىز دولقۇنى

تىڭشىدىم زوقلىنىپ قانچە كېچىلەر
دېڭىزنىڭ مەيىن دولقۇنلىرىنى.
ساھىلغا ناز بىلەن يېقىپ لېۋىنى
پىچىرلاپ يەتكۈزگەن كۆڭۈل سىرىنى.
كەلگەندەك بىلىندى ئۆتكەن كۈنلەردىن،
يېقىملىق بىر ئاۋاز ئوينىتىپ دىلنى.
ئەكس سادا ئويغاتتى تەكرار ۋە تەكرار
قەلبىمدە ساقلانغان ئەسلىمىلەرنى.

گوياكى تۈزلەڭگە ئۇچقان قۇشلارنىڭ
باھارغا ئىنتىلىپ سايراشلىرى ئۇ.

ۋە ياكى چايكىنىڭ قىيغىتىپ كۆكتە
قىيماستىن بوغۇلۇپ توۋلاشلىرى ئۇ.
ئىككىمىز ئۇنتۇلماس ئاشۇ كۈنلەردە
دولقۇنلار كۈيىگە بولغانتۇق سىرداش.
سەن مېنى، مەن سېنى سۆيگەن شۇ قەدەر،
سەن ئىدىڭ باغرىمدا كۈلگەن بىر قۇياش.

ئاھ، شۇ تاپ قەلبىمدە كۈچلۈك بىر ئۈمىد،
سېغىنچىم جۇش ئۇردى تىنماي تېپىرلاپ.
تىلەيمەن يەتسە دەپ ئۇنى قېشىڭغا،
تۈندىكى دېڭىزدەك ئاستا پىچىرلاپ.

## ئاق كۆڭلەك

كىرپىكلەر تېگىدىن تىكىلدىڭ ماڭا،
ئەۋرىشىم تېنىڭدە ئاق شايى كۆڭلەك.
قەلبىڭنى نامايان قىلدى ئاشۇ تاپ
سەل پىنهان كۆرۈنۈپ سەدەپتەك كۆكرەك.

بەستىمگە چېچىلدى ئاھ، نۇرۇڭ ئەلۋەك،
تىترىدىم چىرمىغان چاغدا ئاق بىلەك،
ئۇچراتتىم مەن سېنى قايتىدىن يەنە،
تەمتىرەپ، كېكەچلەپ، كەتتىڭ ئالدىراش.
بايقىدىم،
هاياتىڭ تارازىسىغا
قويۇپتىمەن قەلبىڭنى،
بۇمۇ بىر ياشاش.
ئاھ، ياشاش چېلىشقا نەقەدەر ئوخشاش.

سۇكۇنات قاپلىغان مارت كېچىسىدە
غۇرقىراپ يوللارنى كەزمەكتە شامال.
ئويغاندۇق،
ھەيرەتتە قارىشىپ قالدۇق
تۈنجى رەت ھاياتقا كۆز ئاچقان مىسال.

## تاك

ئاخىرلاشتى تۈنىنىڭ تىنىقى
ئوخشاپ گويا كۈمۈش تاۋاقتا.
مۆكۈندى ئاي زۇمرەت بۇلاقتا،
سۈزۈلگەندە ئۇپۇق تىنىقى.

ئەجەب گۈزەل بۇندا سىنتەبىر
گىياھلاردا چاقنايدۇ قەترە.
كۆرۈندۇ ئەتراپتا ھەممە
جەنۇب باھارىدەك كۆركەم، جۇش چىھر.

دوستلىرىمدىن بولدۇم مەن جۇدا،
يۈرىكىمنى قولدا كۆتۈرۈپ
تاش تام ئارا قويدۇم مەن كۆمۈپ،
ساڭا تەنھا بولۇشقا ھەمراھ.

تىكىلگەندە كۆزلىرىم ساڭا
كۆرۈندۇڭ شۇ ئايدىنمۇ يىراق.
كۆلمەكتە تاڭ روشەن ھەم پارلاق،
ئاتلار چاپچىپ بەرمەكتە سادا.

## گېئوسىپپى ئۇنگارىتتى

(1888 ـــ 1970) ئىتالىيە شېئىرىيىتىدىكى سىھىرىي رېئالىزىم ئېقىمىنىڭ مۇھىم بىر ۋەكىلى، دەسلەپكى مەزگىلدە سىمۋولىزىم بىلەن فوتورىزىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئۇنگارىتتى دەسلەپكى شېئىرلىرىدا تۇرمۇشنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى، ئۇرۇشنىڭ جىنايىتىنى ئەكس ئەتكۈزگەن، شېئىرىي شەكىل جەھەتتە كۆپرەك ئىز ـ دەنگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۆپىنچە قىسقا، رىتىملىق بولۇپ، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك، فاشىستلار ھۆ ـ كۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى دۇچ كەلگەن بوھرانغا بولغان قايغۇرۇش ھېسسىياتى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «ئاغدۇرۇلغان كېمىنىڭ خۇشاللىقى»، «دەۋر ئىلھامى»، «چۇقان ۋە مەنزىرە»، «چالىنىڭ خاتىرىسى» قاتارلىقلار بار.

## كالسودىكى سان مارتىنو بازىرى①

قاتار ـ قاتار كۇجۇم مەللەر
ئايلاندى تامام خارابىلىككە،

---

① كالسو تېغى ئىتالىيە بىلە يوگوسلاۋىيەنىڭ چېگراسى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىتالىيە بىلەن ئاۋستىرىيە ئارمىيەسىنىڭ جەڭ قىلغان جايى.

قالدى پەقەت
قىيسايغان تاملار.

شۇ قەدەر كۆپ
جانىجان دوستلار،
ھايات ياشاپ قالدى ئۇلاردىن
بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا،
قاتار - قاتار كىرىپستلار
يۈرىكىمگە تىكلەندى مانا.

كۆڭۈل باغلىرىم
ھەسرەتكە تولغان قەبرىگاھ گويا.

## سەرگەردان



دۇنيانىڭ ھەربىر
بۇلۇڭىدىمۇ
ياششىمغا
يوقتۇر ھېچ ئىمكان.

ئاياغ باسقان
ھەممە جاي
ناتونۇش ماڭا،
يۈرىكىمگە چىرماشتى
ھەسرەت ۋە پىغان،
بىراق مەن
بۇرۇن - بۇرۇنلا
سەۋر - تاقەتكە

كۆنۈپ قالغان.
يىللار ئۆتتى قوغلىشىپ،
بىلمەس مېنى ھېچ كىشى
جاھان كېزىپ
قايتىپ كەلدىم
كۈلپەتلەرگە تولغان
يىللاردىن.

راھەتنى
سۈرسەم ھاياتنىڭ
مەيلى ئىدى بىرلا دەقىقە
نېسىپ بولسا پاكىز بىر
تۇپراق.



## كېچىدىكى قاراۋۇللۇق

تاك ئاتقۇچە
ھەمرا بولۇپ تۇردۇم كۆزەتتە
ھالاك بولغان
شۇ سەپدىشىمغا.

لەۋلىرى ئۇنىڭ
چىڭ يۇمۇلغان.
مۇشتۇملىرى
تاشتەك پۈكۈلگەن.
يۈزلىرىگە
ئاي نۇرلىرى
سۇتتەك تۆكۈلگەن.

غىرىبلىقىمغا
كىرىپ كەلدى ئۇ،
قولۇمدا ئوينار ئاپپاق پەي قەلەم،
پۈتۈپ چىقتىم رىسالىلەرنى
مۇھەببەت بىلەن
ئاھ، ئەزەلدىن قىيالماي شۇنچە
مەن ھاياتنى
بۇنچە سۆيمىگەن.

## فېرناندو پېسسوئا

*(1888 ــ 1935) پورتۇگالىيەلىك مەشھۇر شائىر. ئۇ پورتۇگالىيەنىڭ ھازىرقى زامان شېئىرىيەت ئۇسلۇبىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ رىتىمدارلىقى كۈچلۈك، مەنىسى يېڭى، پىكرى ئۆزگىچە، ئىپادىلىشى ناھايىتى ئىنچىكە.*

### پورتۇگالىيە دېڭىزى

ئاھ دېڭىز، سەن نېچۈن نۇرلۇق شۇ قەدەر،
پورتۇگالىيەنىڭ كۆز يېشىمۇ سەن؟
قوينۇڭدا ئۈزدۇق بىز سېنى قۇچقىلى،
ياش تۆكتى سەن ئۈچۈن قانچىلاپ ئانا،
قانچىلاپ ئوغلانلار قىلدى ئىلتىجا،
قىزلارمۇ نىكاھسىز قالدى ھەم تەنھا.
سۈتتەك پاك بولسىلا ۋىجدان روھىمىز،
ئەرزىيدۇ سەن ئۈچۈن قىلساق جان پىدا.
كۆزلىسەك بۇخارىل قىرغاقلىرىنى،
ئۇنتۇيمىز ئازابىنىڭ پىراقلىرىنى.
تەڭرىنىڭ قۇدرىتى سەندىكى خەتەر،
سەندىكى چوڭقۇرلۇق كۆرستەر ھامان
ئاھ، گۈزەل جەننەتنىڭ قۇچاقلىرىنى.

## تەقدىرىڭگە ھەمدەم مەن

تەقدىرىڭگە ھەمدەم مەن، ھەمدەم،
گۈللىرىڭگە شىپالىق شەبنەم.
سىنى جان دەپ سۆيىمەن ئەركەم،
ئۆزگىلەرگە چۈشمەيدۇ سايەم.

تىلىگەننى بەرمەس رىيئاللىق،
گاھىدا ئاز، گاھى زىيادە.
ئۆزىمىزگە پەقەت ئۆزىمىز
باراۋەرمىز ھەر چاغ، ھەر يەردە.

بەخت دىمەكتۇر ياشاشنىڭ ئۆزى،
ئاددىي تۇرمۇش ئۇلۇغدۇر ھامان.
ئىسرىقداندا قالسۇن تەگرىگە
نەزىر بولۇپ ھەسرەت ۋە پىغان.

يىراقلاردىن باقىن ھاياتقا،
ئاڭا سوئال تاشلىما زىنھار.
بىلسەڭ ھايات ساڭا ئەزەلدىن
ھىچنىمىنى قىلمايدۇ ئىزھار،
جاۋاب بەرمەس ھەم پەرۋەردىگار.

كۆزۈڭ يۇمۇپ، بولۇپ جىم - تىمتاس
ئولىمپس تىغىنى قىلغىن سەن قىياس.
تەڭرى ھامان تەڭرى بەرىبىر،
مەۋجۇتلۇقتا تەپەككۇر قىلماس.

## يېپىلماقتا گۈگۈم پەردىسى

يېپىلماقتا گۈگۈم پەردىسى،
كۆز تىتۇىشى كەلمەكتە ھۇۋلاپ،
كېزەر كۆيلەپ مەغرىب شاملى
داللارنى زور تونغا ئوراپ.
چۈشۈمدىكى ئەرۋاھلار كەبى،
تەنھالىقنىڭ چۆلدە سويلاپ.
ياپراقلارنى كۆتۈرۈپ كۆككە،
زەردە بىلەن تاشلايدۇ ھەر يان.
شەپقەتسىزلىك ئۈلگىيار تىنماي،
ئۇچار نىمجان ياپراقلار سەرسان.
سوغۇق شامال بەرمەكتە شەپە،
سېزىپ بۇنى ياپراقلار، كۆكتە
چۈشكۈنلەرچە چېكىدۇ پىغان.

ئۈزاپ كەتتى، كەتتى تۈنۈگۈن،
جىمجىت گۈمران بولدى تىلەكلەر.
ئېيتقىنا بىر، كىم ئىدىم بۈگۈن
بوپ قالامدىم ئەتىكى دەردمەن
تۈنۈگۈنگە ئۆزگىرەيمۇ مەن؟
ئەتە يەنە كېلىدۇ بوران،
سوغ نەشتىرى تىترىتىدۇ جان.

## ئاي نۇرىدا، يىراق دېڭىزدا

ئاي نۇرىدا، يىراق دېڭىزدا
ئۈزۈپ يۈرەر بىر كىچىك يەلكەن.

جىمجىتقىنا.
سىرلارغا تولغان.

كۆڭلۈمنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ،
خۇددى تەنھا يەلكەنگە ئوخشاش
ئۈنسىز، تىۋىشسىز
چۈش دېڭىزىدا كېزىدۇ سەرسان.

قانداق دەردكە ئەسىر بولدۇم مەن،
قانداق ھېستىن قالدىم گاڭگىراپ؟
ئۈيۈپ قالغان كېچە قوينىدا
شۇ بىر يەلكەن ئۆتىدۇ سويلاپ.

## بەخت ئارىلى



دولقۇن ئارا ھەسرەت چېكەر كىم؟
بىپايان دېڭىز.
ئېيتار مۇڭلۇق ھېكايىلەرنى
ئېچىپ ئۇ ئېغىز.
جىمىپ قالار، كۆڭۈل ئاغدۇرۇپ
قۇلاق سالسىڭىز.
شېرىن چۈشكە بۆلەنگەندە بىز،
ئۈمىد چۆچكىنى قىلار ئۇ بايان.
ئۇخلاپ ياتساق بوۋاقتەك تاتلىق
كۈلەلەيدۇ كىم ئۇرۇپ خەندان.
بار دەيدۇ ئۇ بەخت ئارىلى،
غايىۋى مەنزىل،
ئۈمىد سۇلتانى...

ئاستا ـ ئاستا ئويغاندۇق مانا،
ياڭراپ بىردىن دېڭىز چۇقانى.

## يىراقتىكى ماياك

يىراقتا ماياك،
ۋاللداپ چاقناپ
ساڭا كېچە چوڭقۇرلۇقنى
قويدۇ تاشلاپ.
شۇ قەدەر چەكسىز ئۇزاق بۇ كېچە.
غېرىبلىقتا تولغان پالۇبا،
ھىجران دەردىنى يۇرەر ھاپاشلاپ.
يىراقتا ماياك،
زەپ قىسقا ھايات.
شۇنچە مەنىسىز ئويلىساڭ ھايات،
خىيال مەنىسىز، خىيال ھەم كاۋاك...
يىراقلاپ ئۆچتى يانغان ئاشۇ نۇر،
يىراقلاپ كۆزدىن يوقالدى ماياك.

## سۆيۈملۈكۈم، ئايرىلىپ سەندىن

سۆيۈملۈكۈم، ئايرىلىپ سەندىن،
يىراقلارغا قىلسامۇ ھىجرەت.
يۈرىكىمنى تىلسىمۇ ھەسرەت،
ئۇنتۇمايمەن سېنى تائەبەد.

سېنى شېرىن بىر ناخشا دەيمەن،
جېنىم دەيمەن، ھەردەم كۈيلەيمەن.

مەيلى جۇدۇن مۇزلاتسۇن دىلنى،
ئۇنتۇمايمەن سېنى تائەبەد.

تېڭىرقىغان يېگىت ئىدىم مەن،
مەكتەپ يولىدا كۆرگىنىڭدە سەن.
يىغلار بوران، دىلدا مىڭ ھەسرەت،
ئۇنتۇمايمەن سېنى تائەبەد.

ساھىبجامال بىر لالە ئىدىڭ،
ئىشقىڭدا مەن سەرسانە ئىدىم.
يىغلار بوران دىلدا مىڭ ھەسرەت،
ئۇنتۇمايمەن سېنى تائەبەد.

ئوتتۇڭ بىلەن ئۆرتەندى يۈرەك،
ئىشقىڭدا كۆكلەپ ئاچتى گۈل - چېچەك.
يىغلار بوران دىلدا مىڭ ھەسرەت،
ئۇنتۇمايمەن سېنى تائەبەد.

ئاي نازىنىن، يۇلتۇزلار پارلاق،
يىراقتا كۆك دېڭىز خوپ ئويناق.
تىندى بوران، دىلدا يوق ھەسرەت،
مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭ سەن بىراق.

سۆيۈملۈكۈم، ئايرىلىپ سەندىن،
يىراقلارغا قىلسامۇ ھىجرەت.
يۈرىكىمنى تىلسىمۇ ھەسرەت،
ئۇنتۇمايمەن سېنى تائەبەد.

## رېينىر مارىئا رىلكې

*(1875 — 1926) ئاۋستىرىيە شائىرى، مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيالماي ئەركىن يازغۇچى بولۇشقا بەل باغلىغان، كېيىن داڭلىق ھەيكەلتىراش رودىننىڭ شەخسىي كاتىپى بولغان. دەسلەپكى شېئىرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، مەزمۇنى چۈشكۈن بولغان. رودىننىڭ تەسىرىدە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى مەدھىيەلەشكە بۇرۇلۇپ، «يىلپىز»غا ئوخشاش نادىر شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «يېڭى شېئىرلار»، «مارىئانىڭ ھاياتى»، «ئورفېيغا بېغىشلانغان سونېت» قاتارلىقلار بار.*

### كۈز كۈنلىرى

ئۇلۇغ ئىگەم، ۋاقتى يەتتى ھەممىنىڭ
چىداپ كەلدۇق كۆيدۇرسىمۇ سەرەتان.
قېنى، قۇياش سائىتىگە چۈشۈرگىن سايە
قويۇۋەتكىن شامالللىرىڭنى
تۇلپار كەبى كەزسۇن باياۋان.

پىشسۇن ئەڭ ئاخىرقى مېۋىلىرىمۇ،
جەنۇب ئاپتىپىنى بەرگىن نەچچە كۈن.

قىيامغا يەتسۇن تېخىمۇ
ئاداققى شىرنىلىكنى سۈمۈرۈپ ئۆزۈم
جۇلالىنىپ مەي كەبى گۈلگۈن.
ماكانسىزلار يۈرەر بولۇپ سەرگەردان،
غېرىبلارنىڭ كۆڭلى ئۆتەر پەرىشان.
كىتاب ئوقار، مەكتۇپ يازار تۈنلەردە،
ئورمانلاردا كېزەر ۋە يەنە
يوپۇرماقلار بولغاندا خازان.

## ياشلىقتىكى چۈش

ئاھ، شۇلارنى سۆيىمەن —
توسۇن ئاتلارنى مىنىپ تۈن بويى
تۇياقلارنىڭ بورانلىرىدا
مەشئەللەرنى يەلپۈتكەن
لەپىلدىگەن سۇمبۇل چاچلاردەك.
قوش ماچتىلىق يەلكەن بېشىدا
تۇرىمەن جەۋلان قىلغان بايراقتەك.
ئۈستۈمدە چاقنار قىپقىزىل ساۋۇت،
ۋۇجۇدۇم تۇم قارا سىياھ چاچقاندەك.
ئارقامدا قاتار يەنە ئون كىشى
چاقنار تۈندىكى يۇلتۇزغا ئوخشاش
گاھى يوقىلىپ كېچىدىنمۇ بەك.
يېنىمدا تۇرىدۇ قانداقتۇر بىرى
ياگىرىتىپ مەن ئۈچۈن خىيالىي مەنزىل
چاقنىغان كانايىنىڭ بوغۇزلىرىدىن

نەرىلىك يا جىمجىت كېچىدەك بالقىپ.
گوياكى بىر تەلۋە چۇشلەردەك
چىقتۇق ئۇنىڭ قېنىدىن قاڭقىپ.
ئۆيلەر ئالدىمىزغا كەلدى سەجدىدە،
يوللار تەزىم بىلەن ئالدى قوينىغا،
مەيدانلار جىمجىتقىنا قالدى ئارقىدا.
قوغلاپ يېتەرمىز ھەممىنى ھامان
ئاتلار بوراندەك
تۇياقلار گۈلخان.

## ئېغىر كۈنلەردە

شۇ تاپتا دۇنيانىڭ قاي بىر يېرىدە
يىغلايدۇ بىمەھەل ئاھ ئۇرۇپ بىر كىم
يىغلار مەن ئۇچۇن.

شۇ تاپتا كېچىنىڭ چوڭقۇر قوينىدا
كۈلىدۇ بىمەھەل، كۈلىدۇ بىر كىم
كۈلەر مەن ئۇچۇن.

شۇتاپتا دۇنيانى كېزىدۇ بىر كىم
كېزىدۇ ۋەجىنى بولمايدۇ بىلىپ
يولى مەن تامان.

شۇ تاپتا دۇنيانىڭ قاي بىر يېرىدە
نېچۈنكىم جان ئۈزدى، ئۈزىدى بىر كىم
ماڭا تىكىلىپ.

## يىلپىز

— پارىژ ھايۋانات باغچىسىدا

تۇگىمەس رېشاتكىلار ماڭسا ـ ماڭسا،
تالجىقتى، زەئىپلەشتى كۆزى مانا.
كۆرمەس ئۇ شادىلاردىن باشقىسىنى،
كەينىدە شادىلارنىڭ يوقتۇر دۇنيا.

بەقۇۋۋەت پۇتلىرىنى نازۇك دەسسەپ،
شۇ كىچىك دائىرىدە ئايلىنار ئۇ.
قۇدرەتنىڭ تەنتەنىسى ئەجەبمۇ تار،
بۈيۈك بىر ئىرادىدىن يۇلقۇنار ئۇ.

كۆزىنى ئاچار ئۈنسىز گاھى ـ گاھى،
مەنزىرە نىگاھىغا بولار ئايان.
سىلكىنگەن ۋۇجۇدىدىن ئۆتۈپ جىملىق
يوقلار يۈرىكىگە چۆكۈپ شۇ ئان.

## ئايرىلىش

ئايرىلىش دەردىنى يەتكۈچە تارتتىم،
تونۇشۇپ بىۋاپا، رەھىمسىز بىلەن،
ئاھ، گۈزەل چاغلارنى غىل ـ پال كۆرستىپ
ملىڭ پارە ئەيلىدى دىلنى شۇ لىۋەن.

يېنىڭدا ئېپقال، دەپ يېلىنايمۇ مەن
چاقىردى ئىسمىمنى ماڭسام مەن ئۇزاپ.
سەدەپتەك سۇپسۇزۇك ئاشۇ نازىنىن
جىمى ئايالللاردەك چېكەر ھەم ئازاب.

سىلكىپ ئۇ قولىنى تۇرار تەلمۇرۇپ،
مەن ئۇچۇن ئەمەستۇر، ئەمەستۇر بىراق.
بىلمىدىم زادىلا،
بىر غېرىب كاككۇك
ئايرىلدى دەرەختىن ئۇۋىسىن تاشلاپ.

## تۇيغۇ

چەكسىز كۆكتە قورشالغان بايراق مەن گويا،
بەرداش بېرىپ يوپۇرۇلۇپ كەلگەن بورانغا.
يەر يۈزىنى سۈكۈت باسقان، يوقتۇر ھېچ سادا،
ئىشكلەرمۇ چىلق ئېتىلگەن، تۇرخۇنلار جىمجىت،
روجەكلەرمۇ تىترىمەيدۇ،
تۇپراق بىناۋا.

بىلدىم، بوران ھۇۋۇلىماقتا گويا دېڭىزدەك،
يۇلقۇنىمەن، يىقىلىمەن يەنە ئۆزۈمگە.
تاشلىنىمەن چەكسىزلىككە، تەكرار ۋە تەنھا
جەۋلان قىلىپ ئاشۇ بۈيۈك بوران ئەۋجىدە.

## پېتېر خاندكې

*(1942 ــ ) ئاۋستىرىيەنىڭ مەشھۇر دىراماتورگى، شائىرى، يازغۇچىسى، 1965 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە گېرمانىيەگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ خىل ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن، 1966 ـ يىلى «تاماشىبىنلارنى تىللاش» ناملىق دىرامىسىدا ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، داڭق چىقارغان. خاندىكېنىڭ «گېرمان تىلىدىكى شېئىرلار»، «ئىچكى دۇنيا بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ ئىچكى دۇنياسى» قاتارلىق توپلاملىرى بار.*

### تەتۈر دۇنيا

كۆزۈم ئوچۇق كەتتىم ئۇيقۇغا،
مەن نەرسىنى كۆرمىدىم، نەرسىلەر كۆردى مېنى؛
ئەينەكتىكى ئۆزۈمگە باقمىدىم، ئۇ باقتى ماڭا؛
مەن ماڭمىدىم، ئاستىمدىكى يول ماڭدۇردى مېنى؛
مەن سۆزلىمىدىم، سۆزلىمەكتە سۆز مېنى؛
دېرىزىگە قاراپ ماڭسام، ئېچىۋەتتى ئۇ مېنى؛
ئۆرە تۇرۇپ يېتىپ قالدىم؛

مەن كۆزۈمنى ئاچمىدىم، كۆز مېنى ئىچچۇەتتى؛
ئاڭلىمىدىم ئاۋازنى، ئاۋاز ئاڭلىماقتا مېنى؛
مەن سۇنى ئىچمىدىم؛ سۇ مېنى ئىچچۇەتتى؛
مەن نەرسىنى تۇتمىدىم، نەرسە تۇتۇۋالدى مېنى؛
مەن كىيىمنى سالمىدىم، كىيىم مېنى سېلىۋەتتى؛
بەزلىمىدىم ئۆزۈمنى، سۆزلەر مېنى بەزلىدى؛
ئىشىككە قاراپ ماڭسام، تۇتقۇچ مېنى ئىچچۇەتتى؛
تۇڭلۇكنى ئىچچۇەتسەم، بوپ قالدى كېچە؛
تىنىق ئېلىۋالاي دەپ، چۆكتۇم دېڭىز تەكتىگىچە.

قورام تاشقا دەسسىسەم، ئۇشۇغۇمغىچە كەتتىم چۆكۈپ؛
هارۋا شوتىسىدا ئولتۇردۇم، پۇتلىرىمنى مىنگەشتۇرۇپ؛
كۇنلۇك تۇتقان ئايالنى كۆردۇم، قولتۇقۇم تەرلەپ كەتتى؛
بىر قولۇمنى سۇنسام كۆككە، ئوت كەتتى؛
ئالمىغا ئۇزارتسام قول، چىشلىۋالدى مېنى؛
يالاڭ ئاياغ يول ماڭسام، بەتىنكەمدىن تاش چىقتى؛
جاراھەتتىن سويسام داكىنى، جاراھەت داكىدىن چىقتى؛
سېتىۋالسام گېزىتنى، ئۇ مېنى ئوقۇۋەتتى؛
ئۆلتۇردۇم بىراۋنى قورقۇتۇپ، چىقماي قالدى زۇۋانىم؛
قۇلىقىمغا پاختا تىقسام، ياڭراپ كەتتى چۇقانىم؛
سىگنال ئاڭلىنار، بايرام قوشۇنى ئۇستۇمدىن
دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى؛
كۇنلۇك تۇتسام بېشىمغا، تاپىنىمدىن ئوت كەتتى؛
قېچىپ چىقسام شەھەردىن، ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى.
يول ئۇستىدە كەتتىم پۇتلىشىپ،
سۆزلىدىم ئاغزىمنى يۇمماستىن تۇرۇپ،

نەرسىنى تۇتتۇم مەن مۇشتۇمنى تۈگۈپ،
كۈلۈپ كەتتىم ئىسقىرتىپ تۇرۇپ.
چاچلىرىمنىڭ ئۇچىدىن ئاقماقتا قان،
گېزىتنى ئاچسام، بوغۇلدى دىمىقىم شۇ ئان،
قۇسۇۋەتتىم ئېسىل نازۇ نېمەتنى،
بايان قىلدىم كەلگۈسىدىكى قىسمەتنى.
كايىپ كەتتىم يوق بىر ئىشلارغا،
ئۆز - ئۆزۈمنىڭ تېگىگە يەتتىم،
مەن بىراۋنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم.

قۇشقاچ مىلتىقنى ئالدى قارىغا،
كۆردۈم چۈشكۈنلەرنىڭ سائادىتىنى؛
ئەمچەكتىكى بوۋاق قۇچار ئۇمىدنى،
بىر كىشى كېچىدە ئەكەلدى سۈتنى.
پوسۇلكىنى سورار پوچتىكەش؛
باستىر چۆچۈپ كەتتى ئويغىنىپ؛
ساقچىلار تام تۈۋىدە تۇرار تىزىلىپ؛
ھەزىلكەش تاماشىبىنلارغا تاشلىدى بومبا؛
سۈيىقەست يۈز بېرەر چىققاندا شاھت.
پۇتبول كوماندىسىغا يەل بېرەر گۆركار؛
دۆلەت باشلىقى قەستلەر بولكىچى شاگىرتىنى؛
مارشال كوچىلارغا ئىسمىنى ئويار؛
تەبىئەت ساداقەتتە رەسىم سىزار؛
ئۆرە تۇرغان پايانى قويۇپ بېرىدۇ چاچلار.
تىڭشا، گەردىش سىرتىغا چىقىپ قالدى سائەت!
باق، كۆيۈپ تۈگەي دېگەن شام كەتتى يوغىناپ!

تىڭشا، چۇقانلار يۇرەر تىلىنى چايناپ!
باق، چۆپلەر شامالدا قالماقتا تولغاپ!
تىڭشا، ھۆركىرىگەن قۇشلار تۇرار ياغراپ!
باق، كۆتۈرۈلگەن قوللار تۇرار ساڭگىلاپ!
تىڭشا، سوئاللار بۇيرۇق چۇشۇرەر توۋلاپ!
باق، ئاچ - زارلار كەتمەكتە سەمرىپ!
تىڭشا، قارلار كەتمەكتە چىرىپ!
سۇبھى نۇرى كەتمەكتە ئۆچۈپ،
تۇرار ئۇستەل بىر پۇتلۇق بولۇپ،
قاچقۇنلار ئولتۇرار باداشقان قۇرۇپ،
ئەڭ ئۇستۈنكى قەۋەتكە
تۇرار تىراللىبۇس بېكىتى قونۇپ؛

تىڭشا، ھاياتنىڭ يۇكسەك پەللىسى —
ئۆلۈمدەك ئىمتاس!
ئويغاق تۇرۇپ كەتتىم ئۇيقۇغا،
قېچىپ كەتتى قەبىھ چۈشلىرىم
ئىللىق، مېھرىبان رېئاللىق تامان،
— ئوغرى كەلدى، قاتىلنى تۇت! دەپ
غىڭشىيدۇ ئۇ شادىمان!
جەسەت كۆردۈم دەپ سالىمەن چۇقان
كەم - كوتىسىز يالغان !

## گېئورگى سېفېرس

*(1900 ــ 1971) گىرېتسىيە هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، هازىرقى زامان ياۋروپا شېئىرىيىتىدە بىرقەدەر گەۋدىلىك ئورۇنغا ئىگە شائىر. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «بورولۇش نۇقتىسى»، «رىۋايەت ۋە تارىخ»، «دېڭىز خاتىرىسى» قاتارلىقلار بار. ئۇ ئۆمرىدە مىللىي ۋە شەخسىي دەرد ـ ئەلەملەرنى بېشىدىن كەچۈرگەچكە، شېئىرلىرىدىن بىر خىل ھەسرەت پۇراپ تۇرىدۇ. ئەمما، ماھىيىتىدىن ئالغاندا، يەنىلا ئاكتىپئاللىق ھەم ئۈمىدۋارلىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇ 1963 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.*

### بورولۇش نۇقتىسى

پۇرسەت،
مېنى سۆيۈندۈرگەن قول
ئېلىپ كەلگەن پۇرسەت بۇ ماڭا،
قانات قېقىپ قارا كەپتەردەك
تۈن كېچىدە كەلدى يېنىمغا.

ئاپپاق بىر يول ياتار ئالدىمدا،
تىنىقلىرى يېنىك ھەم سەبىي.

تامامىلاندى كەچلىك غىزامۇ،
پۇرسەت پەقەت بىر تال قوم كەبى.
تاقەت قىلدىڭ ئېغىر كۈنلەرگە،
ئۈندىمىدىڭ چىشلەپ لېۋىڭنى.
يەتتە باشلىق يالماۋۇز گويا
كېزىپ يۈرەر ئېرەمبېغىڭنى.

## ھەسرەتلىك قىز

خىيال سۈرۈپ تاشنىڭ ئۈستىدە
ئولتۇرسەن كۆكۈم ۋاقتىدا.
ئېقىپ چۈشەر قارىچۇقلىرىڭدىن
تارام - تارام ھەسرەتلىك ناخشا.

جۇدۇن سوققان يوپۇرماق كەبى
تىترەر تامدەك ئاقارغان لېۋىڭ.
نېمە قىسمەت قىيندى سېنى،
دەرد تۆكىدۇ، يىغلايدۇ قەلبىڭ.

ئارام بەرمەي پىنھان تىلىكىڭ،
تۆكۈلىدۇ كۆز يېشى بولۇپ.
تېۋىنىدۇ قاياقلارغىدۇر،
تولغان تېنىڭ ھەر يان تولغىنىپ.

ئاھ ئۇرمايسەن چەكسەڭمۇ ئازاب،
ئۇرغۇپ تۇرار شۇنداق بىر قۇدرەت.

كۆكتە يۇلتۇز چېچەكلىگەندەك
سېھرى بېرەر ئالەمگە زىننەت.

## ئەسلىمە

— دېڭىزمۇ قالمىدى.
«ئىنجىل»دىن

قولۇمدا پەقەت قالدى بىر تال نەي،
كېچە جىمجىت، ئاي يۈزى سۇنۇق،
يامغۇر ھىدىدە خۇش پۇرار تۇپراق.
پېچىرلىدىم: ئەسلىمىلىرىم،
تېگىپ قويساڭ چاقىدۇ چاقماق،
ئاسمان بەك كىچىك، قالمىدى دېڭىز،
كۈندۈزىدە ئۈلتۈرگەنلەرنى
يارىيار ھارۋىغا سېلىپ
تۆكۈۋېتەر تاغنىڭ كەينىگە.
خىيال سۈرۈپ چالىمەن نەينى؛
ئۇ قېرى چوپاننىڭ سوۋغىسى ماڭا،
خەيرلىك كەچ دېگەن مەن ئاڭا.
خەقلەر تەرك ئەتتى بۇنداق سالامنى:
ئويغىنىپلا ئېلىپ ساقالنى،
باشلىۋېتىدۇ قىرغىنچىلىقنى،
يوق ئۇلاردا سۆيگۈ، ھېسسىيات؛
بىلىمىز، ئۆلۈم ھامان ئالار ھېساۋات.

بىر ناخشىغا چالغۇم بار نەينى،
خىجىلمەن ئۇ دۇنيا ئالدىدا،

كېچە كەيىندىن
ۋىجدانىمنىڭ روجەكلىرىدىن
تىكىلىپ تۇرىدۇ ئۇ دۇنيا ماڭا،
پۇتۇلگەن ئۇ شۇنداق سۆيگۈدىن
تىرىك تەنلەردىن، يورۇق دىللاردىن
ئۆلۈملەرگە تىز پۈكمەيدىغان
ئىنسانلار، تاشلار، سۇ ۋە گىياھتىن.

يۈرۈپ كەتتىم خىرە يول بويلاپ
كىرىپ قالدىم كونا بېغىمغا،
كۆمۈۋەتتىم نېمىنى يەرگە
پىچىرلىدىم ئۆزۈمگە يەنە:
ھامان بىر كۈنى تىرىلەر ھەممە،
قىزىلگۈلدەك ئېچىلىدۇ تاڭ،
كۆكلىگەندەك باھاردا ئورمان
يارىلىدۇ دېڭىز ۋە ئوكيان،
ئافرودىتنى تۇغار دولقۇنلار،
بىز ئۆلگەن ئۈرۈق.
غېرىب ئۆيۈمگە يول ئالدىم شۇ ئان.

## ئودىسسېئوس ئېلىتىس

*(1911 ـــ ) گىرېتسىيەنىڭ كولىت ئارىلىدا تۇغۇلغان، ئافىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن ئوقۇغان، كېيىن فىرانسىيەگە بېرىپ ئەدەبىيات ئۆگەنگەن. «نىشان»، «يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياش» قاتارلىق دەسلەپكى شېئىر توپلاملىرىدا سۇررېئالىزملىق تۇس قويۇق ئەكس ئەتكەن. 1943 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تەڭرىگە نالە»، «ئەلۋەتتە» ناملىق داستانلىرى 20 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر ئەسەرلەر دەپ قارالماقتا. ئۇ 1979 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.*



### قەھرىمان مەرسىيەسى

ـــ ئالبانىيە ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە لېيتنانتىغا بېغىشلايمەن.

**1**

قۇياش تۇنجى رەت قونغان شۇ جايدا
ۋاقىت قىز كۆزىدەك ئېچىلغان چاغدا
ئۆرۈك چېچەكى قاردەك تۆكۈلۈپ
ئاتلار تۇيىقىدىن ئوت چېچىلغاندا

مەغرۇر سىلكىنىدۇ دۇب ياپراقلىرى
ھەربىي تۇغ چوققىدا قىلىدۇ جەۋلان
ئۇندا ياراق تۇتۇپ باقمىغان ھېچكىم
تەڭرى ياراتقان بۇ چەكسىز جاھان
سەھەر مەڭزىدىكى شەبنەمدەك گويا
تاغلار ئېتىكىدە چاقنايدۇ شۇئان.

تەڭرى ھەسرەت چېكىدۇ شۇ تاپ
بىر قارا كۆلەڭگە كېلىدۇ يامراپ.

يادەك ئېگىلدى ئازابىنىڭ بېلى
گۈللەرنى خار قىلدى بىر نىجىس قولى؛
قۇرۇپ كەتكەن ئەسكى يارلىقتا
ماتەمدىن بوغۇلدى ناخشىنىڭ گېلى؛
ئاراللار مۇزلىغان راھىب بېشىدەك
تونغرايدۇ سۈكۈتتە قاقشال بولكىنى.
يۈرەكلەرنى تېشىپ كىردى قىش،
يۈز بېرەمدۇ كۈتۈلمىگەن ئىش.
تاغلار ئات يالىسىدەك كەتتى ئۆركەشلەپ.

بولكا ئۇۋاقلىرىنى قىلىدۇ تەقسىم
قۇرغۇيلار ئېگىز كۆك قەرىگە ئۆرلەپ.

## 2

بالقىدى قۇرتلاپ كەتكەن كۆلدىن ھاياجان.
يوپۇرماقلارنى چىرمىغان بوران
قۇسىدۇ پاسىق ئۇستىخانلارنى.

مېۋىلەر تۆكۈرەر ئۇرۇقلىرىنى
تۇپراق يوشۇرىدۇ قارا تاشلارنى.
ۋەھىمە چاشقاندەك قازىدۇ كامار
چىشى بۆرىدەك كۆل رەڭ بۇلۇتلار.
ئاسمان ئورمىنىدىن چىقىدۇ ھۇۋلاپ،
قارا يامغۇرنى كېلىدۇ باشلاپ،
سوئگرە مۇزدەك قار ياغىدۇ لەپ ـ لەپ
تاقىر جىلغىلارغا كىرىپ ئۇ قىستاپ
ئالماقچى بولىدۇ ھەركىمدىن جاۋاب:
ئوت ياكى شەمشەر!

ئوت ۋە شەمشەر تۇتۇپ يول ئالغانلارغا
رەزىللىك بەلكىم بۇندىن باشلىنار.
نائۇمىد قالماس كىرىپىست زادىلا
تۇرسىلا يىراق ـ يىراق جايلاردا
ۋىيئولىت گۈلى بولۇپ ئىلتۇمار.

3

كېچە ئۇلار ئۇچۇن ئازابلىق كۈندۇز
ئۇلار پولاتلارنى ئېرىتەر،
يەرنى چاييناپ تۈكۈرەر،
پۇرايدۇ تەئگرىسى تاپىدىن بەتتەر.

ھەربىر چاقماق ئۇزىتىدۇ ئۆلۈمنى كۆككە
تىكىلىدۇ ئۆلگەنلەرگە بولۇپ ئۇ كۆلكە
نېمە دېسە دېسۇن تەقدىر ھەر نېمە.

پىستان چاقتى ئوقلار بىردىن، يىغلىدى روھلار
ئۇچۇپ كەتتى ئوق پارچىسى قۇياشقا قاراپ
دۇربۇن، قورۇل، زەمبىرەكلەر قالدى ھەم توغلاپ.

ئاق خەسنى يىرتقاندەك بوران
تېشىلگەندەك جىگەر، ئاشقازان
پولات قالپىقى چۈشتى دومىلاپ
شۇنچىلىك ئاسان...

تۈن پەردىسى يېيىلدى بىراق،
جان تالاشقان يىلانغا ئوخشاش
قاراپ تۇرۇپ ئەزرائىل ئۇزاق
زەردە بىلەن پاتۇردى تىرناق.



4

ئۇ ياتىدۇ كۆيگەن پىلاش ئۈستىدە،
مەيىن شامال تاراپ ئۆتەر چېچىنى.
قۇلىقىدا تۇرار بىر تال يېشىل چۆپ
قۇشقاچ تاشلاپ كەتكەندەك باغ ئىچىنى.
كېچىدىكى تىلسىز ناخشا ئۇ گويا
يا ئەمدىلا توختاپ قالغان بىر سائەت
كىرپىكلىرى دەيدۇ: «ئەلۋىدا، باللار»
چۆچۈشلىرى قېتىپ قالغان تاش پەقەت...

ئۇ ياتىدۇ كۆيگەن پىلاش ئۈستىدە،
ئەتراپ زۇلمەت قاپلىغان چۆل - باياۋان.

ئېچىرقىغان ئىتلار ھاۋشىپ تىنمايدۇ،
تاش كەپتەردەك قېتىپ قالغان سائىتى
ئۈندىمەستىن نېمىندۇر تىڭشايدۇ.

كۆيدى كۈلكە، پاڭقاي بولدى زېمىنمۇ
ناللەرنى ئاڭلايدىغان كىشى يوق،
دۇنيامۇ ھەم بولۇپ قالدى قۇپقۇرۇق.

ئاشۇ بەش تۈپ قارىغاينىڭ ئاستىدا
شامغا ئوخشاش بىرنەرسە يوق كېچىدە،
ئۇ ياتىدۇ كۆيگەن پىلاش ئۈستىدە.
قالپاق قۇرۇق، يەر بويالغان قان بىلەن،
ئوڭ يېنىدا سۇنغان بىلەك ياتىدۇ.
ئىككى قاشنىڭ ئارىسىدا قارا ئىز
قېتىپ قالغان ئەسلىمىلەر ياتىدۇ.

قارىمىغىن ئاڭا سىنچىلاپ
تامامىلانغان بۇ جايدا ھايات.
سۆزلىمەي قوي، نېمىلەر بولدى،
چۈشلەر كەتتى ياساپ ھەم قانات.
ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتتى ھەش - پەشلەر
خوش دېمەستىن مەڭگۈلۈك قۇياش
كېتىپ قالدى بىزلەرنى تاشلاپ.

5

قۇياش، قادىر ئىدىڭغۇ سەن ھەممىگە؟
قۇشلار، پۈتمەس ئىدىڭغۇ شاد كۈيلىرىڭ؟

بۇلۇتلارنى تېشىپ ئۆتكەن ئىدىڭ نۇر،
قېنى، ئەي باغ، پورەكلىگەن گۈللىرىڭ؟
قارا يىلتىز، سېنى نەي قىپ چالار كىم؟
تەنھا دەرەخ تىترىگەندەك يامغۇردا
روھسىز تەندىن تەقدىر بىزار بولغاندەك،
شىۋىرغاندا سەۋدايى ئاھ ئۇرغاندەك،
جۇپ كۆزلەردىن ئاقار ياشلار تامچىلاپ.
بۇركۇت سورار: قېنى قەيسەر ئەزىمەت؟
قايغۇرىدۇ ئانا چېكىپ مۇڭ - ھەسرەت.
ئاھ، ئانىلار ئىزدەر ئوغۇللىرىنى
دوستلار سورار: قېرىنداشىم قېنى دەپ.
سىلاپ باقار قارنى —
قولنى كۆيدۈرەر،
سىلاپ باقار قولنى —
توڭلاپ ئۈششۈگەن،
چىشلەپ باقسا ناننى —
تامار قىزىل قان.
كۆككە باقسا قانسىرىغان كۆك - ئاسمان،
نېچۇن، نېچۇن ئۆلۈم بەرمەس ھارارەت،
نېچۇن نانمۇ شۈركەندۈرەر تەنلەرنى،
نېچۇن قۇياش چاقنىمايدۇ ئاسماندا،
ۋاھ دەرىخا، ئېيتقىن بۇ نە كارامەت؟

6

ئۇ قاملاشقان بىر يىگىت ئىدى،
تۇغۇلغاندا تاغلار ئەگكەن بېشىنى.

خۇشاللىقتىن كۈلۈپ كەتكەن باشاقلار
سىلىس تېغى ئۇنى ئىللىق پەپىلەپ،
ئېگىرىغاندا سۇرتكەنىدى يېشىنى.
يۇنانلىقلار كەلدى قورال كۆتۈرۈپ
شىمال ياقتىن سوققان شامال دەممۇدەم
يۈگەك بىلەن كۆككە ئاتتى ئۇچۇرۇپ...
ئۆتتى يىللار، باھادىرلار ئات مىنىپ
كۆرستىشتى ئوقيا ئېتىپ كارامەت.
دولقۇن ياساپ ئاققان سىتۇن دەرياسى
ۋادىلاردا ئاپپاق سىگان گۈلنى
كولدۇرمدەك جىرىڭلاتتى رەتمۇرەت.
ئۇپۇقلاردىن كەلدى دېڭىز چوپىنى
ئاق يەلكەنلىك پادىلارنى ئەكەتتى.
ئۇندا دېڭىز ئېغىر - ئېغىر ئۆكسۈيدۇ،
قورام تاشمۇ يىغلار چېكىپ نادامەت.

يىگىت بولدى ئۇ بەقۇۋۋەت زەبەردەس،
كېچە قىزلار ياتار ئۇنىڭ قويىندا.
ئۇ بۇلغايدۇ كۆڭلىكنى يۇلتۇزنىڭ
پاك مۇھەببەت كۆۋەرەيدۇ قېنىدا
زېمىندىن ئۇ سۈمۈرۈپ خۇش پۇراقنى
قىزلار بىلەن چۇشىدۇ شوخ ساماغا
قۇياش ئۆرلەپ، سەھەر ئاڭلاپ قالغۇچە،
كۆرىدۇ تاڭ، گۈللەرنى ئۇ پەپىلەپ
ئوينار يۇمران شاخلاردىكى قۇياشنى،
ئېيتىپ بېرەر ياكى مۇشۇكياپىلاققا

مۈڭلۈق ئەللەي ناخشىسىنى پىچىرلاپ،
تىنىقىدىن كېلەر رەيھان گۈپۈلدەپ،
يۈگلۈق كۆكسى شۇنچە مەغرۇر - مەردانە
ھۆر ئىستىكى تۇرار ئۇندا پارتىلاپ...
يىگىت ئەمدى بىر جەسۇر ئوغلان،
پۈزۈر فورما، يېنىدا ناگان.
ئەزىمەتتەك تاشلايدۇ قەدەم،
مىس قالپىقى چاقنىغان نىشان
(تېشىپ ئۆتتى ئوق شۇنچە ئاسان
سۇرەلمىدى بىچارە زۇۋان!)
سەپداشلىرى تۇرۇپ يانمۇيان
قىساس ئالدى مەلئۇنلىرىدىن
ئادالەتنى قىلىپ نامايان!
چېكىسىدىن تېمىپ تۇرار قان
ئالبان تاغلىرى سالىدۇ چۇقان،
ئېرىپ كېتەر مۇزلۇق چوققىلار
ۋۇجۇدىنى پاكلايدۇ قىيان،
ھالاك بولغان قېيىقتەك گويا
ياتىدۇ ئۇ سەھەر قوينىدا
جىمجىت بىزۇۋان.
ئىككى قولى چەكسىز باياۋان،
ئاھ، لەۋلىرى ئۇرمايدۇ خەندان،
چاقماق چاقىدۇ ئالبان تاغلىرى
زارلانمايدۇ ۋە تۆكمەيدۇ ياش
چۈنكى يىگىت ئەزىمەت ئوغلان.

## 7

**كېچە كەبى قاپقارا ئورمان،**
**يىرتقۇچتەك ئېتىلىپ كېلىدۇ بوران.**
**چوققىلار تىزلىنىپ قىرىۋۇ ئۈستىدە**
**پاناھلىق ئۆچۈن ئىزدەيدۇ ماكان.**
**جەسەتلەرنىڭ ئۈستىدىن**
**قىياغا يامىشار ھۆركىرەپ ھاڭلار...**
**ئوغلىنى يوقاتقان سەۋدايى ئانا**
**كۆكسىدە كىرىپستتەك بىر تال يېشىل چۆپ**
**ياش تۆكمەي ئايلىنىپ يۈرىدۇ ھەر يان.**
**بېلىدە ئۇنىڭ قارىلىق بەلباغ،**
**ھىلال ئايدەك بىر مېدالىيون.**
**ھەسرىتىنى كۆرمىسۇن دەيدۇ**
**ئېقىپ چۈشسە يۇلتۇز ۋە چولپان**
**يۈگۈرۈپ - يۈگۈرۈپ توختاپ قالىدۇ**
**ھاسىراپ، ھۆمۈدەپ، ئەنسىز بىدەرمان...**

يىرتقۇچتەك ئېتىلىپ كېلىدۇ بوران.
غېرىبلىق چىرمىشىپ ئالار پېشىگە
تىڭشايدۇ يىراقنى، گۈڭگا كۆنلەرنى
سەجدىگە ئولتۇرۇپ بولۇت كەينىدە.

چاڭگىدەك چۇۋۇلغان ئاتا چاچلىرى
مەيلىلا، ئىچىنى بوشاتسۇن يىغلاپ
مەيلىلا، مۇز يېغىپ تۇرغان ئۆيىدە

ئولتۇرسۇن يېگانە ئويلاپ تېخىرقاپ.
كىملەرنى تۇل قىلمىغان تەقدىر
يىغلاشقا يارىتقان قىز - ئاياللارنى
ئەزىمەت ئەرلەرنى جەڭلەرگە ئاتاپ
گۈللەر يارالغان قىزلار كۆكسىگە
دولقۇنلار غەزەپتە نەرە تارتىشقا
قانلار ئېقىشقا
ئەركىنلىك ئەبەدىي نۇرلار چېچىشقا.

8

يىتتى يەر يۈزىدىن ئۇنىڭ ۋەتىنى،
كۆتۈرمەيدۇ ئەرلىك غۇرۇرى بۇنى،
قۇياشقا ئىلتىجا قىلىپ باشقىدىن
ئىزدەيدۇ يېڭى دېڭىز يولىنى.
ياكى يۇغۇرۇپ سۇ ۋە تۇپراقنى
باشقا بىر ئاسماندا قىلدۇ بەرپا
گىرىپتسىيەلىك ئاچا - سىڭىلنى
قۇياشقا دەڭلار، ئاچسۇن يېڭى يول
باشلاپ بارمىسۇن دەستار گۈلگە
ئېچىلسۇن دەستار گۈل يېڭىچە تۇستە
ئۈزۈپ خار قىلمىسۇن ئۇنى نىجىس قول.

هۆرلۈككە ئېرىشسۇن ياۋا كەپتەرلەر،
دەردىنى تۆكمىسۇن دېڭىز ۋە ئارال.
شامال يۇشتەك قىلىپ قۇلۇللەرنى
ئازاب - ئوقۇبەتتىن بەرمىسۇن سىگنال.

ئېچىلار ئاتلىق قوشۇن بېغىدا
روھلارغا ئىلھام بەرگۈچى ئەتىر
ئۇندا كۆز چاقنىتار شوخ كېپىنەكلەر
قىزدەك رەڭدار كېپىنەكلەر
قۇياش نۇرىنى سۆيىدۇ لەۋلەر
گۈل چاڭلىرىدىن مەست بولار قوڭغۇز
تىڭشايدۇ شاخلاردا قۇشلار زوقلىنىپ
خىسلەتلىك ئۇرۇقتىن بۇ ئېسىل دۇنيا
كەلدى ئەلمىساقتىن شۇنداق تۆرىلىپ.

## 9

ئاتا قىلساڭچۇ يېپيېڭى قولنى
ئېيتىپ بەرمەكچى ئۆرلەپ ئۇ ئەرشكە
يۇلتۇز باللىرىغا ئەللەي كۈيىنى.
ئاتا قىلساڭچۇ يېپيېڭى پۇتنى
پەرىشتىلەر بىلەن ئۇ ئوينايدۇ ئۇسسۇل
پەرۋەردىگار، بەر ئاڭا شۇنداق كۆز
كۆرۈنسۇن يارى بولۇپ قىزىلگۈل.
ئاتا قىل ئاڭا ساپ ۋە يېڭى قان
شادلىقتىن يايرىسۇن ئېچىلىپ راسا
يەنە بەرسۇن ئېغىزنى سولماس غۇنچىدەك
ئۇپۇقلارغا دېمەكچى ئۇ ئەلۋىدا.
كۈندۈزى شاپتۇللارغا بولۇپ پاسىبان
كېچىسى ئېكىنزارنى قىلار پەرۋىش
ئۇ چەكسىز دالىغا يېقىپ يېشىل شام
قۇياشقا تېۋىنىپ سالىدۇ چۇقان.

قۇيۇندەك چاپىدۇ جەڭ ئاتلىرىدا
بولۇپ ئاكىللىستەك قورقماس قەھرىمان.
سىرلىق ئاراللارنى كېزىپ چىقىدۇ
سۆيىدۇ تۇخۇمسىمان كىچىك تاشلارنى
سوگرە تاتلىق ئۇيقۇغا چۆكۈپ
چۈشلەر دېڭىزىنى ئېتىدۇ سەيلان
ئىزدەيدۇ يېڭى پۇت، يېڭى قولنى
يېڭى كۆز، يېڭى قان ۋە يېڭى تىلنى
گىگانت تاش ئۈستىگە چىقىپ مەردانە
مۇقەددەس ئاۋازدا دەيدۇ: «ئەزرائىل،
ئەمدى ئېلىشايلى راسا بىر مەيدان».

## 10

بېغىشلايمىز ئاڭا دەپ ھايات،
قۇياش ۋە شامالLارغا قىلار قەسەميات،
رەزىللىك بەربىر بولىدۇ بەربات.
چىنار شاخلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرار،
ئالتۇندەك شولىلار، زۇمرەت شەبنەملەر
كىرپىست يالتىراپ كۆزنى چاقنىتار،
زاھىر بولغاندەك ئالىيجانابلىق
خەيرلىك دەس تۇردى قولدا قىلىچ
جاكارلىدى ئۇنىڭ كۆزىچە:
«مەن ھايات تېخى» دەپ شۇنچە جاراڭلىق.
ئامان بول، قەدىمىي دەريالار، تاغلار.
تەگرى ئوغلىنى كۆردۈڭ سەھەردە
چىشلەپ تۇرىدۇ ئانار شېخىنى
پاكلىنىپ زۇمرەتتەك سۇزۇك كۆللەردە؛

ئامان بول، سەھرانىڭ ئالقات دەرىخى،
ياسانغىن پۈركىنىپ قىزىلگۈللەرگە
ئاندىرو[1] چۈشنى كېتەر ئوغرىلاپ؛
ئامان بول، قايىنغان چەشمە بۇلاقلار،
پۈتىغا سۆزلىمە ئاستا پىچىرلاپ،
ئەي، جانان، سەن ئۈنىڭ يۈرەك پارىسى،
بۇلبۇلى، يۇلتۇزى، مەريەم ئانىسى،
چۈنكى ئىنسانىنىڭ ئۆمرىدە پەقەت
مۇھەببەت يالقۇنى چاقنايدۇ بىر رەت،
يۇلتۇزغا تولىدۇ سېھىرلىك ئاسمان،
قۇشلارنىڭ قەلبىدە بېزىلەر ئورمان،
شائىرنى ئىپارغا پۈركەيدۇ رەيھان.

بايقالسا ناۋادا پىنھان رەزىللىك
ئۆرتىگىن، يوقاتقىن، پاكلانسۇن جاھان.



## 11

ھەسرەت چېكىپ كۆزى ئاققان گۇناھكارلار
بەختسىزلىكتىن قېچىپ جان تالاشقانلار
تېگىرقاپ يۈرۈشەر تۇمان ئىچىدە
قايتىپ كەلدى ماڭلىيىدا پۆپۈكلىرى يوق
قايتىپ كەلدى پۇتلىرىدا تىرناقلىرى يوق
قايتىپ كەلدى دېڭىز سۈيى چايقىغان —
يالقۇن تاغقا، ئۈزۈمزارلىققا
ئاينى ساپان قىلغان ئېكىنزارلىققا

---

[1] گىرېتسىيەنىڭ دېڭىز ئارىلى.

ماندالىن بار ئۇندا تارى ئۈزۈلگەن —
تايغانلارنىڭ تىرنىقىدىن قان پۇراپ تۇرغان
قار - بوراندا يەسمەنگۈل ئېچىلىپ تۇرغان.

قارا بۇلۇت ئەسىر قىلدى گۇناھكارلارنى
يوق ئۈلارنىڭ تۇرمۇشىدا سۈپسۈزۈك شەبنەم
يوق قوي - پاقلان، ئېسىل شاراب، ئۈزۈم ۋە ناگان
يوق قەدىمي كاۋچۇك ھەمدە غەزەپلىك بوران
ئىككى كۆزى تۇرار چەكچىيىپ
نىگاھىدا ئون سەككىز ئالەم.
قارا بۇلۇت ئەسىر قىلدى قوغلاپ كەينىدىن
يوق ئۈلارنىڭ ھەيۋە بىلەن تۇرغان تاغىسى
ئوقنى بەتلەپ تۇرغان دادىسى
ئوز قولىدا قەتلى قىلغان ئانىسى
ئۇسسۇل ئويناپ كۆكرەكلىرى يالىڭاچ
ئۆلۈملەرگە پىسەنت قىلماس مومىسى.

قارا بۇلۇت ئەسىر قىلدى شۇ گۇناھكارنى
چېكىنمەستىن كۆكتە قارا بۇلۇت ئالدىدا
مانا، تەنھا شەرەپ بىلەن يۈكسەلدى ئالغا.



## 12

ئۇ كېلىدۇ چىمەنلەردە مەرد قەدەم تاشلاپ
يۈكسىلىدۇ كۆككە، چېھرى شەپەقتەك چاقناپ.
گۈلچى قىزلار شوخلۇق بىلەن قىلىدۇ شەرەت
ئاۋازلىرى كۆكتە تاراپ كېتەر تۇماندەك
دەرەخلەرمۇ مېھرى بىلەن ئېگەر بېشىنى

شاخلىرىدىن قۇشلار ئۇچۇپ چىقار سالام دەپ
يوپۇرماقلار رەڭ تۈزەيدۇ قۇياش نۇرىدا
ئېيتقىنا بۇ نە كارامەت، زېمىنغا باقساڭ
ئاق تەنلىكلەر يەر ئاغدۇرار يېشىل سوقىدا
تاغ ـ چوققىلار يىراقلاردا چاقنايدۇ
ئۇپۇقلاردا باھار سۆيگەن تاغلارنىڭ
ئارمانلىرى ئىچ ـ ئىچىگە پاتمايدۇ.

چېھرىدە نۇر، يۈكسىلەر ئۇ پەلەككە
يورۇپ كېتەر قەلبى ئېمىپ قۇياشنى
بۇلۇت ئىچرە ئايان بولار ئولىمپىس
ئەتراپىدا دوستلار ئۇنىڭ قاياشى...
مانا، قاندەك جۇش ئۇرىدۇ ئارمانلار
چىغىر يولدا جەم بولۇپ بار ھايۋانلار
چېكەتكىدەك سايراپ سالار چۇقانلار
دەيدۇ گويا ئۇلار: چەكسىز بۇ ئالەم
باللىرىنى ئەخمەق ئەتكەن بىر ئادەم.

يىراقلاردا مىس قوڭغۇراق تىنماي ئۈنلەيدۇ
ئەتە چوقۇم كۆكتە پاسخا بايرىمى دەيدۇ!

## 13

كىرىستال قوڭغۇراق ئۈنلەر يىراقتا.
ئۇ قىلىدۇ بايان:
ھەسەل ھەرىسى ئېپار ئىچىدە ئۈزگەندەك جان
بۇ دۇنيادا ئۆرتىنىپ ئۆلگەنلەرنى؛
ئۇ قىلىدۇ بايان:

نۇرلىرىنى چېچىشقا قىلسىمۇ ئارمان
تۈنجۈقۈپ يەر تېگىدە قالغان سەھەرلەرنى؛
ئۇ قىلدۇ بايان:
دىللاردا چاقناپ غايىب بولغان ئاق قارلارنى —
يىراقلاردا ئوق ئاۋازى ئاڭلانغاندا
ئالبان كەكلىكى كۆكتە پەرياد ئۇرغاندا.
دەيدۇ ئۇلار: يىغلاشقىمۇ ئۇلگۈرمىدى ئۇ
سۆيگۈ ئەقىدىسى بولغاندا گۇمران
ئاشۇ چاغ ئۇلغىيىپ تېخىمۇ بوران
تورۇسدا ئەسكى تۈگمەننىڭ
قۇشقاچلار قىلىشقان نالە - يۇ پىغان
مۇڭلۇق ناخشىلاردىن ئۆرتەنگەن جۇۋان
گويا ياغلىقىنى چىڭ چېكىلەپ
تۇرار روجەك يېنىدا ئېڭەكنى يۆلەپ
كېلىدۇ يىراقتىن ئەنسىز شۇم خەۋەر.
توختىدى ئىشكىدە تاراقلاپ بىر ئات
سۆزلەپ بەردى: يالغۇز قالدى بېشى دەپ
ئوچۇق كەتتى كۆزى دەپ
قىران ياشلىق سىڭىپ كەتتى تۇپراققا
يوللىرىغا ئەمدى باقما، دەپ.

## 14

تومۇردا ئارزۇلار جۇش ئۇرار مانا
ھەقىقىي دەملەرنى جاكارلار دۇنيا:
ھۆرلۈك، ئەركىنلىك
گىرىپتسىيە زۇلمەتتە تاپتى يولىنى

ھۆرلۈك، ئەركىنلىك
سەن ئۈچۈن قۇياشمۇ شادلىقتىن يىغلار.

دېڭىزغا چۈمۈلەر رەڭدار قىيالار
يەلكەنلىك كېمىلەر ئۈزەر يايلاقتا
ئاندىن تۇغما بوپ نومۇسچان قىزلار
ئەرلەرنىڭ كۆزىچە كېيىكتەك تاقلار
خىجىللىق ئىسقىرتار شاخلار كەينىدە
دوستلار، ئەڭ ئېسىل جاي بۇ ئەسلىدە...
ھەقىقىي دەملەرنى جاكارلار دۇنيا.
يېشىل چىمەنلەرنى سۆيۈپ تاڭ نۇرى
شېشىدەك سۇزۇلۇپ كۆلگەندە ئاسمان؛
يالقۇنلۇق قۇياشتەك كەتتى نۇرلىنىپ
لەنىتى غېرىبلىقا كۆمۈلگەن ئارمان؛
ئۇنىڭ ئىستەكلىرى ئىدى بىر ۋولقان؛
قۇشلار ئۇنىڭغا دەيدۇ مەرھابا،
ئەركەكلەر جان دوست دەپ، قىلار ئىلتىجا
«ئەي، بەخت قۇشلىرى، يوقالدى مامات»
جەننەتنىڭ زىياسى ئۇنىڭ بېشىدا
خىسلەتلىك نۇرلارنى بالقىتار قات ـ قات.

يىراقتا ئۇنلەيدۇ سۇزۇك قوڭغۇراق:
ئەتە چوقۇم تەڭرىنىڭ پاسخا بايرىمى.

## ئېدىس سودېرگىران

*(1892 ــ 1923) رۇسىيەنىڭ پېتېربۇرگ شەھىرىدە شىۋېت تىلىدا سۆزلىشىدىغان فىنلاندىيەلىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1902 - يىلىدىن 1908 - يىلىغىچە پېتېربۇرگدا گېرمانىيەلىك ئاچقان بىر چېركاۋ مەكتىپىدە ئوقۇغان ھەم گېرمان تىلىدا شېئىر يېزىشقا باشلىغان، ئون بەش يېشىدا ئانا تىلى بولغان شىۋېت تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان.*

*بۇ تالانتلىق ئايال شائىر ئوتتۇز بىر يېشىدا فىنلاندىيەنىڭ چەت بىر سەھراسىدا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئېلان قىلغان «شېئىرلار»، «سېپتەمبىر لىرىكىسى»، «قىزىلگۈل مەرسىيەسى»، «كېلەچەك كۆلەڭگىسى» قاتارلىق تۆت توپلىمى ئەينى ۋاقىتتا ئوبزورچىلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئاتمىش نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ شىمالىي ياۋروپا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچقان دەپ ئېتىراپ قىلىنغان.*

# سوۋۇماقتا كۆندۈز...

1

سوۋۇماقتا زاۋالدا كۆندۈز...
قوللىرىمدىن ئۆزدە هارارەت،
ئۇندا باهار تىنىقى ئاتەش،
باغرىڭغا ئال بىلەكلىرىمنى،
سۆزلەيدۇ ئۇ تىلەكلىرىمنى،
تەنلەر ئارا قۇترايدۇ تۇيغۇ،
قۇچىقىمغا تاشلا بېشىڭنى،
نەقەدەر ئۇز، سۆيۈملۈك بۇ كەچ.



2

ئوتقاش كەبى سۆيگەن گۈلۈڭنى
تاشلىدىڭ پاك مامۇق باغرىمغا.
قۇرۇپ كەتتى بىرپەستىلا ئۇ،
ئالسام ئاتەش ئالقانلىرىمغا.
كۆزۈڭ مۇزدەك تۇرسىمۇ چاقناپ،
گۈلتاجىڭنى ئالدىم ئاۋايلاپ.
نە ئۇچۇندۇر بېشىم بىردىنلا
كۆكسۈم تامان چۈشتى ساڭگىلاپ...

3

ۋىسالىغا يەتتىم مەن ئاخىر،
تونۇۋالدىم ئۇنىڭ تۇرقىنى.

ئاق بىلىكىم ئۈنىڭ ئىلكىدە،
نازاكەتلىك شوخ كۈلكەڭ قېنى؟
مەغرۇر ئىدىم، ھۆرلۈكۈم قېنى؟
ئەسىر ئاڭا تىترەك تەنلىرىم،
قۇلىقىمدا رەھىمسىز سادا
يەكسان ئەيلەپ زەئىپ چۈشۈمنى
يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ ماڭا.

4

چېچەك ئىزدىدىڭ
يەتتىڭ ئانارغا؛
بۇلاق ئىزدىدىڭ
يەتتىڭ دەرياغا؛
يەتمەكچى ئىدىڭ
گۈل رەناغا،
بىر روھنى تاپتىڭ
قالدىڭ بالاغا.

## كەچ كۈز

ئورمانلارنىڭ ئالتۇن رەڭگىدە
چايقىلىدۇ سۇزۇك كۈز پەسلى...
ئۇ جىلمىيىپ باقار ئالەمگە.
چۈشلىرىڭدە نە ئارزۇ، نە دەرد،
خالمايسەن ياكى خىيابان.

كۆمۈلسەن گۈل ـ چېچەكلەرگە،
ئۈخلاپ ياتسالىڭ، ياستۇق يېنىدا
ئوتقاشتەك مەي، بىر دەستە رەيھان...
كۆز كۆنلىرى ئۆڭدى تىلەكلەر،
سوۋۇپ كەتتى ئۈنلۈك قوللىرى.
چۈشلىرىدە كۆرمەكتە ئەمدى،
تۆكۈلگەننى كۈمۈش گۈللىرى.

## يۇلتۇزلۇق كېچە

بىھۇدىدۇر ئۇزاق كۈتۈشلەر
بىھۇدىدۇر چەككەن دەرد ـ پىغان،
گويا سىنىك كۆلكەڭگە ئوخشاش
مەنىسىزدۇر بۇ زەئىپ جاھان.
تۆكۈلمەكتە مۇزدەك يۇلتۇزلار،
كېچە تىمتاس، كېچە مۇقەددەس،
چۈش قوينىدا جىلمىيار سۆيگۈ،
سۆيگۈ ئىزدەر چاقناشنى مەڭگۈ...
بىھۇدىدۇر قورقۇپ يۈرۈشلەر،
بىھۇدىدۇر چەككەن دەرد ـ پىغان،
شۈنچە پۇچەك، مەنىسىز جاھان،
ئەبەدىيلىك ئۈزۈكلىرىگە
سۆيگۈ بارمىقى كىرمەكتە هامان.

## تۈن لىرىكىسى

ئايدىڭ كېچە، ئوغۇز رەڭ كېچە،
زەڭگەر رەڭلىك يۇمران دولقۇنى.

نۇر ئېقمى ئۆركەشلەر تىلسىز،
ئۇزەر قوغلاپ بىرى - بىرىنى.
كۆلەڭگىلەر قوندى يوللارغا،
ئۆكسۈپ يىغلار ساھىلدا چاتقال.
قىرغاقتىكى جاۋاھىراتنى
ساقلار گىگانت بەستلىك بىر چال.
ياز كېچىسى چەكسىز جىمجىتلىق،
چۈش قويندا تەۋرەر تەبىئەت.
دېڭىز ئۇزرە ئۇزگەن تولۇن ئاي،
نازاكەتلىك كۆرۈنەر قەۋەت.

## ئېۋامانا

*(1921 — ) فىنلاندىيەدە 50 - يىللاردا قىزغىن قارشى ئېلىنغان ئېرىشكەن ئايال شائىر، شۇنداقلا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن دىراماتورگ، نەسرچى ۋە تەرجىمان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «بۇ سەپەر»، «فارىنگبىت 121 گىرادۇس» قاتارلىقلار بار.*

### سەھەر پەيتى ماڭسام شۇ تامان

دەرەخلەردىن، يوپۇرماقلاردىن
سىرغىپ چۈشەر يايپېشىل سەھەر؛
دەرەخلەردىن، يوپۇرماقلاردىن
تاراپ كېتەر قۇشلار ناۋاسى
شامال بىلەن ئۇپۇققا قەدەر.
ئالمىشىدۇ پەسىللەر بىر - بىر،
سۆرەپ هوسۇل هارۋىلىرىنى
جىمجىت جىلغىدىن چىقار ئالتۇن كۈز.
جۇۋىسىنى يېپىنغاندا قىش
يوپۇقلىنار كەڭ دالا - ئېتىز.

### يالىڭاچلاندى دەرەخلەر تامام

يالىڭاچلاندى دەرەخلەر تامام.
تۇلپارلىرىنى ئاپپاق تۇمانىنىڭ
قوغلىۋەتتى شۇ دەريا تامان.

يىراقلاردا ھاۋشىيدۇ ئىتلار.
ھارۋىكەشسىز شۇ كىچىك ھارۋا
غايىب بولدى بىر ئۆزى تەنھا.
دەرەخ تۈۋىدە ئۇخلىسا يۈرەك
ئەرۋاھ ھەيدەپ كەتكەندۇر بەلكىم.
ئەرۋاھ چوقۇم ئەسلىمە دېمەك.
ئەجەب بالدۇر كەلدى بۇ كېچە،
قىش تەپتىمۇ قالدى يىقىلاپ
قۇدۇق كەبى جىمجىت ھەم سوغۇق.

## ب. كاپلان

*(1926 ــــ ) فىنلاندىيەنىڭ داڭلىق شائىرى. ئۇ شېئىرلىرىدا تەنقىد ۋە تەھلىلگە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «سالقىن كېچە»، «قۇدۇق»، «ئايلىنىدۇ ئاق كېچە» قاتارلىقلار بار.*

### تىڭشا

تىڭشا
سۈكۈت ئىچىدە
قالمىدى سۈكۈت:
تىرناقلار،
سىپىللار.

## گارسىيا لوركا

*(1898 — 1936) ئىسپانىيە شائىرى، 1936 - يىلى ئىچكى ئۇرۇشتا فاشىستلار پارتىيەسى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى خەلق قوشاقلىرىنى مەنبە قىلىپ يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئۈلگىسى بولالايدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا، قويۇق رومانتىك كەيپىياتقا ئىگە بولۇپ، هازىرقى زامان ئىسپانىيە شېئىرىيىتىگە ناهايىتى كەڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «شېئىرلار»، «سىگان قوشاقلىرى»، «شائىر نيۇيوركتا» قاتارلىقلار بار.*



### ئاتلىق كىشىنىڭ ناخشىسى

كولدوبا
يىراق هەم تەنها.

تولۇن ئاي ئاستىدا قاپقارا تايچاق،
كاۋچۇك شاخلىرىدا يالتىرار مۇنچاق.
يوللار تونۇش ماڭا شۇ قەدەر،
كولدوباغا كەلمىگەن بىراق.

قىزارغان ئاي، قاپقارا تايچاق،
شامال ئارا كېزىمەن دالا.
كولدوبانىڭ مۇنارلىرىدا
ئۆلۈم قاراپ تۇرىدۇ ماڭا.
قېنى چاپقىن، جەسۇر تايچىقىم،
ئەجەب مۇشكۈل ئۇزاق بۇ يوللار!
كولدوباغا يەتمەستە تېخى
ئۆلۈم يۈگۈرۈپ ئالدىمغا چىقار!
ئەي كولدوبا
يىراق ھەم تەنھا.

## جۇئان رامون جىمېنز

*(1881 ـــ 1958) ئىسپانىيەنىڭ هازىرقى زاماندىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر رومانتىك لىرىك شائىرلىرىنىڭ بىرى. دەسلەپتە مودېرنىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئەسەرلىرىدە يۇرتىنىڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشنى، تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق ۋە غەم ـ قايغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساسىي تېما قىلغان، ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا قىتئەسىگە سەرگەردان بولۇپ بارغان، 1956 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «تەنهالىق سادالىرى»، «روھ سونېتلىرى»، «يېڭى توي قىلغان شائىرنىڭ خاتىرىسى»، «ناخشىلار»، «ئۆتكەن كۈنلەر» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى بار.*



### تەنهالىق

هەممە مۇجەسسەم، ئەي دېڭىز، ساڭا،
يىراق ئۆزۈڭ يوقسىز هەم تەنها،
ئۆزۈڭ ئۆزۈڭدىن بەك يىراق ئەمما!

دولقۇنلىرىڭ سۆيۈپ مەڭزىمدىن،
تارام ـ تارام ئەيلەيدۇ يارا،
گويا ئۇچقۇر خىياللىرىمدەك

كېلىدۇ ـ يۇ، كېتىدۇ يانا
گاھ سۆيىدۇ، گاھ ئەيلەر جۇدا،
ئەبەدىيلىك تونۇشتۇر، ئەمما
نە ئۇچۇندۇر تونۇشماس ئەسلا.
مانا سەن بۇ، بىلمەيسەن ئۆزۈڭ،
يۈرىكىڭنى سەزمەيسەن ئۆزۈڭ...
غېرىب دېگىنىز، سەن شۇنچە تەنھا!

## كۈز لىرىكىسى

كۈتمەن كۈز سېنى روجەك ئالدىدا،
ئۆتىدۇ مەڭزىمنى سىلاپ سوغ شامال.
دالىدا ئېزىقىپ قالغان قىزىلگۈل
سىرلىق خۇش ھىدىنى چاچار بىمالال.

سايىگە ئايلاندى نەۋقىران چاغلار،
شوخلۇققا بېرىلدى ئاچچىق خاتىمە.
مۇھەببەت ئەجەبمۇ كەلدى كېچىكىپ،
تومۇرلار تەمترەپ سوقماقتا ئەنە.

ھاياتلىق يىراقتا جىلۋىلىنىدۇ،
سۆيۈملۈك چاغلارغا كىم بولار بېزەك.
ياپراقلار ئارىسى تىنچ، خىياباق،
شوخ كۈيلەر مېھرىگە قانمايدۇ يۈرەك.

نازاكەت كېزىدۇ ناخۇش تېڭىرقاپ،
تۇپراقتىن ئۆرلەيدۇ يېپيېڭى ھېسلار...
كەلگىنە، مەڭزىمدىن سۆيسەڭچۇ، ئەي كۈز،
قەلبىمدە ئۇستەكلەر، چېقىن چېقشلار.

# تۆتلىكلەر

## كېچە

كۆۋرۈككە ئوخشايدۇ گوياكى ئۈيقۇ،
ئايرىلار بۇگۈندىن ئەتىگە بىزنى.
كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا چۈشلەر بىر دۇنيا،
ئېقىتىپ كېتىدۇ بىزنى ھەم سىزنى.

## قۇملۇق ۋە دېڭىز

ئۇ يۇق سېنىڭ تېنىڭدۇر،
ئۇ يۇق مېنىڭ جېنىمدۇر.
ئۇ چېتىگە بارسام يەنە شۇنچە قۇم،
چەتلىرىگە يەتسەڭ يەنە دېڭىزدۇر.

## يەردە نۇر

كۆكتە گاھى يۇلتۇزلار
چاقنمايدۇ، يانمايدۇ.
يەردە تۇپراق ئاسماندەك
نۇرلىنىدۇ، پارلايدۇ.

## مېنىڭ سەن

سەن مېنىڭسەن، مېنىڭسەن ھامان،
باشقىسىنى سۆيمەيمەن بەلكىم.
مەن بولمىسام بىلمەيسەن، جانان،
سېنى مەندەك سۆيمەيدۇ ھېچكىم.

## توماس ترانستروم

*(1931 ـــ ) شىۋېتسىيەنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر شائىرى. ئۇ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بىلەنلا داڭق چىقارغان. شېئىرلىرى ئون نەچچە دۆلەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.*

### قارا ئىسىملىك كارتوچكىسى

1

كالېندار يېزىلىپ پۈتتى، كېلەچەك غۇۋا،
ئىگرار ستولبىلاردا ۋەتەنسىز ناخشا.
قار لەيلەپ چۈشمەكتە جىمجىت دېڭىزغا،
پورتلاردا كۆلەڭگىلەر كۆتۈرەر غوۋغا.

2

ئۆلۈم غىرىچلاپ كېتەر تەنلەرنى،
گاھىدا ئېسىدىن قالىمىز چۈشۈپ.
ھايات يەنە شۇنداق ئېتىدۇ داۋام،
كېپەنلىك جىمغىنا قالىدۇ پۈتۈپ.

## لاسسىن نۇرى

*(1944 ــ ) شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات سەھنىسىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ياش شائىر. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «سىرىنگول ۋە قار»، «داۋان» قاتارلىقلار بار.*

### بۇ يول بەلكىم...

بۇ يول بەلكىم
تۇتاشمايدۇ ھېچ ياققا،
كېلەر ئۇ ياقتىن كىملەردۇر بىراق.

# ئالېكساندىر بلوك

*(1880 ــ 1921) رۇسىيەنىڭ داڭلىق شائىرى، 1897 ـ يىلىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان، 1904 ـ يىلى سىمۋولىزم، رېئالىزم ۋە رومانتىزم تۈسىگە ئىگە «ساھىبجامال توپلىمى»نى ئېلان قىلىپ زور شۆھرەت قازانغان.*

*بىلوك رۇس ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ بۈيۈك ئۇستازى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. گوركىي ئۇنى «چېكىدىن ئاشقان سەمىمىي شائىر» دېگەنىدى. مايا ـ كوۋسكى «بىلوك پۈتكۈل بىر شېئىرىيەت دەۋرىنى ياراتتى» دەپ قارىغان.*



## سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن قورقىمەن

سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن قورقىمەن،
چىدىمايمەن كۆرەلمىسەم ئۇنىڭدىن بەك.
ھەيران بولۇپ ئەتراپىمغا باقىمەن،
ئاچچىق ھەسرەتلەرگە تولۇپ بۇ يۈرەك.

كۆلەڭگىلەر كوچىلاردا ئاقىدۇ،
تىرىكلىكىن بىلىپ بولماس نېمىشقا.
چىقىپ چېركاۋ سۇپىسىدا تۇرىمەن،
جۈرئىتىم يوق قايرىلىپ بىر بېقىشقا.

قاي بىراۋنىڭ قولى تۇرار مۈرەمدە،
يادىمدا يوق ئۇنىڭ ئىسمى زادىلا.

ھازا ئېچىپ ماڭغانلارنىڭ نالىسى
يېقىندىنلا ئاڭلىنىدۇ دائىما.

ئەرش گۇمبىزى ئوراپ تۇرار ئالەمنى،
پەسلەپ چۈشكەن ئاسمان شۇنچە قاپقارا.
بىلىمەن، سەن بۇ يەردىلا، يېنىمدا،
سەن بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى نېرىدا.

## قوڭغۇراق ساداسى ئاڭلىنار يارقىن

قوڭغۇراق ساداسى ئاڭلىنار يارقىن،
ۋاپاسىز كۈندۈزنىڭ نۇرى ئۆچمەكتە.
چېركاۋ پەشتىقىدا يېلىنجار شەپەق،
تىرىلگەن تاشلىرى سېنى كۈتمەكتە.

ئۆتسەن بۈندىن سوغ تاشلارنى سىلاپ،
ئۆتمۈشنىڭ نۇرلىرى يېلىنجار ئۇندا.
مۇردىغا باققانچە قەبرە يېنىدا
تىترەپ گۈلدەستىلەر تۇرماس قولۇڭدا.

قوڭغۇراق يىراقتا تۇرىدۇ ئۇنلەپ،
سوزۇلۇپ بارماقتا قىزارغان سايە.
قەدىمىي پەشتاققا يېپىلغان مانان،
نۇر ئېچرە كۈتمەن سېنى يېگانە.

## شۇنداق بۇ كېچە

شۇنداق بۇ كېچە،
يوللار قۇپقۇرۇق،

ئادەمزاتسىز چۆلدەرەپ ياتقان.
شۇ قەدەر پاك سەن ھەمدە تەكەببۇر،
ئېيتقىنا، كىملەر كۆڭلۈڭگە ياققان؟

لەمپىلەردىن تامچىيدۇ شەبنەم،
ئۆز - ئۆزۈم بىلەن
نەپرەتكە تولغان رەزىل خىتابنى
چەكسىز ئاسمانغا چاچماق بولىمەن.

بەخت دېگەن يوقتۇر ئالەمدە،
جاھاندا بۇ ھەممىگە ئايان.
ناگان ئۇچنى تەگلەپ ئۆزۈڭگە
تەپكىنى باسماق بولسەن ھامان.

يىغا ۋە كۈلكە پۈتۈپ ئاقىۋەت،
قۇچاق ئاچىدۇ يېپيېڭى ھايات.
كۈندۈز — بۇ شۇنداق كۈندۈز،
تەقدىرىڭ
ھەممىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ مامات.

## كىرىپ كەلدىم غۇۋا چېركاۋغا

كىرىپ كەلدىم غۇۋا چېركاۋغا،
تامام بولدى ئاددىي مۇراسىم.
قىزغۇچ چىراغ نۇرلىرى ئارا،
كەلدى كۈتكەن گۈزەل نىگارىم.

شۇركىنىمەن ئىشىك ئېچىلسا،
ئېگىز تۈۋرۈك تاشلايدۇ سايە.

ماڭا چۈشتەك تۇرار تىكىلىپ،
شولىلاردا يانغان مەيۇدە.

نازاكەتلىك كىيىنگەن شۇنچە،
ماڭا تونۇش شۇ مەغرۇر جانان.
خۇش كۈلكىلەر، چۈشلەر، چۆچەكلەر،
لەمپىلەردىن تارايدۇ ھەر يان.

ئەي پەرىشتەم، مەپتۇن مەن ساڭا،
جىلۋىلىرىڭ شۇ قەدەر خۇشال.
ئىشىنىمەن سۆيۈملۈك جانان،
سەن ماڭىلا مەنسۇپ بولۇپ قال.

## پېتېربۇرگتا گۈگۈم پەيتى ياغماقتا قار



پېتېربۇرگتا گۈگۈم پەيتى ياغماقتا قار،
رەستىلەر جىم، خانىسىدە قىزىلگۈللەر...
دىلغا ئارام بېغىشلايدۇ بىر سېغىنىش،
نازىنىن، ياق بىلەلمىدىم، باغرىم كۆيەر...

سۇس ئەكسىگە قارايمەن جىم ئەينەك ئۆزرە،
(بەلكىم مۇشۇ روجەككە ئۇ قاراپ تۇرار.)
ئەپتىم شۇنچە قەبىھ، لېكىن يانار سۆيگۈ!
بولىمەن بۇ سىياقىمدىن شۇنچە بىزار.

ھېچ كىشىگە مەنسۇپ ئەمەس، مەنسۇپ ئەمەس
بوغۇزۇمدىن تىترەپ چىققان مىسكىن كۈيۈم.
ھېچ كىشىگە مەنسۇپ ئەمەس قوڭۇر چېچىم،
زەئىپلەشكەن، تاتارغان ھەم يۇمران قولۇم.

ئەكەتتى ـ دە، ئۆزگىچە ھال بولدى جاھان،
دۇنيا تامان قىزىلگۈلدەك ئاقماقتا قان.
سېنى بىر رەت كۆرۈۋالاي، سەن قايدىسەن؟
بولدى بەس، قوي، ئۇنتۇماق تەس ئىكەن ھامان!

## ساڭا قاراپ كېلىمەن تەنھا

ساڭا قاراپ كېلىمەن تەنھا،
سۆيگۈ ئوتى قەلبىمنى ئۆرتەپ.
مەيلى مېنى چىللىمىساڭمۇ،
يوللىرىمدىن قايتقان مەن دەسلەپ.

ئېغىر يىللار ئەزدى قەلبىمنى،
پەقەت ماڭا تەقدىر ئىجادكار.
ئېنىق جاۋاب بەرمىسەڭ مەيلى،
مەن قېشىڭغا كەلدىم، جېنىم يار.

مۇئەمماغا ئوخشار بۇ ھايات،
ئۇنى جان دەپ سۆيىمەن لېكىن...
ۋۇجۇدۇمدا بىر سەۋدا قاينار،
ئۆچەرمۇ شۇ مۇقەددەس چېقىن؟

## غايىب بولدۇڭ تۇمان ئىچىدە

غايىب بولدۇڭ تۇمان ئىچىدە،
ساپ ئاۋازىڭ ئاڭلىنار ئاران.
خىيالىمدا چاقنار سىياقىڭ،
سادىق قولۇڭ ئۇنتۇماس ھامان.

كىيىۋالسەڭ بېشىڭغا زەر تاج،
ئوتقاش كەبى تۇرىدۇ چاقناپ.
يادىمدا شاھ تەختى ئالدىدا
كەتكەنلىرىڭ قاتتىق سوراقلاپ.

لەپىلدەيدۇ ئاپپاق كۆڭلىكىڭ،
ئارىمىزدا چەكسىز سۈكۈنات.
چىرماشقاندا ھەشقىپىچەكتەك،
سەن تۇرىسەن جىمغىنا قاراپ.

كەتتى قايان شۇ گۈزەل دەملەر،
كەتتى قايان يۇلتۇزلار كۆچۈپ؟
نىملەرنى دېگەنىدىڭ سەن،
بولغانىمدىڭ ئىشقىڭنى تۆكۈپ؟

ئاق سەبدىلەر دەريا بويىدا،
بىلەلمىدىم نېچۈندۇر پەقەت.
ئاق كۆڭلىكىڭ يەلپۈنەر رەڭسىز،
يەنە ئاپپاق يوچۇن بىشارەت.

## يوللىرىمدا تۇرساڭ، ئەي سەنەم

يوللىرىمدا تۇرساڭ، ئەي سەنەم،
شۇ قەدەر ئۇز، شۇ قەدەر ئويناق.
يۈرىكىڭنى ئەزدىمۇ ئەلەم،
كۆرۈنسەن ئازابلىق بىراق.
خىيالىڭنى كەزدىمۇ ئۆلۈم،
نېچۈن سۆيگۈ بەرمەيسەن زىنهار.

ئۆزۈڭنى پەس چاغلايسەن ھەتتا،
بەردى كىملەر كۆڭلۈڭگە ئازار؟
گۆدەكلىكتە پىشىپ بالدۇرلا
بىلگەنلىرىم كۆپ بولسىمۇ گەر،
ئىلىم تەھسىل قىلساممۇ قەۋەت.
ناتىۋاتمەن، مەغرۇر ئەمەسمەن،
ئالداشنىمۇ بىلمەيمەن پەقەت.
گۈلدىن خۇش پۇراق سۈزىمەن،
نامى چىققان شائىرمەن پەقەت.

كۆڭلۈڭدىكى ھەسرەتلىرىڭنى
قايتا - قايتا قىلساڭمۇ بايان،
يوشۇرماستىن ئېيتىمەن ساڭا،
ئون بەشكىلا كىردىڭ سەن ئاران.
سۆيگىن باشقا ئاددىي كىشىنى،
ساڭا شۇنداق بېرەي تەسەللى.
سۆيسىلا ئۇ كۆكنى، زېمىننى،
ئاسمان - زېمىن ئارا جىلۋىدار
ياشناپ تۇرار مۇھەببەت گۈلى.
سېنىڭ ئۈچۈن خۇشالمەن، جانان
قەدىرلىنەر ئادەمدەك چۈنكى
يۈرىكىدە سۆيگۈ بار ئىنسان.

## كۈز مەرسىيەسى

### 1

كۈنلەرنى قوغلىشىپ يېتىپ كەلدى كۈز،
شاخلاردىن لەپەڭلەپ تۆكۈلەر خازان.

شۇ قەدەر سۇزۇك ھەم بىغۇبار ھاۋا،
چىركىنلىك روھلارنى چىرمايدۇ پىنھان.
ھالسىراپ بارىدۇ زەئىپ كۆز پەسلى،
يېشىللىق جىلۋىسى بولسا زەپىران.
ئەسلەردە ئۇلغىيىپ كۆز قىسمەتلىرى،
ئۆرتەنمەس كۆڭۈللەر بولۇپ پەرىشان.

2

كۆز شۇنداق كېتىدۇ سايىدەك ئۆتۈپ،
ياپراقلار يوللاردا ياتار تۆكۈلۈپ.
ئۈزايدۇ گىرىمسەن تىنىق كۈندۈزلەر،
قىيمايمىز، قالمىز يەنە ئۆكۈنۈپ.
ئاھ، جىمجىت كۈندۈزنىڭ نەپىس سايىسى —
قايناق ھېس سەتھىسى كېتىدۇ تامام.
يوقالماس نەۋقىران ئارزۇ - تىلەكلەر،
ئاڭا جان بېغىشلار ئاخىرقى ئىلھام.

## تاغ باغرىدا، ئورماندا...

تاغ باغرىدا، قەدىم ئورماندا،
يول بويىدا چاك ۋە تۇماندا،
قەبرىلەرنى شۋاق باسقاندا،
كىملەر ئۆچۈن ئېچىلدىڭ گۈلدەك؟

چوققىلارغا قونغاندا زىيا،
يېشىل كىمخاب كىيگەندە دەريا،

قەلبىمنى ئۆرتەپ ھەسرەت ۋە يارا،
سېنى ئەسكە ئالدىم سېكىلەك.

چۈشلىرىمدە سېنى كۆرەرمەن،
بۈركۈت پەنجىدەك قوللىرىم بىلەن
مامۇق قولۇڭنى چىڭ قىسىپ، لەۋەن،
چاقىرارمەن ئىسمىڭنى شىردەك...

## چاناقلاردا يېلىنجار شەپەق

چاناقلاردا يېلىنجار شەپەق،
كۈيلەر بۇلبۇل سۈتتەك ئايدىڭدا.
سىڭىپ گۈڭگا كېچە قوينىغا
گىرە سالسام دەيمەن بوينۇمغا.

قايقاراڭغۇ قومۇشزار ئارا
تەنھا قېيىق يېنىك چايقىلار.
چىڭ جۈپلەشكەن لەۋلىرىمىزدىن
ئۆتۈشمەكتە ئوتلۇق تىننىقلار.

سۆيگۈمىزنى كۈيلەيلى ياىراپ،
ئوت ئالسۇن، ئاھ، شېرىن تۈيغۇلار
بۇلبۇل ئەمەس سېنىڭ تەگدىشىڭ،
لاتاپىتىڭ دىلغا ئوت ياقار...

## سېرگېي يېسىنىن

*(1895 ــ 1925) مەشھۇر رۇس شائىرى. سوۋېت ئىتتىپاقى دەسلەپكى نەچچە ئون يىلدا ماياكوۋسكىنىڭ نوپۇزىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، يېسىنىن، ماندىلشتام، ئاخماتوۋا، پاستىرناك قاتارلىق شائىرلارنى چەتكە قاققان. يېسىنىن سەھرا مەنزىرىسىنى كۈيلەش بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ روھىيىتىدىكى جاراھەتلەرنى ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلغانلىقتىن، ئۇ-قۇرمەنلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلغان. ئۇ شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ جېدەلخور، ئىشقىۋاز، لۈكچەك مىجەزىنى قىلچە يوشۇرماستىن ئەيىبلەپ، يېڭى ھاياتقا ئىنتىلىپ، «مۇھەببەتنىڭ تۇنجى ناخشىسىنى ئېيتقان».*

### تۈن پەردىسى يېپىلدى...

تۈن پەردىسى يېپىلدى ئاستا،
قىيالاردا چاقنايدۇ شەبنەم.
يۆلەنگەنچە دوڭغاق سۆگەتكە،
يول بويىدا تۇرىمەن ئۆزۈم.

جىمىرلايدۇ ئۆگزەمدە شۇ دەم
كۈمۈش ئاينىڭ سۈزۈك نۇرلىرى.

قۇلىقىمغا يىراق ـ يىراقتىن
ئاڭلىنىدۇ بۇلبۇل كۈيلىرى.

قىشتا مەشنى چۆرىدىگەندەك
شۇنچە ئىللىق، شۇنچىلىك خۇشال،
ياپراقلىرى شامدەك قىزىرىپ
ئاق قېيىنلار تۇرىدۇ تال ـ تال.

ئۇ يېقىدا كىچىك ئېقىننىڭ
خىرە ـ شىرە كۆرۈنەر ئورمان.
مۇگدەك باسقان كۆزەتچى بوۋاي
تاك ـ تاك چېكىپ كېلىدۇ بۇيان.

## كەلدىم مەن قوينۇڭغا ئانجان يۇرتۇم



كەلدىم مەن قوينۇڭغا ئانجان يۇرتۇم،
سېغىنىپ تۇپرىقىڭ، ئىللىق ھىدىڭنى.
تاغلارنىڭ كەينىدىن ئۆرلىگەن گۈگۈم
قول سىلكىپ گوياكى چىللايدۇ مېنى.

ھەسرەتلىك كۈنلەردە ئاقارغان چېچىم
ئىزغىرىن شامالدا يەلپۈنەر ھەر يان.
كېچىنىڭ بېسلماس دەرد ـ ئەلەملىرى
كۆڭلۈمنى ئەجەبمۇ قىلار پەرىشان.

چىركاۋنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىرىدە
سايىدەك ئەگىيدۇ قاپقارا تۇمان.

قايداسەن، كۆزلىرىم ئاختۇرار سېنى،
ياشلىقتا تەڭ كۈلۈپ ئوينىغان جانان؟

شادىمان ئۆتكەنتى نەۋقىران چاغلار،
ئەمدى سەن يول ئالدىڭ نەلەرگە قاراپ.
گۈركىرەپ تۇرغان شۇ تۇگمەن كەينىدە
كۈلكىمىز تېخىچە تۇرىدۇ ياڭراپ.

تىڭشايمەن ھېلىمۇ سۇنغان تاللارنى،
گۆگۈمدا يېگانە تۇرغانچە ئۇزاق.
ئىلتىجا قىلىمەن مۇقەددەس يەرگە،
ئەي جانان، ھەر جايدا چەكمىگىن پىراق.

## ئېسىمدە بار



ئېسىمدە بار، سۆيۈملۈك يارىم،
يەلپۈنەتتى سۇمبۇل چاچلىرىڭ.
ئايرىۋەتتى بىزلەرنى تەقدىر،
يۈرىكىمدىن ئاقتى ياشلىرىم.

ئېسىمدە بار ئالتۇن كۈزلىرى
ئېرەنلەردىن تۆكۈلسە ياپراق؛
دېگەنىدۇق كۈنلەر قىسقىراپ
بولسا ئايدىڭ كېچىلەر ئۇزاق.
ئېسىمدە بار قىلغان گەپلىرىڭ:
«قىران چاغلار كېتىدۇ ئۆتۈپ،

مېنى ئۇنتۇپ كېتەرسەن جېنىم،
باشقا قىزنى قالارسەن سۆيۈپ.»

چېچەكلىدى فىكوسلار بۈگۈن،
بۆلەكتىنلا ھەسرەتكە پاتتىم.
ئۇ چاغ شۇنچە مېھرىبان ئىدىم،
ئۈستىبېشىڭغا گۈللەر چاچاتتىم.

ئۆزگىلەرنى سۆيمەيمەن زىنھار،
يۈرىكىمدە ئۆچمەس ھارارەت.
ياد ئېتىمەن سېنى ھەر جايدا،
خۇشاللىقىم سەن بىلەن پەقەت.

## كەل، ئامرىقىم، سۆي مېنى

كەل، ئامرىقىم، سۆيگىن، سۆي مېنى،
چىڭداپ سۆيگىن، قانسۇن لەۋلەر.
قانماي كەتسۇن يۈرەك ـ يۈرەككە،
بىھوش بولۇپ ئېرىسۇن تەنلەر.

ئىچەيلى لىق تولدۇرۇپ جامنى،
نېسۋىنى كۈتمەستىن پەقەت.
چۈشەنگەنسەن، جېنىم ئامرىقىم،
بۇ دۇنيادا ياشايمىز بىر رەت!

تىنچلانغىن، ئەتراپىڭغا باق،
تەرلەپ كەتكەن كۆل رەڭ تۇماندا.

مىس لېگەندەك چاقناپ تولۇن ئاي،
سەيلە قىلىپ يۈرەر ئورماندا.

قېنىپ ـ قېنىپ سۆيۈۋالاي مەن،
بەلكىم قايتا كەلمەيدۇ پۇرسەت.
ئەگىپ يۈرگەن ئەرۋاھلار ماڭا
ئۆلۈمدىن بەردى بېشارەت.

زەئىپلەشتىم، پۈتتى مادارىم،
ئەزرائىلمۇ تۇرار دىۋەيلەپ.
ئارمىنىم يوق، قۇچاقلىرىڭدا
جان بەرسەم مەن لېۋىڭنى چىشلەپ.

ئويغانمىسام زەڭگەر چۈشلەردىن،
ئېرىپ كەتسەم يالىڭاچ پېتى.
ياپراقلارنىڭ شىۋىرلىشىدا
دېسەم تەكرار «سۆيىمەن سېنى!»

تۆكۈلمىسۇن، تۇرسۇن يالىلداپ
قەدەھلەرگە قۇيۇلغان شاراب.
ئىچەيلى، ئاھ، ئۇشبۇ ئالەمدە
پەقەت بىر رەت قالىمىز ياشاپ!

## سۆيۈملۈكۈم، ئولتۇر يېنىمدا

سۆيۈملۈكۈم، ئولتۇر يېنىمدا،
كۆزلىرىمىز بېقىشىپ قانسۇن.

بىر دەقىقە تىكىلگىن ماڭا،
ئاھ، سۆيگۈنىڭ ئوتلىرى يانسۇن.

زەر تون كىيىپ كەلدى كۈز پەسلى،
چاچلىرىمغا سانجىماقتا ئاق.
سالاپەتلىك ئەمدى خۇي ـ پەيلىم،
لۇكچەك بالا ئىدىم ھەم شاللاق.

ئۆي ـ ماكانىم قالدى نەلەردە،
داللاردا گۈللەر بۈككىدە.
شەھەردىكى ئىشرەتلىك كۈنلەر
ئازاب بىلەن ئۆتكەن بىھۇدە.

قايناق يازنى، گۈزەل چاغلارنى
سېغىنىمەن، ئەسلەيمەن ھازىر.
شوخ نەغمىچى ئىدى پاقىلار،
يېتىلدىم مەن بولۇپ بىر شائىر.
ئۆچمىگەندۇ كۈزنىڭ جىلۋىسى...
ھويلامدىكى فىكوس ۋە ئىرەن
ئاختۇرىدۇ باللىقىمنى
يېشىل، يۇمران قوللىرى بىلەن.

قەبرىلەردە كۆكۈچ ئاي نۇرى
كىرىېست كەبى تۇرىدۇ چاقناپ.
ئۇ ئالەمگە كەتتى تالايلار،
بارىمىز بىز ئۇلارنى يوقلاپ.

نە قىسمەتلەر ئۆتمىدى باشتىن،
بىز كېلىمىز شۇ يولنى بويلاپ.
دولقۇنلىغان يوللار ئاشۇ چاغ
تىرىكلەرگە قۇيارمۇ شاراب؟

سۆيۈملۈكۈم، ئولتۇر يېنىمدا،
كۆزلىرىمىز بېقىشىپ قانسۇن.
بىر دەقىقە تىكىلگىن ماڭا،
ئاھ، سۆيگۈنىڭ ئوتلىرى يانسۇن.

## نادان يۈرەك، سوقما دۈپۈلدەپ

نادان يۈرەك، سوقما دۈپۈلدەپ،
بىز ئالداندۇق بەختنى ئىزدەپ.
سەدىقە دەپ ئۆتتى نامراتلار...
نادان يۈرەك، سوقما دۈپۈلدەپ...
كاشتانلاردىن ئاقار ئورمانغا
ئاي نۇرىدىن كەھرىۋا شاراب.
تەنلىرىڭگە يانداشتىم دىلبەر،
خەق كۆرمىسۇن، رومىلىڭنى ياپ.
نادان يۈرەك، سوقما دۈپۈلدەپ.

بىز گاھىدا غەمسىز بىر بالا،
كۈلىمىز گاھ، تۆكىمىز ھەم ياش.
تەقدىر شۇنداق، بەختسىزلىكنى،
خۇشاللىقنى بېرىدۇ ئوخشاش.
نادان يۈرەك، سوقما دۈپۈلدەپ!

كەزدىم تالاي ـ تالاي ئەللەرنى،
بەخت ئىزدەپ بولدۇم سەرگەردان.
نېسۋەمنى بەرسىلا پەقەت،
مەندە بۆلەك يوق ئىدى ئارمان.
نادان يۈرەك، سوقما دۈپۈلدەپ.

هايات پەقەت ئالداشلا ئەمەس،
يۈرەكلەرگە كۈچ تولار پەۋەس.
يار قويىندا كەتكىن ئۇيقۇغا،
تىزلىرىغا باش قويۇپ بىرپەس.
هايات پەقەت ئالداشلا ئەمەس.

بىزنى تەقدىر پاكلايدۇ بەلكىم،
باهار پەسلى ئېرىگەن قاردەك.
سۆيگۈمىزگە بېرىدۇ جاۋاب
بۇلبۇللارنىڭ ناۋالىرىدەك.
نادان يۈرەك، سوقما دۈپۈلدەپ!



## دەرەخلەردىن تۆكۈلەر ياپراق

دەرەخلەردىن تۆكۈلەر ياپراق،
شامال ئىڭىشىپ كۈيلەيدۇ ئۇزاق.
كىم تەسەللى بېرىدۇ ماڭا،
كىملەر خۇشال قىلىدۇ مېنى،
قىلىپ قايغۇ ـ دەردلەردىن يىراق؟
مۇڭغا پاتقان كۆزلىرىم شۇ تاپ،
كۈمۈش ئايغا قارايمەن تىنماي.

جىمجىتلىقتا چۆمۈلگەن ئەتراپ،
تاڭ خورىزى چىللايدۇ ھارماي.

ئۈچتى يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلار،
تاڭ سۈزۈلدى، شىشىدەك ئاسمان.
نېمىلەرگە تەشنا مەن ئۆزۈم،
بىلەلمەيمەن دىلدا نە ئارمان.
تەتۈر مېنىڭ تەقدىر - پېشانەم،
يوقتۇر ماڭا بۇندىن كۆپ ئامال.
تىلەيمەن، ئاھ، روجەكلىرىمدە
پەيدا بولسا بىر ساھىبجامال.
ئۇنىڭ ئوماق زەڭگەر كۆزلىرى
پەقەت - پەقەت تىكىلسىپ ماڭا،
ئۆزگىلەرگە قىلمىسا پىسەنت.
سۇغارسا قەلب ئېتىزلىرىمنى
مۇھەببەتلىك سۆزلىرى بىلەن.

يوقاتقۇم يوق ھوشۇمنى زىنھار،
پاك ھەم سۈزۈك ئايدىڭ كېچىدە
نېسىپ بولسا بۇ بەخت - ئامەت.
تىلەيمەن دوست - يارلارغا شادلىق،
كەچۈرمەيمەن ئۆزۈمنى پەقەت.

## سىير

قىرىپ كەتتى، چىشلىرىمۇ تۆكۈلدى،
مۆڭگۈزىدە قىسمەتلەرنىڭ ئىزلىرى.

سەپرا مالچى ئۇنى تالاي قىيندى،
ياشقا تولدى بىچارىنىڭ كۆزلىرى.

سۇرەن - چوقان ئۇنى قىلار بىئارام،
بۇلۇڭلاردا تېپىرلايدۇ چاشقانلار.
مەسۇم كۆڭلى تولۇپ ھەسرەت - ئەلەمگە،
ئاق تۇياقلىق موزىيىنى سېغىنار.

بالىسىنى ئېلىپ كەتتى كىملەردۇر،
جۇدالىققا چىدامدۇ بۇ ئانىجان.
ئۇ باغلاقلىق تۇرىدۇ پور كۆتەككە،
نەشتەر بولۇپ سانجىلىدۇ شۇئۇرىغان.

كەلگىنىدە ئوتلاقنىڭ خۇش پۇرىقى،
بولۇپ قالار بالىسىغا تەقدىرداش.
گۆشخومارلار باغلاپ ئۇنى بوينىدىن
قۇشخانىغا ئېلىپ كېتەر ئالدىراش.

ئاچچىق ئەلەم - ھەسرەت بىلەن تىرەجەپ
مۆڭگۈزىدە تىلغايدۇ ئۇ تۇپراقنى...
چۈشلىرىدە ئايان بولار ئورمانلار،
سېغىنىدۇ چىمەنلەرنى، يايلاقنى.

## بورىس پاستىرناك

(1890 ـــ 1960) رۇسىيەدە سەنئەتكار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە ئالىي مەكتەپ تەربىيەسىنى ئالغان. 1920 ـ يىللاردا ماياكوۋىسكى، يېسىنىن بىلەن تەڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۈچ كاتتا شائىرنىڭ بىرى بولۇپ شۆھرەت قازانغان. ئۇ «دوختۇر رىۋاگو» ناملىق رومانى ھەم لىرىك شېئىرلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتى بىلەن 1958 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، ئەمما مۇكاپاتنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان. پاستىرناك ھايات ۋاقتىدا نۇرغۇن ئەيىبلەشلەرگە ئۇچراپ ئازار يېگەن بولسىمۇ، ۋاپات بولغاندىن كېيىن دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.



### كۈز

ئارىغا مەن سالدىم جۇدالىق،
قېرىنداشلار كېتىشتى ھەر يان،
دالىلاردا كېزەر غېرىبلىق،
كۆڭلۈم مېنىڭ شۇنچە پەرىشان.

بىر ھۇجرىدا بۇگۈن ئىككىمىز،
ئورمان ئىچى جىمجىت بىپايان.
ناخشىلاردا كۈيلىگىنىدەك
چىغىر يوللار مۇخلارغا تولغان.

قاغجىرىغان ھويلا تاملىرى
ئىككىمىزگە تۇرىدۇ قاراپ.
چەكمىسەكمۇ جاپالارنى تەڭ،
جاننى بىللە قويدۇقمۇ ئاتاپ.

كىچىلەردە ھەمراھىمىز ئۇزاق،
سەن يىغىندە، قولۇمدا كىتاب.
تاڭ ئاتقۇچە مەستخۇش سۆيۈشتۇق،
لەۋلىرىمىز كەتكۈچە قاناپ.

كۆز ياپرىقى تۆكۈلەر شىر - شىر،
شۇنچە گۈزەل، شۇنچىلىك لەرزان.
تۈنۈگۈنكى دەردلەر ئازمىدى،
بۇگۈن كۆڭۈل شۇنچە پەرىشان.

دىلنى مەپتۇن قىلار سىنتەبىر،
ئىرىپ كەتتۇق چۇقانلىرىدا.
مەجنۇنلارچە كۆمۈلگەن كۆزنىڭ
شىلدىرلىغان مۇقاملىرىغا.

سىبلىۋەتكىن كۆڭلەكنى سەنمۇ،
قىپيالىڭاچ بولماقتا ئورمان.

ئۇستۇڭدە ئاق شايى لەپىلدەر،
قۇچىقىمغا تاشلانغىن، جانان.

ھاياتتىن مەن بولغاندا بىزار،
دەيمەن سېنى بەختىم ۋە تەختىم.
گۈزەللىكنىڭ يىلتىزى مەردلىك،
مەردلىككە بىز قىلغان جان تەقدىم.

## قىش كېچىسى

قار ـ شىۋىرغان كېزەر جاھاننى،
كېزەر پىرقىراپ.
ئۇستەلدە شام يانار پىلىلداپ،
يانار پىلىلداپ.

گۈلخانلارغا ئاتقاندەك ئۆزىن
يازدا پەرۋانە،
دېرىزىگە قار ئۇچقۇنلىرى
قونار ۋىژىلداپ.

ئەينەكلەردە سۈزۈك قار گۈلى
زىچ ۋە قاتمۇقات،
ئۇستەلدە شام يانار پىلىلداپ
يانار پىلىلداپ.

تارام ـ تارام قارا كۆلەڭگە
غۇۋا تورۇستا؛

چىگىچ تەقدىر ئۇلتۇرار سىرلىق
پۈتنى ئالماپ.

پول ئۈستىگە بىر جۈپ قىزىل كەش
چۈشتى تاراقلاپ،
ئىرىگەن شام ئاپپاق كۆڭلەككە
ئاقتى تاراملاپ.

ھەممە يوقار قارلىق تۇماندا
ئاپپاق ھەم غۇۋا،
ئۈستەلدە شام يانار پىلىلداپ
يانار پىلىلداپ.

ئۇرۇلدى ئاھ، ئاچچىق شۇرغان
شام يالقۇنغا،
كىرىست كەبى كىرىپ قاناتنى
ھەممىنى يالماپ.
قار قاپلىغان دېكابىر ئېيى،
كۆرسەن ھەر ۋاق:
ئۈستەلدە شام يانار پىلىلداپ،
يانار پىلىلداپ.

## قالدۇق يىللار

قانچە ـ قانچە قىش كېچىلىرى
ياد ئېتىمەن ئىللىق كۈنلەرنى.
ئېسىل چاغلار تەكرارلانمايدۇ،
ساناپ بولماس خۇشۋاق تۈنلەرنى.

ئالمىشدۇ كۈنلەر ۋە تۈنلەر،
رىئاللىققا ئايلىنىپ بىر - بىر.
ئۇنى ياشاپ تۈگىتىپ قويدۇق،
بوپ قالامدۇ يا زامان ئاخىر.

شۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ ئۆتىمەن:
قىش پەسلىمۇ كەتمەكتە ئۇزاپ.
ئېرىمەكتە ئۆگزىلەر، قۇياش
مۇز ئۈستىدە ئىسسىنار ئاپتاپ.

بىر - بىرىگە يۆلىنىپ يېقىن،
چۈش كۆرىدۇ ئاشىق - مەشۇقلار.
دەرەخلەردە، ئېگىز كۆكلەردە
تىنچىقتىن خوپ تەرلەيدۇ قۇشلار.

مۇگدەپ قالغان مىنۇت، سېكۇنتلار
قىمىرلايدۇ شۇنچە ئېرىنچەك.
دىل پايانى چەكسىزدۇر - چەكسىز،
بىر كۈن ئۇزاق ئەسىردىنمۇ بەك.

## ئوسسىپ ئەمىلېۋىچ ماندىلشتام

*(1891 ــ 1938) ۋارشاۋادىكى بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، رۇسىيەنىڭ پېتېربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە گېرمانىيەنىڭ خاندبۇرگ ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇغان. 1920 - يىللاردا ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ «تاش»، «تىرىستىيا»، «ئىككىنچى كىتاب»، «تاللانغان شېئىرلار» قاتارلىق ئون نەچچە توپلىمى نەشر قىلىنغان.*

*ماندىلشتامنىڭ شېئىرلىرى مۇرەككەپ، سىرلىق بولۇپ، سۆز - جۈملىلىرى ئۆزگىرىشچان. ئۇ سوۋېت شېئىرىيىتىدە ئۆزگىچە ئورۇنغا ئىگە شائىر بولسىمۇ، كېيىنكى نەچچە ئون يىل ئىچىدە ئەسەرلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، رۇسىيەنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئېلان قىلىنمىغان ئەسەرلىرى كۆپلەپ ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.*



### تېمىسىز

قۇلاقلاردا ۋىڭىلدار يەلكەن،
ئىنسۇجىن يوق كاۋاك بۇ جاھان.

سۈكۈتلەردىن ھالقىپ بىر مۇبىر،
تۈن قۇشلىرى سايرايدۇ پىنھان.

تەبىئەتتەك بىچارىدۇرمەن،
سۇس ئاسماندا ساددا ھەم سەبىي.
ئەركىنلىكىم پەقەت بىر خىيال،
تۈن قۇشىنىڭ ناخشىسى كەبى.

كۆكتىكى ئاي زەئىپ ھەم خۇنۈك،
مۇگدەيدۇ لاتىدەك ئاسمان.
بۇ دۇنياغا تەگدىمۇ كېسەل،
ئارمان بىلەن كېتىدۇ بۇ جان.

## قۇلۇلە

مېنى كېرەك قىلمايسەن بەلكى،
كائىناتنىڭ يانچۇقلىرىدىن
قىرغاقلارغا تاشلىۋېتىسەن
مەرۋايىتسىز قۇلۇلە كەبى.

دولقۇنلارنى بوُژغۇنلىتىسەن،
ئۈزۈلمەيدۇ تەرسا كۈيلىرىڭ.
تەرك ئەتمەيسەن ئۇنى بىراك دەپ،
ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيىدۇ دىلىڭ.

كۆڭلىكىڭنى كىيىپ ساھىلدا
ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتىسەن.
دولقۇنلارنىڭ سادالىرىغا
ئۇنى ناخشا قىلىپ قاتىسەن.

شۇنچە نازۇك قۇلۇلە قېپى
سەبىي قەلبكە ئوخشايدۇ شۇ تاپ.
مەيىن شامال، يامغۇر، تۇماننى
بەلكىم ئاڭا قويدۇڭ سەن ئاتاپ.

## تېمىسىز

سورىمىغىن، ئايان ئۆزۈڭگە،
سۆيگۈ ھامان كېلىدۇ پىنھان.
نېمە دېسەڭ دېگىن بەرىبىر،
ئۆركەشلىسە تومۇرۇمدا قان.

نېچۈن ئىزھار قىلاي كۆڭلۈمنى،
بولۇپ كەتتى ئىشلار باشقىچە؛
جېنىم سېنىڭ ئىلكىڭدە قالدى،
قانداق ئۆتەر بۇ ئۇزاق كېچە.



قولۇڭنى بەر، مېھىر دەمسىنا؟
ئۇسسۇل ئويناپ تۇرىدۇ چايان.
سېنى ئاشىق - بىقارار ئەيلەر،
سېھرى ئۇنىڭ بىزلەرگە ئايان.

قويۇپ بېرەي ئۇنى مەيلىگە،
جۇلا ئەيلەپ شوخ ساما سالسۇن.
كۆزۈمنى يەر ئايدەك جامالى،
نۇر - شولىسى دىلىمدا قالسۇن.

## موسكۋادا ياغماقتا يامغۇر

... سۇندۇك كەبى سوغۇق يېشىنى
يەر يۈزىگە تۆكمەكتە ئاياپ —

ئۈستىمىزگە، ئورمانلىقلارغا،
چۈشەر شۈنچە بېخىل تامچىلاپ.

ئىستاكاندا چاي يوپۇرمىقى
يېنىك لەيلەر،
تۈن ھاياجاندا
چۈمۈللەر ئوينايدۇ ئىشرەت
گويا قويۇق يېشىل ئورماندا.

سۈزۈك تامچە قونغان ئۈزۈمزار
يېشىللىقتا تىترەيدۇ دىر - دىر.
موسكۋانىڭ تاپان ئاستىدىن
سالقىن سىرلار يېشىلەر بىر - بىر.

## ئاننا ئاندرېيېۋنا ئاخماتوۋا

*(1889 — 1966) دەسلەپكى يىللىرىدا مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يازغان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىككى قېتىم يۇقىرى قاتلامنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ، ئۇزاق مۇددەت ئەسەر ئېلان قىلىشقا ئامالسىز قالغان. 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىدىن باشلاپ، سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇنىڭ «گۇگۇم»، «سۆيگۈ مارجانلىرى» قاتارلىق توپلاملىرى بار. يېۋتوشىنكو ئۇنى پۇشكىن بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، پۇشكىن رۇس شېئىرىيىتىدىكى «قۇياش» بولسا، ئاخماتوۋا رۇس شېئىرىيىتىدىكى «ئاي» دېگەن.*

### ئىككى لىرىكا

**1**

ياستۇقۇمنىڭ ئۈستى ھەم ئاستى
قىزىپ كەتتى ئوت بولۇپ گويا.

ئىككىنچى تال شامىمۇ پىلىلداپ
ئۆچەي ـ ئۆچەي دەپ قالدى مانا،
شۇنچە ئىنىق قاقىلدار قاغا.
ئۇيقۇم قاچتى كېچىدىن خويمۇ،
ئۇخلاي دېسەم ئۇيقۇ يوق ئەمما...
كۆز چاقنىتىپ سۈت رەڭلىك پەردە
سۇزۇلمەكتە دېرىزەم بۇندا.

2

يەنە شۇ كۆز، يەنە شۇ ئاۋاز،
قوڭۇر چاچلار تۇرار يەلپۈنۈپ.
ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ ھەممە
ئىغىر يىللار كەتسىمۇ ئۆتۈپ.
دېرىزەمدىن تۆكۈلگەن شولا
تۆت تېمىنى قىلدى جىلۋىدار...
ئاق سەبدە گۈل چاچىدۇ ئەنبەر،
سېنىڭ سۆزۈڭ شۇنچە شېرىن، يار.

## قۇياش تەپتى ئۆچتى دىللاردىن

قۇياش تەپتى ئۆچتى دىللاردىن،
سارغايماقتا ياۋا گىياھلار.
سوغۇق شامال ئۆتمەكتە يەلپۈپ،
چۇشەر لەيلەپ دەسلەپكى ئاق قار.

تار ئىبقىنلار مۇزلىرى تامام،
دولقۇنلىنىپ ئاقمايدۇ ئەمدى.

بۇندا مەڭگۈ بولمايدۇ ھېچ ئىش،
قىزلار چېچەك قىسمايدۇ ئەمدى.

ئاق دالىدا يالغۇز بىر سۆگەت،
پىچىرلىشىپ تۇرار كۆك بىلەن.
شۈكۈر دەيمەن ھېلىمۇ مىڭ رەت،
ساڭا خوتۇن بوپ قالماپتىمەن.

قۇياش تەپتى ئۆچتى دىللاردىن،
ئېيتقىن، تۈنمۇ، نېمە ئۇ ئەسلى؟
ئۆتۈپ كەتسە يەنە بىر كېچە،
بەلكىم يېتىپ كېلەر قىش پەسلى.

## باھارنى كۈتۈش مەرسىيەسى

شارابسىز مەست بولدى شۇئىرغان،
ئورمانلاردا سالالماس چۇقان.
ئوفلىياغا ئوخشار جىمجىتلىق،
كۆيلەپ چىقار سۇزۇلگۈچە تاڭ.
سۈكۈت كەبى ئۈيۈپ قالغاندەك
كۆرۈندۇ بىر سايە ماڭا.
خوشلىشىپلا كەتمەيدۇ ھەرگىز،
ماڭا مەڭگۈ بولغىلى ھەمراھ.

## شائىرنىڭ ئۆلۈمى

ئەكس سادا جاۋاب بېرەر ماڭا قۇشلاردەك.
— بورىس پاستېرناك

جىمىپ قالدى تۈنۈگۈن مىسلىسىز بىر كۈي،
تاشلاپ كەتتى بىزلەرنى ئورمان سىردىشى.

ئۇ ئايلاندى باشاقلارغا يەلپۈنۈپ تۇرغان،
يامغۇر بولۇپ تۆكۈلمەكتە ئۇنىڭ كۈيلىشى.
ئاھ، شائىرنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈۋالغىلى
جىمى گۈللەر ھۈپپىدىلا ئېچىلىپ كەتتى.
بۈيۈك زېمىن ئاتالغان بۇ سەييارە بىردىن
چۆكۈپ ئېغىر سۈكۈناتقا جىمىپ كەتتى.

## بېللا ئاخاتوۋنا ئاخمادۇلىنا

*1937 – يىلى تۇغۇلغان، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايال رۇس شائىرى، «تۆتىنچى ئەۋلاد» شائىرلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، 1960 – يىلى گوركىي ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن. «سازلىرىم»، «مۇزىكا دەرسى»، «تاللانغان شېئىرلار»، «شىۋىرغان» قاتارلىق توپلاملىرى بار. ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىدە تامامەن قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل باھا بېرىلىپ كەلمەكتە.*



### ئۈمىد كۈتمە مەندىن بىھۇدە

ئۈمىد كۈتمە مەندىن بىھۇدە،
ھەم تاشلىما تۈگىمەس سوئال.
تىكىلمىگىن مامۇق قولۇمغا،
جان تەسەددۇق دېسەڭ نە ئامال.

باھار پەسلى پاتقاقلار كېچىپ،
ئىزلىرىمنى يۇرمە ئاختۇرۇپ.
كۆرۈشىسەكمۇ ئاياندۇر ماڭا،
قالالمايمەن سېنى ياقتۇرۇپ.

ھالى يوغان دىسەڭمۇ مەيلى،
بىرەلمەيمەن ساڭا كۆڭلۈمنى،
تەكەببۇرلۇق ئەمەس، ئازابتىن
مەن يۇرىمەن كىرىپ كۆكسۈمنى.

## ئاۋغۇست

ئاۋغۇست ئېيى يۇلتۇزلار پارلاق،
كېلەر زېمىن ئۆزرە يېقىنلاپ.
مارجان كەبى چۈشكەندە ئېقىپ،
جەنۇبلۇقلار قالىدۇ قاراپ.

رازىدۇرمەن تەقدىر ـ ئامەتتىن،
ئۇچۇپ چۈشەر بېشىمغا يۇلتۇز.
قاغجىرىغان باغدا سىرىنگۈل
چېچەكلىگەن كەبى شۇنچە ئۇز.

تىكىلىمەن كەچكى شەپەققە،
رويال چالار ئاق چاچلىق قوشنام.
چۈشۈپ كەتتى بېشى ساڭگىلاپ،
نېمە ئۈنى قىلدى بىئارام.

قېيىپ كېتەر ئاھاڭلار تىترەپ،
تەڭكەش بولۇپ كۈيلىگەندە بىز.
ناخشا بەلكىم قالار ئۈزۈلۈپ،
ئۈزۈلمەيدۇ يۈرەك تارىمىز.

كۆز كېچىسى چاقنايدۇ ماياك،
ئېقىپ چۈشەر كۆكتىن يۇلتۇزلار.
سەيلە قىلار باغدا ماتروسلار،
ياغلىق سىلكىپ ئۆتەر شوخ قىزلار.

ھاۋا تىنچىق، ئاقار يۇلتۇزلار،
ئۆز پېتىچە دېڭىز ساھىلى.
ئاككورد بولۇپ تۆكۈلەر كۈيلەر،
قىياقلارغا ئۈنچە تاققىلى.

## كونستانتىن مىخايلوۋىچ سىمونوف

*(1915 — 1980) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شا-ئىرى، يازغۇچىسى، 1934 - يىلىدىن باشلاپ ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىغان، ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە «ھەقىقەت» گېزىتىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى مۇخبىرى بولغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «غالىبلار» (داستان)، «ھەقىقىي ئادەم»، «لىرىك خاتىرىلەر»، «دوست ۋە دۈشمەن» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى، «كۈنلەر ۋە تۈنلەر»، «ئاخىرقى يار» قاتارلىق رومانلىرى بار.*



### كۈتكىن مېنى...

كۈتكىن مېنى، كېلىمەن قايتىپ،
تاقەت بىلەن كۈتكىن، ئەي جانان.
كۈتكىن، مۇزدەك كۈز يامغۇرىدا
نازۇك كۆڭلۈڭ چەككەندە پىغان.
كۈتكىن، لەپىلدەپ ياغقاندا ئاق قار،
كۈتكىن، بىشىقدا كۆيسىمۇ ئاپتاپ.
كۈتكىن، تاقەت تۈگەپ ھەر كىمدە،
ئۇنتۇغاندا ھەممىنى بىراق.
كۈتكىن، يىراق - يىراق جايلاردىن

كەپتەر بولۇپ كەلمىگەندە خەت.
كۈتكىن، سەن بىلەن بىللە كۈتكەنلەر
ئۈمىدنى ئۈزۈپ چەككەندە ھەسرەت.
كۈتكىن مېنى، كېلىمەن قايتىپ،
يوق ھېچ نەرسە ئەسلەشتىن بۆلەك.
ئۇنتۇپ كەتكىن ئۇنتۇيدىغاندا،
تىلىمىگىن ھەم ئىزگۈ تىلەك.
ئوغلۇم، ئانام ئىشەنسۇن ئەمدى،
ئاللىقاچان ئۆلدى دەپ مېنى.
مەش يېنىدا جەم بولۇپ دوستلار
روھىمغا ئاتاپ كۆتۈرسۇن مەينى...
كۈتكىن مېنى،
لېكىن ئالدىراپ
ئۇلار بىلەن ئىچمىگىن شاراب.
كۈتكىن مېنى، كېلىمەن قايتىپ،
غالىبلارچە يېڭىپ ئۆلۈمنى،
مەندىن ئۈمىد ئۈزگەن كىشىلەر
تەلەيلىككەن دېيىشسۇن مېنى.
قانلىق جەڭدە قالسام مەن ئامان،
چۈشىنەلمەس ئۇلار ھېچقاچان.
كۈتۈشلىرىڭ سېنىڭ، ئەي دىلبەر،
بېغىشلىدى ماڭا قايتا جان.
ياشاپ قالدىم نېچۈن ئۆلمەستىن،
سەن بىلەن مەن بىلىمىز پەقەت —
ھېچكىم مېنى كۈتمىگەن سەندەك،
ھېچكىمدە يوق سەندىكى تاقەت.

## ئىۋان ئالېكسسېيېۋىچ بۇنىن

*(1870 ـــ 1953) رۇسىيەدە ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1891 - يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ئېلان قىلىنغان. 1901 - يىلى ئېلان قىلىنغان «تۆكۈلگەن ياپراقلار» دېگەن ئەسىرى پۇشكىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1921 - يىلىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ، مۇھاجىر يازغۇچى بولغان. ئۇنىڭ «ياشلىق لىرىكىلىرى»، «دالىدا»، «يېڭى شېئىرلار»، «قىزىلگۈل»، «ياز كېچىسى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى، «كونا مەھەللە» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلىمى بار. ئۇ 1933 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.*



### چۈشمەكتە گۈگۈم

چۈشمەكتە گۈگۈم، ئاسمان خوپ تىنىق،
ئۇپۇق سايان چۆكمەكتە قۇياش.
باقساڭ ئەتراپ چەكسىز كەڭ دالا،
ئالتۇن باشاقلار ئىرغاڭلىتار باش.
ئاق چېچەككە پۈركەلگەن ھەر يەر،
شامالنىڭ تىنىقى ئەتىر.
مەھەللە ئىچىدىن چىققان قوڭغۇراق

قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ سىر.
يىراقتىكى خىيابانلاردا
كاككۇك ئۇنلەپ ـ ئۇنلەپ تىنمايدۇ.
ئېكىنزاردا ئىشلەپ كۈنبويى
قىر بېشىدا تۇنەپ قالغانلار
ئۆزىنى خوپ راھەت چاغلايدۇ...

چۈشمەكتە گۇگۇم، چۆكمەكتە قۇياش،
ئۇپۇق لېۋى قىزاردى چوغدەك.
مەيىن شامال دىللارغا ھۇزۇر
تىنىق كۆكتە چاقندى چېچەك.
كۆز قىسىشىپ ئوماق يۇلتۇزلار،
ئىشچانلارغا تىلەر ئاق تىلەك.
چارچىغاندا جاننىڭ راھىتى،
چەكسىز دالا ئۇلارغا تۆشەك.
چۈشلەر گۈزەل، چۈشلەر بەك شېرىن،
مۇرادىغا قانامدۇ يۈرەك...

## تەنھالىق

كۆل سۇيىگە تۆكۈلەر يامغۇر،
مۇزدەك سوغۇق ھەمدە بەھۇزۇر.
باھار يېتىپ كەلمەستە تېخى
خازان بولدى ھاياتىنىڭ بېغى.
ئولتۇرىمەن ھۇجرامدا تەنها،
تامغا ئېسىقلىق رەسىمگە قاراپ.
قاپقاراڭغۇ ئۆيئىچى تۇندەك،
بوران ئۇچار، روجەك غىچىرلاپ.
تۇنۇگۇنلا بىللە ئىدۇق بىز،

ئەمدى مەندىن بولدۇڭ سەن بىزار.
جۇدۇن سوققان قارا تۈنلەردە
يۈرىكىمنى تىڭشاپ جىمغىنا
قۇچىقىمدا ياتقانىدىڭ، يار...
ئەمدى بىزگە كەلدى جۇدالىق،
كەلسە قىسمەت نېمە ئامالىم؟!
باھار تېخى ئاچماستا قۇچاق
بولۇپ قالدىم يېگانە بويتاق،
يوقتۇر ئەمدى ياندا ئايالىم.

بۈگۈن تىنماي ياغماقتا يامغۇر،
پەشتاقتىكى ئىزىڭمۇ ئۆچتى.
شۇنچە قەبىھ ئاسماننىڭ رەڭگى،
ئاھ، كۆڭلۈمگە بىر ئەلەم كۆچتى.

بار ئاۋازدا خىتاب قىلغۇم بار،
كېتىۋاتقان سايەڭگە قاراپ:
«بىر جانۇ تەن ئەمەسمىدۇق بىز،
كەتمىگىنە بۇنچە ئالدىراپ!»
ھەممىنى ئۇنتار ئىكەن ئايالار:
سۆيگۈمۇ يوق،
كەتتۇق ياتلىشىپ.
تۇرارمىزمۇ پات - پات ئەسلىشىپ.
ئامال قانچە، نىتەي مەن ئەمدى؟
مەش ئوتىنى ئۇلغايتاي كۈچلۈك.
ئىچەي ئاچچىق مەينى سۇمۇرۇپ،
سېتىۋالاي يەنە بىر كۈچۈك.

## توماس ئېلليئوت

*(1888 ــ 1965) ئامېرىكىنىڭ بوستون شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ زور تەسىرگە ئىگە تەنقىدچى ۋە شائىر، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، 1914 ـ يىلى لوندوندا ئېزرا پوند بىلەن بىللە يېڭى كىلاسسىزم شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، 1917 ـ يىلى «پولۇوللىك ۋە باشقىلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئېلان قىلغان. 1922 ـ يىلى «باياۋان» ناملىك لىرىك داستانى ئېلان قىلىنىپ، زور تەسىر قوزغىغان، بۇ شېئىر هازىرمۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا شېئىرىيىتىنىڭ ئابىدىسى دەپ قارالماقتا. ئېلليئوت 1948 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.*

### مۇقەددىمە

قورداق هىدىغا تولغان قىش كېچىسى
قېتىپ قالدى كارىدورلاردا.
سائەت ئالتىدە.
پاپىرۇس قالدۇقىدۇر تۇمانلىق كۈندۈز.
ئۆتكۈنچى يامغۇر تۆكۈلۈپ بىردىن

يىغار سۆيۈرۈپ ئاياغلىرىغا
كۆكتىكى گېزىت پارچىلىرىنى
سارغايغان رەزگى يوپۇرماقلارنى.
ئۇرۇلدى شىددەتتە تۇرخۇن ئاغزىغا
سۇنغان ۋەيرانە روجەكلەرگە ھەم.
كوچا دوقمۇشىدا يالغۇز شۇ بىر ئات
بوس ئۆرلەيدۇ تۇياقلىرىدىن،
يورۇقلۇق كەلدى كوچا چىراغلىرىدىن.

## دېرىزە ئالدىدىكى سەھەر مەنزىرىسى

ئاشخانىدا ئۇنلەر تەخسە ناشتا ۋاقتىدا،
يولۇچىلار دەسسەپ ئۆتكەن يول قاسنىقىدا
سېزىپ قالدىم نەم روھنى ئايال چاكارنىڭ
بىخلاپ تۇرار يىغلامسىراپ ئىشىك ئالدىدا.

سارغۇچ تۇمان دولقۇنلىرى كوچا يۈزىدىن
ئەگرى - قىيسىق چىرايلارنى تاشلايدۇ ماڭا.
مەينەت كۆڭلەك كىيگەن ئاشۇ يولۇچىلارنىڭ
ئەھمىيەتسىز كۈلكىسىنى يىرتىپ چېھرىدىن
پېشايۋاندىن يۈۋلەپ چىقار ساماغا ئاستا.

## كارىل ساندبۆرگ

*(1887 ــ 1967) 1914 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «چېكاگو» ناملىق شېئىرى زور زىلزىلە پەيدا قىلغان. 1922 ـ يىلى كەينى ـ كەينىدىن تۆت شېئىر توپلىمى ئېلان قىلىنىپ، «ئاۋام خەلقىنىڭ شائىرى» دەپ نام ئالغان. 1936 ـ يىلى بىر يۈز يەتتە بابلىق ئەڭ مۇھىم شېئىرى «خەلق، شۇنداق»نى ئېلان قىلغان. ساندبۇرگ يەنە ئالتە توملۇق «لىنكولىنىنىڭ تەرجىمىھالى»نى يېزىپ، ئىلىم ساھەسىدە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن.*

### بەلكىم

بەلكىم ئۇ ئىشىنەر ماڭا، بەلكىم ياق،
بەلكىم ئاڭا ياتلىق بولارمەن، بەلكىم ياق،
دېڭىزلارنى يەلپۈتەر شامال
بەلكىم
ئېپار چېچىپ كېزىدۇ يايلاق.
بەلكىم، بىراۋ قىلار ئاشكارا.
مۇرىسىگە قويسام بېشىمنى.
سورار مەندىن،

دەردمەن: ھە، شۇنداق،
بەلكىم.

## تۇمان

تىمسقىلاپ مۇشۇكتەك
كەلدى تۇمان.
مۈكچىيىپ ئولتۇردى
كوچا ئاغزىدا
رەستىلەرگە كۆز تاشلاپ بىر ئان
يولىغا ئۇ بولدى راۋان.

## دېنىس لېۋىتوف

*(1923 ــ) ئامېرىكىدا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئايال شائىرلارنىڭ بىرى، 1946 ـ يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ئېلان قىلىنغان. 1957 ـ يىلى ئۇنىڭ «مۇشۇ يەر، ھازىر» ناملىق توپلىمى ئېلان قىلىنغاندا، ئوبزورچىلار ئۇنى قارا تاغ ئېقىمىغا تەۋە شائىر دەپ قاراشقان.*

### يېگانە ئادەم

قان رەڭگىدە پاتقان كۈن
يېرىپ قويار سىلىق بىر ئاتنى
سوۋۇمايدۇ
نۇرلاردىكى ھارارەت
قونالغۇ ئىزدەشكە بار تېخى پۇرسەت.

قونغاندا ئاي ئۇپۇق لېۋىگە
ئاستا تېگىرقاپ
شوللىرى ئۆچەر تامامەن
تۇرمايدۇ چاقناپ
تەگرىنىڭ ئىشلىرى شۇنداق
ئەۋلىيالارمۇ
قەھرىمانلارمۇ ھەم شۇنداق.

## ئاننى سېكستون

*(1928 ــ 1974) «مونولوگ ئېقىمى»دىكى ئامېرىكىلىق ئايال شائىر. ئۇنىڭ «مونولوگ»لىرىنى تەنقىدچىلەر «مونولوگ ئېقىمى» ئىچىدە ئۆزىنى ئەڭ بىۋاستە ئوپېراتسىيە قىلغان دەپ قارايدۇ. 1960 ـ يىلى ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ئېلان قىلىنغان، 1967 ـ يىلى «ئۆلۈم يا كۆرۈم» ناملىق توپلىمى پولىتزېر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1968 ـ يىلى ئەنگلىيە خان جەمەتى ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنىپ، داڭلىق شائىر قاتارىغا ئۆتكەن، لېكىن ئۇمۇ «مونولوگ ئېقىمى»دىكى باشقا ئىككى شائىرغا ئوخشاش ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.*



## يۇلتۇزلۇق كېچە

بۇ شەھەر مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان،
قارا چاچلىق قېرى بىر سۆگەت
سۇغا چۆكۈپ ئۆلگەن ئايالدەك
ياز قوينىدا يوقالدى پەقەت.
جىمجىت شەھەرلەر
قاپقارا قازاندا قايناتار يۇلتۇز.

ئاھ، يۇلتۇز، نۇرانە يۇلتۇزلۇق كېچە،
تىلەيمەن ئۆلسەم دەپ مەنمۇ ئاشۇنداق.

يۇلتۇزلار كۆچمەكتە، ئۇلار تىرىك جان.
ئاي تۇگۈل قىپقىزىل كىشەن ئىچىدە
چىڭقىلىپ كۆيجۇيدۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن
باللارنى سىقىپ چىقماقچى تەڭرى.
سۇمۇرۇپ دەم تارتتى يۇلتۇزچاقلارنى
كۆرۈنمەس قەدىمىي بىر بوغما يىلان.
ئاھ، يۇلتۇز، نۇرانە يۇلتۇزلۇق كېچە،
تىلەيمەن ئۆلسەم دەپ مەنمۇ ئاشۇنداق.

كېچىگە ئېتىلىپ كىردى بىر قاۋان،
جېنىمنى سۇغۇرۇپ ئالدى ئەجدىھا
بايراقسىز،
قورساقسىز،
تىنىقسىز بۇ ئان.



## بويىدىن ئاجراش

تۆرىلەتتى، تۆرەلمىدى ئۇ بىراق.

لەۋلىرىنى چىشلىگەندە يەر شارى
ئۇندۇرمىلەر گۈل قىيتىدا تولغاندى،
ئالماشتۇرۇپ ئايىغىمنى كەتتىم مەن بىراق.

دولقۇنلايدۇ چەكسىز كەتكەن پىنسىلۋانىيە،
يىراق، يېشىل چوققىلاردىن ئۆتىدۇ ھالقىپ

كۆك ياللىق شىرغا ئوخشاش ئېسىل ماي بوياق.
كاتاڭ يوللار تولغىنىدۇ كۆل رەڭ سىياقتا:
ئېقىپ چىقار قارا ئۆڭكۈر ئاغزىدىن كۆمۈر
ئاچچىق - ئاچچىق قىيقاس سېلىپ چىرقىرار تۇپراق.

تۆرىلەتتى، تۆرەلمىدى ھەيھات، ئۇ بىراق.
كىچىككىنە گۈل - گىياھلار شۇ قەدەر قەيسەر،
بىلەلمىدىم، يېرىلىدۇ يەر شارى قاچان،
بىلەي دەيمەن ناتىۋانلار ياشايدۇ قانداق؟

بىر پەتەكنى ئۇچراتتىم پېنسىلۋانىيەدە،
ئەمەس چىقتى، ئەپسۇس رىمبورىسدىسكى...
شېرىن سۆيگۈ لەززىتىگە ئۇ بوپتۇ مۇشتاق.

## سىلۋىيە پىلاس

*(1932 ــ 1963) ئامېرىكىنىڭ بوستون شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1956 ـ يىلى ئەنگىلىيەلىك شائىر تېدشۇسقا ياتلىق بولغان، كېيىن ئاجرىشىپ كەتكەن، 1963 ـ يىلى نېرۋىسىدىن ئادىشىپ لوندوندا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. «گىگانت ئادەم»، «ئېلىلار» ناملىق توپلاملىرى 1960 ـ يىللاردىكى «مونولوگ ئېقىمى» شېئىرىيىتىدىكى ۋەكىللىك ئەسەر دەپ قارالماقتا.*



### كۆكۆلدىكى گەپ

ئورمانلارنى كەسكەندە پالتا
دالىلاردا چاپقاندەك ئاتلار
يىراقلارغا تارايدۇ سادا.

دېۋىرقايلار مېنىڭ كۆز يېشىم
ئېقىپ ـ ئېقىپ تۇگىدى،
ئۇيۇپ قالدى شۇنچە خاتىرجەم
ئەينەكسىمان
كۆرۈنەر ئۇندا كۆكلۈمدىكى تاش
دومىلاپ چۈشسە
ھۇمىيا بولۇپ قالىدۇ باشلار،

يېشىل چۆپلەر ئېتەر ئۈنى يەم
يىللار ئۆتۈپ
يول بويىدا ئۇچراتسام ئۇنى
تىلىم تۇتۇلار، چەۋەنداز غايىب
تاراسلاپ ئاڭلىنار تۇياقلار ئۈنى
تىنىق كۆلىنىڭ تەكتىدە
جىمىرلىغان يۇلتۇزلار توپى
كۆرسىتىدۇ ھايات ئەكسىنى.

چەت

ئەيىبسىز ساھىبجامال ئىدى ئۇ،
ئۆلگەن تېنىدە

جىلۋىنەر زەپەر كۇلكىسى،
يەلپۈنۈپ تۇرغان ئېتەكلىرىدە
يۇناننىڭ خىيالىي تىراگېدىيەسى.
سۆزلەيدۇ

يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى ئۇنىڭ:
يىراقلاپ كەتتۇق، ئەمدى ئىش تامام.

ئۆلگەن ھەر بالا ئاپپاق يىلاندەك
تولغىنىپ ياتار كىچىككىنە شۇ

بوش قالغان سۈت بوتۇلكىسىدا،
ساھىبجامال ئالدى ئۇلارنى

قويىنغا، گويا
قىزىلگۈل بەرگىنى يۇمۇۋالغاندەك.
مۇزلىغاندا باغ، ئۆلۈم نۇرلىرى
چوڭقۇر بوغۇزدىن يامرىدى بالدەك.

ھەسرىتى يوق ھېچ تولۇن ئاينىڭ
ئاق رومال ئاستىدىن تۇرار ئۇ قاراپ،

كۆنۈپ كەتتى بۇ ئىشلارغا ئۇ،
قارا كۆڭلەك سۆرىلىپ ئۇنلەر پالاقلاپ.

## خىلدا دولىتتى

*(1886 — 1961) تىپىك ئىماگىزمچى ئايال شائىر. ئامېرىكىنىڭ پېنسىلۋانىيە ئىشتاتىدا تۇغۇلغان، 1930 - يىلى رىچارد ئالدىڭتون بىلەن بىرلىكتە يېڭى ئىماگىزم ئېقىمىدىكى شېئىرلار توپلىمىنى تۈزۈپ چىققان. 1930 - يىللاردىن كېيىن ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئۇسلۇبى ئۆزگىرىپ، ئىماگىزمنىڭ تار يولىدىن ئايرىلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇ «يىقىلماس تام»، «پەرىشتىگە سالام»، «چېچەكلىگەن هاسا» قاتارلىق ئۈچ توپلىمىنى ئېلان قىلغان.*



### سېنى سۆيمەيدۇ

سېنى سۆيمەيدۇ
شاماللار قايتا،
يامغۇرلارمۇ ھەم.

كۆرەلمەيمىز شۇنچە ئۇز
چاقناشلىرىڭنى
شاماللار ئىچرە، قارلار ئەكسىدە.

ئېرىپ - ئېرىپ قار
كېتىدۇ يوقاپ،
سەنمۇ ئۇچۇپ كېتىسەن ئۇزاپ.

قولىمىزدىن ئۇچقان قۇرغۇيدەك
قەلبىمىزدىن ئۆچكەن نۇرلاردەك
كەلمەيسەن يېنىپ.

## جوسف برودىسكى

*(1940 ــ ) ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى رۇس شائىر، لېنىنگرادتا بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئون سەككىز يېشىدا شېئىر يېزىشقا ۋە تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان، 1972 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ، نيۇيوركتا ئولتۇراقلاشقان، شېئىرلىرىنى ئىنگلىز ۋە رۇس تىلىدا يازغان، ئۇ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەڭ ياش يازغۇچى. ئۇ رۇس لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىسى بىلەن غەرب هازىرقى زامان شېئىرىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، شېئىرنى ئىچكى ئېلاستىكلىققا ئىگە قىلغان، تېمىسى دىن، ئەپسانە، تارىخ ۋە رېئاللىق قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ.*



### سۆكۆتتە دېمگىن شېئىر ئىلاھى

سۆكۆتتە دېمگىن شېئىر ئىلاھى،
بىناۋا يىگىتنىڭ پۈتمەيدۇ ئاھى.
زەڭگەر رەڭ ياغلىقنى يەلپۈتەر قېيىق،
دولقۇنلار كۆكرەككە ئۇرۇلۇپ گاھى.
كەينىڭگە باقمىغىن، دېمە ھەم ئۇنداق،
تېرەكلەر رەتمۇرەت تۇرار تىزىلىپ.

ياستۇققا باش قويۇپ ياتمەن ئېغىر،
كۆزلىرىم پوشكالدەك كەتتى ئېزىلىپ.

ئېيتقىن، بۇ تۇپراقتا بەختلىكمۇ سەن؟
چىمەنلەر تۆشكىلىك،
شۇنداق سورايمەن.
هاۋاغا ئىنتىزار بولغاندەك بېلىق،
نەمخۇش لەۋلىرىمدە سېنى شورايمەن.

توشقاننىڭ قۇلىقى بولسا بېشىمدا،
يەر ئىدىم ئورماندا رەگەتكە تېشى؛
ئالدىڭدا نامايان بولاتتىم يارقىن
ياپراقلار سېسىغان كۆلچەك ئىچىدە.
ئۇ ئەمەس ھەرگىزمۇ ئورمانلار ئىشى.

بېھۇدە ئۆتمەكتە شۇ خەسىس يىللار.
قاچاندۇر چىچىمغا تولۇپ كەتتى ئاق.
قانسىراپ كەتمەكتە ئەنسىز تەنلىرىم،
مۇردىدەك سىياقىم پىكىرسىز ھەر ۋاق.

جان دوستۇم، ئەبەدىي ئايرىلار بولدۇق،
قەغەزگە سىزغىنا قېنى بىر چەمبەر.
بىلگەنسەن، شۇ قەدەر كاۋاك ئادەم مەن،
يىرتىۋەت، ئاڭا بىر ئاغدۇرۇپ نەزەر.

## شۇ ئادەم مەن

شۇ ئادەم مەن،
ئېلىپ باغرىڭغا
باغاشلىغان سۆيۈملۈك ياردەك،

تۈن پەردىسى يېپىلغان ئاخشام
ئالدىڭدا مەن ئېگىلگەن يادەك.

شۇ ئادەم مەن،
تونۇۋالاي دەپ
پەستىن ماڭا باققانتىڭ قىيا.
ئەمدى بىلدىڭ كىملىكىمنى سەن،
دەسلىپىدە كۆرۈنسەم غۇۋا.

قۇياش كەبى تەنلىرىڭ بىلەن
تاشلانغاندا قۇچاقلىرىمغا
سەزگەنىدىم مەۋجۇتلۇقۇمنى
پىچىرلىساڭ قۇلاقلىرىمغا.

سەن چۈشۈردۈڭ پەردىنى ئاستا،
لەۋلىرىمگە يېقىپ لېۋىڭنى.
بېقىپ يەنە مەيلىڭگە جانان
چاقىرايمۇ سېنىڭ ئىسمىڭنى.

كۆرۈنگەنتىڭ ئەما چاغلىرىم
گاھ كىيىملىك، گاھى يالىڭاچ.
بىلگەنىدىم بىلمىگەنلەرنى،
قەلبىمگە ئۇ چوڭقۇر ئورنىغاچ.

ئەۋلاد تېپىش كارامىتىنى
جاھان شۇنداق قىلدۇ ئىجاد.
تەڭرى شەپقەت ياغدۇرۇپ چەكسىز،
پىرقىرايدۇ تىنماي كائىنات.

گاھ كېچىدە، گاھى كۈندۈزدە
تەرلەيمىز ھەم كېتىمىز توڭلاپ.
ئۈنتۈلدۈ كىشىلىك دۇنيا،
ئالەم تىنماي تۇرار پىرقىراپ.

## لېنىنگراد شەھەر ئەتراپىدىكى يەھۇدىيلار قەبرىستانلىقى

لېنىنگراد شەھەر ئەتراپىدا يەھۇدىيلار قەبرىگاھى،
چىرىپ كەتكەن شادىلىرى قىڭغىيىپ تۇرار.
ئاشۇ يەردە
ئادۋوكات، سودىگەر، مۇزىكانت ھەمدە
ئىنقىلابىي قۇربانلارمۇ
ياندىشىپ ياتار.
ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن كۈيلىگەن
ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزاي دېگەن
باشقىلار ئۈچۈن بەردى مانا جان.
ئۇلار بۇرۇنلا تۆلەپ بولغان باج،
ساقچىلارغا بىلدۇرگەن ھۆرمەت،
ئىمكان بار جىمى ئىشلارنى قىلغان.
زوقلىنىپ بەختلىك ياشىغانلارغا
يەھۇدىي كاللامدىن سۆھبەتلەر قۇرغان.
بەلكىم، قارىغۇلارچە چوقۇندى ئۇلار،
بەلكىم، يىراقلارغا تاشلىدى نەزەر.
لېكىن ئۆگەتتى پەرزەنتلىرىنى
بولۇشقا قەيسەر.
ئۇلار پەقەت چاچمىغان ئۇرۇق،
ئۇلار پەقەت تېرىمىغان يەر.
مۇزلۇق يەر شارىدا ياتار ئۇلار

زىرائەتتەك
مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا چۆكۈپ،
كېيىن يەر شارىغا چېچىلدى ئۇلار
شامغا ئوخشاش نۇرلىنىپ كۆيۈپ.
تىلاۋەت بايرىمىدا
يارىشايلى دەپ
بار ئاۋازدا قىلار ئىلتىجا
ئاچ - زېرىن چاللار.
ئۇلار يەتتى شۇنىڭغا
ماددىلارنىڭ پارچىلىنىشىدا،
ئەسلىگۈدەك نەرسە قالمىدى،
ئۇنتىغۇدەك ھېچ نەرسىمۇ ھەم.
قىيسىيىپ ياتقان شادا ئىچىدە،
تىراۋاي توردىن يىراق مىڭ قەدەم.



## مۇھەببەت

بۈگۈن كېچە قاچتى ئۇيقۇمىز
سەيلە قىلىپ يۇردۇق ئىككىمىز.
ئۆچتى تامام كوچا چىرىغى
سانىسىز توچكا بولۇپ يوقالدى
چۈشۈمىدىكى سوئال بەلگىسى،
ئەنسىز تۇيغۇ قوينىغا ئالدى.

چۈشۈمدە سەن ھامىلدار بوپسەن،
ئايرىلغانتۇق نەچچە يىل بۇرۇن؟
پۇشايمىنىم كۆپتۇر شۇ قەدەر،
بۆرتۈپ چىققان كۆكرەكلىرىڭنى
يايراپ - يايراپ سىلىغۇم كېلەر

ئەسنى يىغسام كۆڭلەكلىرىمنى
پۇرلاپتىمەن، مۇجۇپتىمەن ھەم
كارىۋات چىرىغىنىڭ مۇنەكلىرىنى.

بىلدىم روجەك ئالدىدا، سىنى
تاشلاپ قويدۇم كېچە قويندا،
چۈشلىرىمدە، تەنھا، پەرىشان.
سەن يىراقتا كۈتەرسەن مېنى
ئاغرىنمايسەن قېيداپ ھېچقاچان.

چىراغ نۇرى تاشلىسا ئۈزۈپ
تۇندە يەنە ئېتىدۇ داۋام؛
تويلاشتۇق بىز ئەر - خوتۇن بولۇپ،
ئايرىلمايمىز ئەبەدىلئەبەد،
ئىككى تەن بىر، كەتكەن قوشۇلۇپ،
شاھت بولۇپ ئاقلار بالىمىز
يالىڭاچلانغان سىياقىمىزنى.
كېچىلەردە كېلەرسەن يەنە،
شۇنچە ھارغىن، نازۇك ۋە ئاجىز،
ئالدىمىزدا بىر ئوغۇل، بىر قىز،
ئۆز قېنىمدىن تانمايمەن ھەرگىز،
موناخ بولۇپ كەتكىنىمۇ يوق.
ئىزدەپ يۈرمەس قوللىرىم بىراق
ئەمدى چىراغ مۇنەكلىرىنى.
چۈشلىرىمنى قوغلاپ ئۇ يىراق.
سىنى كېچە ئەنسىزلىككە
تاشلاپ قويغۇم يوقتۇر زادىلا،
ئۇندا ئۇنلۇك يىغلىيالمايسەن،
كۆز ئالدىڭدا بولماس نامايان

تېڭىرقىغان بىناۋا يىللار،
چۈشلىرىمدىن ئويغانسام، سېنى
كۆرۈش نېسىپ بولمىدى ئەسلا.

## بېلىق

بېلىق ياشار قەھرتان قىشتا،
خىيالىدا ھاۋانى كۆشەپ.
بېلىق كېزىپ يۈرەر قىش ئارا،
كۆزلىرىنى كۆك مۇزغا بىلەپ.
ئۇ يەرلەر
چوڭقۇر شۇ قەدەر.
بېلىق،
بېلىق،
بېلىق،
بېلىق كېزىپ يۈرەر قىش ئارا.
بۇ پەسلنى تەرك ئەتكىلى.
قۇياش پەرياد چېكەر دىرىلدەپ.
بېلىق كۆزىسىز
نۇرنى پەرق ئەتكىلى.
ئۆلۈملەردىن ئۇزاپ كېتەر ئۇ
بۇ بېلىقنىڭ مەڭگۈلۈك يولى،
ياش تۆكمەيدۇ بېلىق ئەزەلدىن.
مۇزتاغ بىلەن تىركىشىپ مەغرۇر
تۇرار ئۇ ھامان.
سوۋۇپ كەتكەن بېلىقنىڭ كۆزى
مۇزدەك سۇدا
ئۇيۇپ قالغان.
بېلىق ھامان سۈكۈتتە يۈرەر،

چۈنكى ئۈنىڭ بولمىغاچ تىلى.
بىلىق ھەققىدە يېزىلغان شېئىر
بىلىقتەك
شائىر بوغۇزىغا قىسىلىپ قالغان.

## لىرىكىلار

1

خوشلىشايلى سۆكۈت ئىچىدە،
پاتېفونىمۇ توختىسۇن بىرپەس.
بۇ ئالەمدە ئايرىلدۇق شۇنداق،
ئۇ ئالەمدە قوشۇلماقمۇ تەس.
بىر ياستۇققا باش قويالمايمىز،
ھاياتىمۇ يۇردۇق ئىككى يان.
ئۆلۈم بىزگە نە ۋىسال بەرگەي،
سەدپارە دىل ئىشق دەردىدە قان.

2

كىمدە ئەيىب بولسا مەيلىلا،
يېتىپ كەلدى ئاخىرقى سوراق،
گۇناھسىزنى كۆتكىلى بۇندا
پاياندازمۇ سالمايمىز ھېچ ۋاق.
خەيرلەشتۇق تەكرار ۋە تەكرار،
كەلمىش قىسمەت كۆڭۈلگە ئايان.
جەننەتتىمۇ ئۇچرىشالمايمىز،
دوزاختا ھەم بىر بولماس ماكان.

3

قوشۇلۇش بەك گۈزەلدۇر، گۈزەل،
ئايرىلىشمۇ نەپىس شۇ قەدەر.

نە قېيداش، نە نەپرەت قالمدى،
كىچىكتى رەڭ تاشلىغان سەپەر.
بىز ئەبەدىي بىر جۈپ يەنىلا،
يۈرمەيلى ھەم بۇنى جاكارلاپ.
كامالەتكە كۆتۈرۈپ بىزنى
قىسقا دەملەر تۇرسىمۇ پارلاپ.

4

قۇرۇپ قاقشال بولغۇچە تەنلەر
يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدى تەرلەر.
تەڭ كۆتۈردۇق قەدەھتە مەينى،
ئەپسۇس، بىرىمىز مەست بولدۇق بەتتەر.
تاماق ئەمەس بىز ئۈچۈن دۇنيا،
مەنزىللەردە تالاي قىسمەت بار.
يوللار داۋان، يوللار ھاڭ - قىيا،
بەلكىم ۋىسال ياكى فۇرقەت بار.

5

خوشلىشايلى سۈكۈت ئىچىدە،
بىلمەيمىز كىم كەتكەننى تاشلاپ.
(سەن «پەرىشتە» مەن بىر «شاياتۇن»)
ئالالمىدىم سېنى باغاشلاپ.
ئەيىبكارمىز ئۆزىمىز بەلكىم،
شېئىر ئىلاھى تۇرار سوراقلاپ.
ئۆلۈم بىزگە قىلغان ستەملەر،
ھاياتلىقتا قالدۇردى ئازاب.

# ئوكتاۋئو پاز

(1914 — ) مېكسىكا شەھىرىدىكى بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1930 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، 1938 - يىلى پارىژدا سۇررېئالىزملىق ئەدەبىيات ھەرىكىتىگە قاتناشقان، 1944 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە ئامېرىكىغا بېرىپ لاتىن ئامېرىكا شېئىرىيىتىنى تەتقىق قىلغان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ فىرانسىيە، ياپونىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە دىپلوماتىيە خادىمى بولۇپ تۇرغان، 1971 - يىلى دۆلىتىگە قايتىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ۋاڭ ۋېي، لى بەي، دۇفۇ قاتارلىق جۇڭگو كىلاسسىكلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى دۇنيادا كەڭ تەسىرگە ئىگە بولۇپ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر شائىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «تەنھا قەسىر»، «قۇياش تېشى» «بوران - چاپقۇنلۇق پەسىل»، «قىسقا شېئىرلار»، «ۋىسال ۋە جۇدالىق»، «ئۆزگىرىش دولقۇنى» قاتارلىقلار بار. ئۇ 1990 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

# ئىنسان يىلتىزى

1

مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل بار بۇندا،
بۇ يەردىكى سۈكۈت ئىچىدە،
مېلودىيە ئەڭ ئويناق جايدا،
قانلىرىمنىڭ دەرەخ ئاستىدا
ساڭگا ئەلۋىدا.
يالىڭاچ تېنىم،
كۆچتۈڭگۆرلۈك تۇرىدۇ ئۇرغۇپ،
سۈكۈتتىكى پەرزەنتلەر،
تومۇرۇمدا ياڭرىتار سادا.
شۇنچە جىمجىت تىنىق بۇ ئاسمان،
بۇ شۇنچە پاك يالىڭاچ بەدەن.
شېھىت بولساڭ،
قانلىرىمنىڭ دەرەخ ئاستىدا
ياتقىن خاتىرجەم.

2

كۆيگىن جىمى سادالار،
كۆيگىن، قىپقىزىل لەۋلەر؛
ئىگىز - ئىگىز گۈل بەرگلىرىدە
ئۇخلاپ ياتار جىمجىت كېچىلەر.

ھېچكىم بىلمەس سىنىڭ ئىسمىڭنى؛
ئالتۇن رەڭگە قانغان يۇلتۇزلار،

ئۇيۇپ قالغان كېچىلەر؛
جىمسى كەتكەن ئوكيانلار،
سېنىڭ پىنھان كۆچ ـ قۇدرىتىڭدە
ئۆركەشلەپ ئاقار.

قەدىردانىم، سېنىڭ نامىڭنىڭ
لاۋۇلدىغان سادالىرىدا،
غەرق بولۇشتى سۆكۈتكە ھەممە.
غايىب بولدى نامىڭمۇ سېنىڭ
تىلسىز كېچىدە.

3



سېنىڭ قانلىرىڭ
شۇنچە ناتونۇش
تەنلىرىڭگە كىرمەكتە ئېقىپ
يۇيۇپ غۇۋا قىرغاقلىرىڭنى،
ناتونۇشتۇر ساڭا شۇ قىرغاق.
پاك ھەم يىراق
دەۋرەپ ـ دەۋرەپ ئېقىشلىرىدا
توختاپ قالدى قانلىرىم شۇنداق.
كىچىككىنە جاراھەت ئىزى،
ئۇ تونۇيدۇ نۇر ۋە ئاپتاپنى،
كۆزلىرىنى تونۇماس بىراق.
مانا، سېنىڭ قانلىرىڭ، مانا
زاھىر بولغان نەملەنگەن سادا.

قايتىپ كېلەر جىمىكى ۋاقىت
كۈندۈزلەرنىڭ باشلىنىشىغا،
ئوخشار سىنىڭ
زەرەتلەنگەن چېچىڭغا،
يوچۇن چوڭقۇرلۇقتا تىترىسە يىلتىز.
هايات
ئايلىنىدۇ شۇ دەقىقىدە،
ۋاقىت ئۆلەر ۋاقىت ئىچىدە،
نام ۋە شەكىل ئەسلەنمەس ھەرگىز.

دەيمەن، مانا بۇ سىنىڭ قېنىڭ،
يوقالغاندا قانلىرىڭ تامام
يار ـ يۆلەكسىز قالىدۇ روھىڭ.

## ئۇنتۇش

كۆزلىرىڭنى يۇمۇپ بىر لەھزە،
غايىب بولغىن قاراڭغۇلۇقتا،
غايىب بولغىن كىرپىكلىرىڭنىڭ
شەپەقسىمان ياپراقلىرىدا.

چۆكۈپ كەتتىڭ
ئاۋازلارنىڭ قايناملىرىدا،
ئاڭلىنىدۇ يىراق ـ يىراقتىن
گۇركىرىگەن سىرلىق بىر سادا؛
ئۇ غوۋغاچى شارقىراتمىدەك
ئۇنلەپ بارار ئۇپۇققىچە تا.

مەۋجۇتلۇقۇڭ
سىڭىپ كەتسۇن قاراڭغۇلۇققا
غايىب بولسۇن تېرىلىرىڭدە
ھەتتا ئىچىڭدە؛
مۇسكۇللىرىڭ
يالتىرايدۇ بىنەپشە رەڭدە،
بىلەلمەيسەن نىگاھىڭ نەدە.
دېڭىزلاردا
كېچىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا
تەلۋە ئوتنىڭ يېشىل يالىسى
تارتىدۇ نەرە.
نەملىنىدۇ يالىڭاچ تېنىڭ
چۈشتەك سۈيۈق كۆلەڭگىلەردە؛
تەرك ئەتكىن، ئۇنتۇ ئۆزۈڭنى،
تاشلاپ كەتتى كۆپۈكلەرنى كىم
بىلىپ - بىلمەي يېشىل قىرغاققا.
پايانى يوق مەۋجۇتلۇقۇڭدا
غايىب بولغىن، يىتكىن بىراقلا،
قۇيۇلىدۇ دېڭىز دېڭىزغا،
ئۇنتۇپ كەتكىن ئۆزۈڭنى ئاستا،
دېمەيمەن مېنى ئېسىڭدە ساقلا.
ئەبەدىيلىك ئۇنتۇش ئىچىدە
لەۋلەر، سۆيۈشلەر.
ئوتلۇق سۆيگۈلەر
تىرىلەر ھەممە،
يۇلتۇز تۈنىنىڭ بالىسى يەنە.

# چىراغ

ئېلىشىدۇ تۇن بىلەن
پارە - پارە قىلىپ ئۆزىنى
قۇچاقلايدۇ تەنها ئازابنى

سىياھەتەك پىكىر، ئوت ئالغان ئۇرۇق
ئوت ۋە شېرىن سۇنىڭ ئازابى
جەڭنىڭ ئازابى
سىرلىق بالقىپ تۇرغان يورۇقلۇق
سۆزۈك، مەزمۇت يېشىل يىپىنچا
ھىماتىغا ئالار ئازابنى

تۈن كۆيلەيدۇ، كۈندۈز سۈكۈتتە
سىر دىشىمىز، سۆزلەر ئۆزگە
شاد - خۇرام ئازاب
قۇرۇغان كۆز، شور باسقان كۆكرەك
كارىۋاتقا چىق، كىرگىن چۈشۈمگە
ئازابلىق ئازاب

قېنىمنى ئىچ، قۇشلارنىڭ دەردى
پۈتمەس كۈتۈش، يوقلىدۇ تۈن
سەممىي ئازاب

غېرىب ئۈزۈك كۈتەر سۆيگۈنى
ئاپتاپپەرەستەك
دەرد تولغان راۋاق

ئېلىشىدۇ تۈن بىلەن تىنماي
جۇشقۇن بۇ ھايات
ئازابقا بۇلاق

## كېلىپ ـ كېتىش

پاتقاق بولۇپ كەتتى نويابىر:
تاشلار ئېپلاس، قارايغان مۇسكۇل،
كۆرۈنمەيدۇ غۇۋا بىنالار.
ئۆتۈپ كۆۋرۈك ۋە ئىشكلەردىن
ھايات ئىزدەش نەقەدەر مۇشكۇل.

ئاي نۇرىدا كاتتا ئايۋانلار
چىراغلاردىن تامچىلايدۇ قان.
ئالماشتۇرار مۇزدەك شولىنى
بېلىق ۋە ئىنسان

كۆردۈم تالاي تىرىك ئەرۋاھنى
ياشاش ئۈچۈن تەلپۈنۈپ تۇرغان.
راۋاق، سېرىق گۆھەر، قىزىل قان،
قاپقارا چاچ، كەھرىۋا كۆكرەك،
پەگاھتىكى ئاقسۆڭەك جۇۋان.

يولۋاس، موزاي ھەمدە سەكسەنپۇت،
ئوت ئىچىدە ھەشقىپچەك گۈل،
قىنىم ئىچىپ مىنى قىلار كۈل.

كارىۋاتتا، ئۆچكەن يۇلتۇزلار،
كېچە ۋە تەن ئەينەككە قاپقان،
بىر دۆۋە تۇز، ئاقسۆڭەك جۇۋان.

جەستىمنى يېگىن ئەي قۇياش.
ئۆلۈم ئىزدەش مەن ئۈچۈن ياشاش.

## بوران

چوققىسىدا قاپقارا تاغنىڭ
جۆيلۈمەكتە يامغۇر ئۇن سىلىپ
شۇ دەقىقىدە
كېتىۋاتىسەن ھاڭ ئارىسىدا
تېنىڭ كەتكەن ئۇيقۇغا پېتىپ
ئېلىشىدۇ قاراڭغۇلۇقتا
چۈشۈڭ بىلەن قاپقارا بوران
يېشىل ھەمدە ئاپپاق چاتقاللار
مىڭ يىللىق دۇب شۇ قەدەر يۇمران
سېنى يۇلۇپ يىقىتار بوران
پىكرىڭنى يىرتىپ ھەر تامان
پىرقىرىتار بىر جۈپ كۆزۈڭنى
كىندىكىڭنى قىلىپ ئاشيان
قالار قۇرۇق بولۇپ بۇ جاھان
ئوخشاپ قالدىڭ يېكەنگە گويا
ماڭلىيىڭدا، كىندىكلىرىڭدە
ھۇۋلاپ سېنى ئۇچۇرار ھەر يان
مىنىۋالدى

چۇشۇڭدىكى يامغۇرغا بوران
قولى يېشىل، پۇتلىرى قارا
كېچىدىكى
قورام تاشنىڭ بوغۇزلىرىدا
بوغماقتا سېنى
تاغ ـ ئېدىرلار ئۇيقۇغا كەتكەن
جۆيلۈمەكتە يىغلاڭغۇ يامغۇر
ئارىسىدا ئىككى پۇتۇڭنىڭ
پىچىرلايدۇ قىيا تاش ھەم سۇ
پېشانەڭنىڭ قىيالىرىدىن
ئېقىپ چۇشەر قۇشلار دەرياسى
يارىلانغان ئۆكۈزگە ئوخشاش
ساڭگىلتار بېشىنى ئورمان
بورانلارنىڭ قانات ئاستىدا
كۆككە تىنماي سوزار بېشىنى
جۆيلۈمەكتە يىغلاڭغۇ يامغۇر
ئۆكسۈپ ئەمما تۆكمەي يېشىنى
غەپلەت باسقان تەنلىرىڭ ئارا
كېچە چەكسىز بولماقتا قارا

## ئوتسكو ①

تومۇز پەسلى كۆيمەكتە قۇياش،
كۆيگەن قۇياشتا قاقلىنىدۇ ياز،
بارچە قۇياش،
پەقەت شۇ قۇياش، قۇياشلىق قۇياش،

① سىتسىلىيەدىكى يانار تاغ ئارىلى، قەدىمىي سالاسىنلارنىڭ قەبرىستانلىقى.

قېتىپ كەتكەن سارغۇچ ئۇستىخان،
مۇزدەك سۆرۈن جىسمىغا ئوخشاش.

قىيالارنىڭ مۇشتۇمى،
ۋولقانلارنىڭ چاچمىسى،
قەبرىلەر،
زېمىن ئەمەس،
ئارالمۇ ئەمەس،
چوققىلاردىن غۇلاپ چۈشكەن تاش،
تاشتەك مېۋىلەر،
تاشقا ئايلانغان قۇياش تامچىسى.

تىڭشايدۇ كېچە
بۇلاقلارنىڭ تىنىقلىرىنى،
قۇترىسا دېڭىز
تاتلىق سۇدا ھەسرەتلىك ئىڭراش.
كېچىلەردە ياپپېشىل ئاراش.
ئۇخلاپ ياتار ئىدىش ئىچىدە
قاپقارا شاراب،
تۇم قارا ۋە يېپيېڭى قۇياش.

توق قىزارغان قىزىلگۈل
قىزىل تومۇر كەبى بىر شامدان،
كۆيەر چوڭقۇر دېڭىز تەكتىدە.
ئۆچۈرەر قۇياش ئۇنى زېمىندا،
ھاك تېشىدەك ئاقارغان ئۆلۈم
تېپىرلايدۇ ياشاش ۋەسلىدە.
گۈڭگۈرتسىمان شۇ ئېگىز قىيا

تاشلىرى چوغ، چاچىدۇ لاۋا.
سەن تۇرىسەن يانمۇيان ماڭا.
پىكىرلىرىڭ قاپقارا زىيا.

قول ئۇزارتساڭ
ئالقىنىڭدا ھەقىقەت مانا.
دولقۇنلايدۇ دېڭىز قوللىرى
چاقناپ تۇرغان قىيالار ئارا.
باشلار قېيىپ، كۆز بولار غۇۋا.
چىرايىڭغا باقمەن،
كۆزىتىمەن شۇ چوڭقۇر ھاڭنى،
ۋەھشىي ئۆلۈم بەك سۇزۇك بۇندا.

قەبرە ۋە ئاسمان:
يىلتىزىمىز تۇتاشقان
جىنسىي ئەزاغا،
تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان
ئانىلارنىڭ ئاغزىغا،
شالغۇت دەرەخ چېچەكلەر ئاچقان
شېھىتلەرنىڭ زېمىن باغرىغا.

## خارابە قەسىدىسى

يەر سىلكىيدۇ ئالتۇن تاجلىق كۈن.
زەر رەڭلىك نەرە،
كۆكتىكى بۇلاق
ئادىل، مېھرىبان.
نەقەدەر ئۇز مەۋجۇتلۇق ھامان.

قىيالارغا يامىشار دېڭىز،
قورام تاشلارنى بېسىپ باغرىغا؛
قارا تاغلارنىڭ چاقنار يارىسى؛
ساي تېشىدەك ئۆچكە بالىسى؛
قۇياش تۇخۇمى چۆكتى دېڭىزغا.
سىرلىق بۇ جاھان.
سۇنغان ھەيكەللەر،
تۇۋرۇكسىمان نۇر،
تىرىك ئۆلگەنلەرنىڭ خارابىسىدۇر.

تېئودۋاكىننى قاپلىدى گۇگۇم.
ئەلئېھرام ئۇستىدە گىتار چېلىشىپ
ئولتۇرار يىگىتلەر كۆك نەشە چېكىپ.
ھايات بىزگە بەردى نېمىنى؟
ئۇندىن قەسدە، سۆز ۋە ئۇسسۇلنى
شەھەر ئۆلچەملىرىنى ئالدۇقمۇ قېزىپ؟
پاچاقلاپ تاشلاندى مېكسىكا كۈيى،
ئۆچۈۋاتقان شۇ يەتتە يۇلتۇز
كۆڭۈل روجەكلىرىنى ئەتتى تاش بولۇپ،
ئانا زېمىن كەتمەكتە قېرىپ.
كۆرۈپ باق، قوللىرىڭدا تۇتۇپ باق.
بىزگە كېرەك نەرسىلەر بەك ئاز؛
پېتەكگۈل ۋە تىكەنلىك مارجان؛
ئەنجۈرلەرنىڭ بېشىدا قالپاق؛
ياشنىغان ئۈزۈم، كەينى بەك خۇشۋاق؛
تۇز، شاراب، بولكا ۋە ھەمدە قايماق.

قۇياش يۇيۇپ پاكلار چېركاۋنى،
ماڭا باقار
دېڭىز قىزى كۈلۈپ بىر ئوماق.
ساھىللاردا يېشىل قارىغاي،
ئۆزۈپ يۈرەر يەلكەنلەر ئاپپاق.
قۇياش ياسار دېڭىزدا راۋاق.

نيۇيورك، لوندون، موسكۋا،
قۇترار كۆلەڭگە،
يېشىل پېلەكلەر ئالۋاستىسىمان،
تىترىگەن ئورمان،
شالاڭ گۈل - گىياھ،
ياپلاقتا يامراپ يۈرىدۇ چاشقان.
زەئىپ قۇياشنىڭ چېھرىدە يوق قان،
قەدىمي قەلئە تاغ چوققىسىدا
پولېفىرموس چۈشكۈرەر شۇ ئان.
ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاغنىڭ باغرىدا
بىر توپ كىشى يۈرەر بىنىشان.
(ئىككى پۇتلۇق ھايۋانلار،
گۆشى ھارام دەپ
چېركاۋ چۈشۈرگەن بولسىمۇ پەرمان —
بايلار ئۇنى قەۋەت ياقتۇرغان.
قاي زاماندا بىراۋلار
دېگەن ئۇلارنى ئىپلاس بىر ھايۋان.)
سىلار ھەۋەستە گۈزەل تەنلەرنى
تەرك ئېتىلەر نۇر، نەپرەت، قانات،
داستىخانغا تامچىغان مەيدىن
تارقىلىدۇ بىخسىمان پۇراق.

مارجان ئارال
چىلىغاندەك پۈتىنى سۇغا
تۇيغۇمنى سانجىدىم سۆزنىڭ ۋاقتىغا؛
زاھىر بولار ھەربىر دەقىقە،
گۇگۇم پەيتىنىڭ تەڭكەشلىكىدە،
چۈش ۋاقتى
مىنۇتلاردىن ئۇنمەكتە باشاق،
ئەبەدىيلىك مۇكاپات!
پىكىرلىرىم ئاقار چىرمىشىپ،
باشلىنىدۇ يەنە قايتىدىن،
دېڭىزلارغا ئاقالمىغان ئېقىندەك
قالىدۇ قېتىپ.
قانلىق دېلتىنى
يورۇتىدۇ گۇگۇمسىز قۇياش.
ھەممە تىنىق كۆلگە چۆككەن تاش؟

كۈنلەر، يۇپيۇملاق كۈنلەر.
يىگىرمە تۆت تىلىملىق يارقىن ئاپېلسىن،
سىڭگەن ھەر تىلىمغا ئالتۇن رەڭلىك تەم!
ئىدراك ئۇيغىتىدۇ ئاقىۋەت،
رەقىبلەرمۇ قالار دوست بولۇپ،
ئاك ۋە ئەينەك ئېرەر مەي بولۇپ،
باشلىنار بۇلاقتەك يېڭى رىۋايەت:
ئىنسانلارنىڭ ئوبراز دەرىخى —
يېزىق، گۈل، مېۋە ھەم نۇسرەت.

## پابلو نېرۇدا

(1904 — 1973) چىلىلىق مەشھۇر شائىر. 1971 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

نېرۇدا كىچىكىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا ئىشتىياق باغلىغان، 1920 - يىلى تېمۇكو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شېئىرىيەت مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، يېزىقچىلىق ھاياتىنى رەسمىي باشلىغان. 1924 - يىلى ئۇ «يىگىرمە پارچە مۇھەببەت لىرىكىسى ۋە بىر ئۈمىدسىز ناخشا» ناملىق توپلىمىنى ئېلان قىلىپ، بىردىنلا شۆھرەت قازانغان.

نېرۇدا بىرنەچچە قېتىم چەت ئەلدە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولۇپ تۇرغان، چەت ئەللىك نۇرغۇن مەشھۇر شائىرلار بىلەن تونۇشقان. بولۇپمۇ ئىسپانىيەلىك شائىر گارسىئا لوركا، رافائىل ئالبېرت بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. بۇ ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىرىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

1936 - يىلى ئىسپانىيەدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندا، نېرۇدا ئىسپانىيە خەلقىنىڭ فاشىستلارغا قارشى كۈرىشىگە ھېسداشلىق قىلىپ، «ئىسپانىيە مېنىڭ قەلبىمدە» ناملىق شېئىرنى يازغان. بۇ شېئىر

*ئىنگلىز، فىرانسۇز، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.*

*«ئويغىنىشلار، ئورمان كەسكۈچىلەر»، «ئۆزۈمزار ۋە شامال» قاتارلىق توپلاملار نەزمىدا ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسى ھېسابلىنىدۇ.*

## ئون تۆتىنچى لىرىكا

شۇ كۈنلەردە ئالەم نۇرى ساڭا مۇجەسسەم،
تۇغقانىمدى سېنى زۇمرەت ياكى گۈل ـ چېچەك.
ئاپپاق ئوماق غۇنچە ئىدىڭ كۆكسۈمگە تاڭغان،
تۇرار ئىدىڭ قوللىرىمدا ئۈز گۈلدەستىدەك.

سۆيدۇم سېنى، ئەل ئىچىدە بەرنا كۆرۈندۇڭ،
باغاشلايمۇ زەر رەڭ گۈلگە ئوراپ مەن سېنى.
يۈرىكىمدە قالسۇن ئورناپ ئەسلي سيمايىڭ،
بىلۋالاي يۇلتۇزلاردىن سوراپ مەن سېنى.
كۈچلۈك بوران دېرىزەمنى چېكەر شىددەتتە،
مىغىلدايدۇ گۈگگا بىلىق ئاسمان تورىدا.
بوران كېزەر ھەممە ياقتا،
ياغار ھەم يامغۇر،
ياغار ئۇنىڭ تونلىرىنى يۇيۇش كويىدا.

قۇشلار تېزىپ كەتتى تامام،
بوران، ئەي بوران،
ئىنسانلارنىڭ قۇدرىتىگە پەقەت ئۆزۈم دال.
ئۇچۇپ يۈرەر پىرقىرىشىپ دات رەڭ ياپراقلار،
ئۇچۇپ كەتتى شامالدا ھەم كۆكتىكى ھىلال.

سەن يېنىمدىن ئايرىلمىدىڭ، پەقەت سەن پەقەت،
ھەمدىل بولۇپ تۇردۇڭ ھەربىر ئاھىم ـ سۆزۈمگە.
چىرمىشىسەن تەشۋىشلىنىپ تۇرغاندەك ماڭا،
كۆرۈنگەندەك غەيرىي سايە يەنە كۆزۈڭگە.

جېنىم قوزام، توزۇماس گۈل ئۈزارتتىڭ شۇ تاپ،
كۆكسۈڭ ھىدلاپ تولدى قەلبىم ئوتلۇق ھەۋەسكە.
قىرىپ يۈرەر كېپىنەكنى ماتەم شاملى،
شادلىقتا مەن لەۋلىرىڭدىن ئۈزدۈم جىنەستە.

كۆپ رىيازەت چەكتىڭ بىقىپ مېنىڭ رايىمغا،
روھىم تەنھا، ھېچكىم مېنى كۆرمىدى راۋا.
قۇياش تىنىماي پىرقىرايدۇ شامالدۇرغۇچتەك،
كىرپىكىمىز چولپانلارغا ياقار ئوت ـ لاۋا.
ئاشىقتۇرمەن قۇياش سۆيگەن سەدەپ بويۇڭغا،
زىكىر قىلار تىلىم ھەر ۋاق سېنى ياد ئېتىپ.
سەن گۈزەللىك ئىلاھى سەن، ئىشەنچىم كامىل،
قوللىرىڭغا تۇتاي تاغدىن گۈلدەستە تېرىپ.
ئىشەن، ساڭا يۈرىكىمدىن پاك سۆيگۈ ئاقار،
سۆيەي، گىلاس لەۋلىرىڭنى سۆيگەندەك باھار.

## سېنىڭ كۈلكەڭ

كېرەك بولسا ئېلىپ كەتكىن بولكامنى،
ئېلىپ كەتكىن باھارىمنى ھەتتا، يار.
تىلىكىم شۇ، جامالىڭدىن دەقىقە،
ئۆچۈرمىگىن شوخ كۈلكەڭنى سەن زىنھار.
قىزىلگۈلگە تەگمە،
سېنىڭ چەشمەڭ ئۇ،
شادلىق قەترەڭ ئۇندا مارجان، ئۇندا زەر.

داۋالغۇسا قەلبىك سۆيگۈ بەھرىدىن،
زاھىر ئۇندا ئاق چېچەكلىك ئاق چەمبەر.

مۇشەققەتلىك كۈرەش بىلەن بەند ئۆزۈم،
ھارغىن كۆزۈم سېنى ئىزدەر دائىما.
باقسام ھەر چاغ ئۆز پېتىچە بۇ دۇنيا،
لېكىن كۆرسەم قۇياش كەبى جىلۋەڭنى،
شېرىن ھايات دەرۋازىسى بىردىنلا
ئاچار ئىللىق قۇچىقىنى كەڭ ماڭا.
تەبەسسۇمىڭ قاپقاراڭغۇ تۈندىمۇ
جىلۋە قىلار مۇھەببىتىم قويىندا.
قورام تاشقا تۆكۈلگەن ساپ قېنىمنى
ئۇچراتساڭمۇ ئەگەر چوڭ يول بويىدا
سوۋغا قىلغىن كۈلكەڭنى، شاد كۈلكەڭنى،
شەمشەر بولار ئۇ يارىڭنىڭ قولىدا.

كۆز كۆنلىرى ساھىلىدا دېڭىزنىڭ
سېنىڭ كۈلكەڭ قەترىلەردىن گۈل تىزار.
باھار پەسلى مۇھەببەتنىڭ پەسلى ئۇ،
چاڭقاق قەلبىم كۈلكەڭگە ملىڭ ئىنتىزار.
ئەنە، باقسام سېنى كۈتكەن غۇنچىدەك
رەڭ ئوينىتىپ بوپتۇ شۇ دەم لالىزار.
چۇقانلىرىم كەزگەن ۋەتەن، ئۇز دىيار.
كېچىلەرنى يورۇتقىلى ئاي كەبى
قۇياش بىلەن بەسلىشەمدۇ شوخ كۈلكەڭ.
ئاراللارنى ئورىۋالغان يول كەبى،
يۈرەكلەرنى ئەسىر قىلىپ گۈل كەبى،

سېنى سۆيگەن ئاشۇ ساددا يىگىتكە
كېلەمدۇ ئۇ ئېلان قىلىپ ئىشقىي جەڭ؟
مەيلى ئاچاي، مەيلى يۇماي كۆزۈمنى،
مەيلى ئالغا چامداي ياكى كەينىمگە،
بەرمىسەڭمۇ مەيلى بولكا ـ ئۇنۇمنى،
ھاۋايىمنى، باھارىمنى، نۇرۇمنى،
بەرگىن، جانان، تەبەسسۇمىڭ ـ كۈلكەڭنى،
بولمىسا مەن كۆز يۇمارمەن مەڭگۈگە.

## چوپان ناخشىسى

سىزىمەن تاغ ـ دەريا، بۇلۇتلارنى مەن،
قولۇمدا بەھۇزۇر ئوينايدۇ قەلەم.
يازىمەن قۇشلارنىڭ پەرۋازلىرىنى،
يېپەك تور توقۇغان ئۆمۈچۈكنى ھەم.

پايانسىز ھاۋا مەن،
بۇغدايلار بۇندا
تەۋرىنىپ خوپ لەرزان ئوينايدۇ ئۇسسۇل،
نىشانسىز پىرقىراپ ئۇچقان ياپراقلار،
كۆللەردە ئارام ئېپ ياتقان بېلىقلار،
بۇلۇتتىن ھالقىغان ھەيكەللەر ھەتتا.
قوشۇلۇپ يامغۇرنىڭ شىۋىرلىشىغا
ئاھ، مېنى نەگىدۇر ھەيدەيدۇ ئۇدۇل.

كۆرىمەن مەن پەقەت ياز جامالىنى،
كۈيلەيمەن ناخشامدا بىرلا شامالنى.
باق ئەنە، تارىخنىڭ بىزەك ھارۋىسى

كېلىدۇ قاچىلاپ كېپەن، مېدالنى.
مەن قالدىم باھاردا، ئۇ كەتتى يۇرۇپ،
قالدۇرماي دەريادىن باشقا خىيالنى.
بىلمەمسەن، بىلمەمسەن، ئەي، چوپان بالام،
ئاشۇلار سىنلا تۇرماقتا كۈتۈپ.
بىلمەن،
مەن مۇشۇ قىرغاقتا تۇرۇپ
سەمەندەر كۆيگەندەك ئۆرتىنىپ كۆيۈپ،
كۈتىمەن ئۆزۈمنى،
ئۆزۈمنى زىنھار،
كۈتكەندەك گوياكى مېنى باشقىلار.

كۆرىمەن ئۆزۈمنىڭ كەلگەنلىكىمنى،
شۇ تۇيغۇ بار بولار ماڭا ئاقىۋەت.
يەتكەندە ئۆزۈمنى كۈتكەن شۇ جايغا،
شادلىقتىن قاقاھلاپ كۈلىمەن شۇندا
ئويغانماس ئۇيقۇغا كېتىمەن ئەبەد.

## چۈشۈن ئۇچۇپ كىردى يېپىق ئېغىزغا[1]

قىزىل ياقۇت نە ئۇچۇن دائىم
كۆيدۈرىدۇ ئوتتا ئۆزىنى؟

قاشتېشىنىڭ يۈرىكى نېچۈن
يالتىرىتار زەرگۈن كۆزىنى؟

---

① ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈش، دېگەن مەنىدە.

نېچۈن شۇنچە خۇشتار قىزىلگۈل
ئۆزگەرتىشكە چۈشىنىڭ رەڭگىنى؟

نېچۈن مۇزدەك تۇرار زۇمرەت تاش
چۆكۈپ كەتكەن كېمىگە ئوخشاش؟

نېچۈن ئۆچەر ئاسماننىڭ رەڭگى،
شوخ يۇلتۇزلار ئاتقىنىدا قاش؟

يۈرۈپ كەتتى كەسلەنچۈك قاياق،
قۇيرۇقىغا ئىزدەپ رەڭ ـ بوياق؟

قايسى يەرنىڭ تېگىدىكى ئوت
تىرىلدۈردى تاش چېچەكلەرنى؟

سۈزۈكلۈكنى قايدىن ئالدى تۇز؟
باق، جۇلاسى قاماشتۇرار كۆز.

كۆمۈر قاچان ئۇيقۇغا پېتىپ
ئۆرلەپ چىقتى قارا تون كىيىپ؟

يولۋاس كېزىپ قايسى بىر تاغنى
سېتىۋالدى رەڭدار بەلباغنى؟

قىش پەسلىدە ئېچىلغان لالە
ئۆز ھىدىنى سېزىدۇ قاچان؟

قارىغاي ئۆز يېشىللىقىنىڭ
يەكۈننى قىلارمۇ بايان؟

لىمون قاچان ئۈگىنىۋالدى
زەر قۇياشنىڭ ئەقىدىسىنى؟

بىلىپ قالدى ئىس ـ تۈتەك قاچان
پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشنى تىنىماي؟

ئاھ، يىلتىزلار چېتىپ رىشتىنى
ئېيتالارمۇ بىر كۈن ئىشقىنى؟

يۇلتۇزلارغا يېتەرمۇ چەشمە؟
چايان نېچۈن زەھەرلىك شۇنچە؟
پىل نە ئۈچۈن سەمىمي مۇنچە؟

تاشپاقىنىڭ كۆڭلىدە نە سىر؟
كۆلەڭگىلەر مۆكۈندى قايان؟
يامغۇر تەكرار ئېيتقان نە كۈي ئۇ؟

قۇشلار ئۆلۈپ كۆمۈلدى قايان؟
نېچۈن يېشىل بولىدۇ ياپراق؟
نېمىدېگەن تولا بۇ سوراق؟

بىلگىنىمىز ئاز ئىكەن زادى،
تولا ئىكەن تەسەۋۋۇر خىيال.

بەكمۇ ئاستا ئۆگىنىپتۇق بىز،
ئۆلىدىكەنمىز تاشلاپلا سوئال.

ئۇندىن كۆرە غۇرۇرىمىزنى
ئېلىپ كەتسەك باقىي ئالەمگە،

شۇ جايدا باش سۆڭەكمىزنىڭ
تۆشۈكىدىن كىرىپ بىمالال
ئاشكارىلاپ جىمىكى سىرنى،
پىچىرلاپ يوق قۇلىقىمىزغا
ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ شامال.

## سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ

(«ئىسپانىيە قەلبىمدە» ناملىق سىكلىدىن)

سورارسىلەر بەلكى مېنىڭدىن،
سېرىنگۈل يوقالدى قاياقلارغا دەپ،
كۆكنارىنىڭ جىلۋىسى، ھۆسنى قېنى دەپ؟
شېئىرىڭنى ئۇرغۇتقان سىم - سىم يامغۇر ھەم
سۇرەنچى قۇشلارىنىڭ كۈيى قېنى دەپ؟
ئاڭلاڭلار،
سۆزلەي بار سەرگۈزەشتىمىز،
مادرىدتا تۇراتتىم،
ئۇندا رەتمۇرەت
چېركاۋلار بار ئىدى، ئۇستىدە سائەت،
دەرەخلەر سايىسى ئىدى خوپ راھەت.
تاشلىنىپ تۇراتتى ئۇندىن كۆزۈڭگە
كاستىللانىڭ[1] قاقشال مۇڭلۇق جامالى،
ئوخشايتتى تېرىدەك خۇنۇك دېڭىزغا،
سېرىق يار ئېچىلغان ھويلامنى خەقلەر

[1] ئىسپانىيەنىڭ بىر ئۆلكىسى.

دەر ئىدى ماختىنىشىپ گۈلزارلىق ھويلا.
شۇ گۈزەل ۋادىدا باللار، ئىتلار
توپلىشىپ شوخ ئەركىن ئوينايتتى تولا.
يادىڭدا بارمىدۇ گونزالىز دونۇن①،
يادىڭدا بارمىدۇ رافائىل ئالبېرت②،
يادىڭدا بارمىدۇر گارسىيا لوركا③،
گۈللەرگە چۆمگەن بالكونلۇق ئۆيۈم
ئىيۇن قۇياشىدىن ئېمەتتى زىيا،
يادىڭدا بارمىدۇر قېرىنداشلىرىم،
دېڭىز مەئىشەتلىرى،
قايناق چۇقانلار؟
تېخى سوۋۇمىغان بولكىلار - نانلار؟
ئاگوللىس④ بازىرىدا شۇ ئاپپاق ھەيكەل
ھەيۋەتلىك قەد كېرىپ تۇراتتى ھامان.
نەقەدەر باياشات، گۈزەل مەنزىرە —
قول بىلەن پۇتلارنىڭ ۋەزمىن تەۋرىشى
يوللارنى چىرمىشىپ ئارىيە ئېيتقان،
مەنىگە باي ئىدى ھايات بىپايان،
دۆۋىلەنگەن بېلىقلار كۈمۈشتەك يارقىن،
ئۆگزىدە كۈن نۇرى يالتىراپ تۇرغان،
شامال بەلگىسىمۇ ئويناپ چارچىغان.
گويا پىل چىشىدەك ئاقارغان ياڭيۇ،
پەمىدۇر يايمىسى كۆزنى چاقنىتىپ
تا دېڭىز بويىغىچە سوزۇلۇپ ياتقان.
بىر كۈنى تاڭ سەھەر،

---

① ئارگېنتىنا شائىرى.
② ئىسپانىيە شائىرى.
③ ئىسپانىيە شائىرى.
④ مادرىد ئەتراپىدىكى بىر رايون.

تاشلاندى بىر ئوت
گويا يەر تەكتىدىن يامراپ چىقتى ئوت،
ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى ھەر يان،
يەر ـ كۆكنى قاپلىدى قارا ئىس ـ تۇمان،
ھەر ياندا تۆكۈلۈپ ئۆركەشلىدى قان.
ئەكەلدى شۇ رەزىل شۇم قاراقچىلار
موروسلارنى[1] كۆكتىن ساماليوت بىلەن،
گىرتسوگ خانىمنى، ئالتۇن ئۈزۈكنى،
قارا پەرەنجىلىك موناخلارنى ھەم.
نىيىتى بىز ئۈچۈن «بەخت تىلەش» كەن!
قىرىلدى گۇناھسىز بالىلار شۇ ئان،
بالىلار قېنىدا بويالدى يوللار،
بۆرىدىن بەتتەررەك يىلاندىن زەھەر
ئىجسلار قولىدا داغلاندى دىللار،
كۆردۇم ئالدىڭدا ئۆركەشلەپ تۇرغان
ئىسپانىيە خەلقىنىڭ يالقۇنلۇق قېنى،
يۇتىدۇ قەھرىدە سىلەرنى ھامان
غۇرۇردىن ئۇلغىيىپ قىساس دولقۇنى.

گېنېراللار، ساتقۇنلار، قاراگۈلار ئەنە،
سۆيۈملۈك ئۆيلىرىم قىلىندى ۋەيران،
چەيلىنىپ ئىسپانىيە بولدى ھەم پايخان.
گۇم بولغان ھەر ئۆيدىن گۈل ـ چېچەك ئەمەس
ئېتىلىپ چىقىدۇ يالقۇنلۇق تىغلار.
كامارلىرىدىن ئىسپانىيەنىڭ
ئىسپانىيە تېخى مىڭلاپ تۇغۇلار.



[1] ماۋرىتانىيە، مالى، ماراكەش قاتارلىق جايلاردىكى بەربەرلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى.

بەتلەنگەن مىلتىقتۇر ئۆلگەن ھەر بالا،
ئەجەللىك ئوق بولار جىنايەتچىلەر.
بۇ ئوقلار ئاقئۆەت باغرىڭلار تېشىپ
سىلەرنى بىر يولى لەھەتكە يوللار.
سورارسىلەر بەلكى مېنىڭدىن،
گۈزەل ئارمانلارنى كۈيلىمەمسەن، دەپ،
يۈرتۈڭنىڭ زۇمرەتتەك ياپراقلىرىنى
ۋە يەنە تېغىنى سۆزلىمەمسەن، دەپ.
ۋاھ، ئەنە، كوچىغا تاشلاڭلار نەزەر،
بويىلىپ ھەممە ياق ئاقماقتا قانلار،
كوچىدا قىپقىزىل ئاقماقتا قانلار!

## قول سائىتى قەسىدىسى

تۈن كېچىدە مېنىڭ سائىتىم
فوسفور كەبى چاقنار قولۇمدا.
ئاڭلايمەن
شۇ كۆرۈنمەس قولۇمدىن كەلگەن،
يېنىك - يېنىك چېكىلدىشىنى.
كۆكرىكىمگە قويۇپ قولۇمنى
ئوۋ قىلسەن چۈشۈمنى
يۈرىكىمنىڭ تېپىرلىشىنى.
سائەت
پارچىلايدۇ ۋاقىتنى تىنماي،
خۇددى ھەرىدەك.
تۆكۈلدۇ ۋاقىت كېپەكتەك،
قوۋزاقتەك،
قۇرۇپ سۇنغان پۇتاقتەك
ۋە قۇشلارنىڭ چاڭگىلىرىدەك.
ھۆكۈم سۈرەر سۈكۈنات بىراق،

سالقىن كېچىدە سەگىيدۇ يۈرەك.

شۇنداق، سائەت سىنىڭ قولۇڭدا
پارچىلايدۇ ۋاقىتنى تىنماي،
ئۈچۈپ چىقار ھەربىر دەقىقە
خۇددى ياپراقتەك،
چىرىگەن ۋاقىتنىڭ تالالىرىدەك،
گويا تال ـ تال قارا پەيلەردەك.

ئورماندىكى
يىلتىزلارنىڭ نەمخۇش ھىدىدەك
قەيەردىندۇر چىقىدۇ سىرغىپ،
شەبنەم قونغان يېشىل ئۈزۈمدەك.
كىچىككىنە بىر تۈگمەن تېشى
تالقان قىلىپ بارار كېچىنى.
كۆلەڭگىسى قۇمدەك سۆزلەرنىڭ
ئېقىپ چۈشۈپ قولۇڭدىن
بىر ئالىدۇ يەرنىڭ ئۈستىنى.
تۈن كېچىدە مېنىڭ سائىتىم
تالقان ئېزەر سىنىڭ قولۇڭدا،
يالماپ بارار ئارىمىزنى ھەم.

مەن قوللىرىمنى ئۇزارتىپ بىردىن
گىرە سالدىم غايىب بوينۇڭغا،
ۋۇجۇدۇڭنى ئالدىم قوينۇمغا
ۋاقىت ئەمدى چۈشتى قولۇمغا.
شۇ ۋاقىتنىڭ
يىراق ھەمدە ئاجىز ساداسى
كەلدى قويۇق ئورمان ئىچىدىن،
يېشىنگەن بۇ ئاپپاق كېچىدىن،

تالقان قىلىنغان كۆلەڭگىلەردىن،
ئويغاق دەريانىڭ شىۋىرلىشىدىن،
زۇمرەت قەترە ياپراق ئۈستىدىن
سىرغىپ چۈشكەندەك ئورمان ئىچىدە.
چۈش سائەتتىن چۈشتى دوملاپ،
ئۇيقۇ باسقان قولۇڭدىن غۇلاپ؛
ئېقىپ كىردى تېنىڭگە شۇ تاپ،
يايلاق سايان كەتتى ھەم يامراپ.
ۋاقىت
چۆكۈپ كەتتى قارا ئېقىنغا،
ئېقىپ تۇرار ئۇ ئارىمىزدا.
كېچە دېگەن شۇنداق ئەمەسمۇ،
ئارىمىزدا كېزىدۇ زۇلمەت.
زامان ۋە ماكان،
يۈگۈرۈپ، دوملاپ ئۆتىدۇ بىر رەت.
كېچە دېگەن شۇنداق ئەمەسمۇ،
قالدۇرار ئۇ زېمىن ئۈستىدە
كۆڭگا ھەمدە قاپقارا پۇراق.
يەر ئۈستىگە ئۈنسىز ـ تىۋىشسىز
سىرغىدى تامچە
ئۇچۇپ چۈشتى بىر تال يوپۇرماق.

ئۇخلىدى ئورمان،
ئۇخلىدى دەريا،
ئۇخلىدى يايلاق ھەمدە قوڭغۇراق،
يۇمۇلدى خۇمار كۆزلەرمۇ بىراق.
ئاڭلاۋاتىمەن نەپەسلىرىڭنى
ئىشقىمغا پىدا سۆيۈملۈك ئوماق،
بىز ئۇيقۇغا كېتەيلى ئۇزاق.

## گابرىئېلا مىسترال

*(1889 — 1957) چىلىلىق مەشھۇر ئايال شائىر، ئون تۆت يېشىدا شېئىر يېزىشقا باشلىغان، 1914 - يىلى چىلىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۆتكۈزگەن گۈل بايرىمىدا «ئۆلۈم سونىتلىرى» ناملىق ئەسىرى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، چىلىنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، 1922 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۈزۈلگەن ئۈمىد» ناملىق توپلىمى ئەينى ۋاقىتتا لاتىن ئامېرىكىسىدا ئەۋج ئالغان مودېرنىزىملىق شېئىرىيەت شەكلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، لىرىك شېئىرنىڭ يېڭى تەرەققىيات يولىنى ئاچقان. ئۇ 1945 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، لاتىن ئامېرىكىسىدا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى شەخس بولۇپ قالغان.*

### سەۋدالىق

ئەي ئىلاھىم،
كۆزلىرىمنى قويساڭچۇ يۇمۇپ،
لەۋلىرىمنى قويساڭچۇ جۇپلەپ

ۋاقىت تېخى تۇرۇپتۇ شۇنچە
سۆزلىرىمىز كەتسىمۇ تۈگەپ.

بىر - بىرىمىزگە تۇرىمىز قاراپ
ئۇزاق - ئۇزاق سۇرمەستىن زۇۋان،
قېتىپ قالغان كۆزلەردە يوق جان،
تىترەپ تۇرغان چىرايلار سامان،
نېمە قالدۇردى بىزگە بۇ جاھان!

لەۋلىرى تىترەپ سۆزلەر ئۇ ماڭا،
قەلبىدىن ئۆرلەپ چەكسىز دەرد - پىغان،
مەنىسىنى بولمايدۇ بىلىپ.
دەيمەن ئاڭا تەقدىرلىرىمىز
قان بىلەن گۆشتەك قوشۇلغان ھامان.
شۇندىن كېيىن
ھېچنېمە قالماپتۇ ماڭا!
گىرىملەرمۇ ياشقا قوشۇلۇپ
مەڭزىم بويلاپ ئاقماقتا مانا.

كالۋالاشتى تىللىرىم تامام،
قۇلىقىمغا كىرمەيدۇ سادا.
زەئىپ دالا پايانلىرىغا
تىكىلىمەن شۇنچە بىپەرۋا!
ئوتقاش كەبى گۈللەر بەرىبىر،
كۆلتۈك قارلار ئاغلاتسىمۇ سىر!
ھېچ كىشىدىن كۆرمەيمەن زىنھار،
ئۆرتىسىمۇ دىلىمنى يارا.
تىلەيمەن، ئاھ، تەقدىر ئاللادىن،

كىرپىكلىرىم يۇمۇلسۇن ئەبەد،
تومۇرۇمدا توختىسۇن سادا!

توختات، دەيمەن شامالارنىمۇ،
شامال ئۇنىڭ ئاۋازلىرىنى
ئېلىپ كېتەر بەكمۇ يىراققا.
سايىۋەن بول دەيمەن قۇياشقا،
سىماسىنى شۇ ئۆتكۈر نۇرلار
قىلار ھامان يېنىمدىن جۇدا.
قوبۇل ئەيلە مېنى ئەي خۇدا،
دەرگاھىڭغا بارىمەن تەنھا —
ئېلىپ چەكسىز مۇھەببىتىمنى
قىيان باسقان زېمىندەك گويا!

## كۆڭۈل ئىزھارى

قوللىرىمنى سىقما بۇنچە چىڭ،
ئاخىر زامان قالدى يېقىنلاپ.
چىڭ كىرىشكەن بارمىقىمىزنى
تۇرار چاڭ ۋە كۆلەڭگە ئوراپ.

بەلكىم ماڭا ئېيتارسەن شۇ چاغ:
«كۆڭلۈم سەندىن كەتتى بەك سوۋۇپ.
ماھۇق كەبى يۇمران قوللىرىڭ
قاپتۇ ئەجەب قوۋزاقتەك بولۇپ.»

لەۋلىرىمدىن سۆيمە يىمىرىپ،
يوقلاپ كەلدى نۇرسىز دەملىرىم.
نەم تۇپراقتا مۇزدەك سۆيۈشكە
ساڭا نېسىپ بولماس لەۋلىرىم.

بەلكىم ماڭا ئېيتارسەن شۇ چاغ:
«سۆيگەنىدىم ئۇنى بىر چاغلار.
ئىشقىم ئۆچتى، ئۇ قىزىلگۈلدەك
تارقىتالماس خۇشبۇي پۇراقلار.»

نەشتەر سانجىپ جىنىمغا تەكرار
بىلجىرلايسەن توختىماي شۇنداق.
بارماقلىرىم سۇنسا قايرىلىپ
پېشانەڭنى سىلايمەن قانداق.
تىننىقلىرىم ئۆپمەس يۈزۈڭنى،
مۇزلاپ كېتەر ئوتلۇق ئىشتىياق.
ئەخمەق قىلما مېنى ئوينىتىپ،
بېرەي ساڭا كۆڭۈل ئىشقىمنى.
ئاچاي باغرىم - قۇچاقلىرىمنى
سۇتتەك بويۇن، ئوتلۇق لېۋىمنى
دېسەم ئالداپ قويارمەن سېنى،
سەن ھەممىگە نائىل بولغاندەك،
گۈللىنارسەن سەبىي بالىدەك.

تالىق ئەمەس مۇھەببەتكىلا
ھالسىرىغان قاشاق تەنلىرىم.
زاھىت تونى ئىچرە تىترەيمەن،
كۆكتە قانات قاقماس پەرلىرىم.
سۆيۈش، سۆيگۈ لەۋلەردە ئەمەس،
جار سېلىشلار چىن كۆڭۈلگە يات.
تەنلىرىمنى سالار زىلزىلىگە،
تەڭرى تىنىقى ئۇ، ئەركىن ھۆر ھايات!

## ماكور بۇلوك

*(1918 ـــ ) كانادالىق مەشھۇر شائىر، يازغۇچى، تەرجىمان. ئۇ ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1968 ـ يىلى كاناداغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.*

*بۇلوكنىڭ هازىرغىچە ئون ئۈچ توپلىمى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئاساسلىقى «قارا ئورمانلىقتىكى شېئىر»، «يامغۇردىكى مەھبۇس» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.*



### پارىژدا يامغۇر

مۆكۈندى پارىژنىڭ گىرىمسەن چېھرى
ئۆمۈچۈك توردەك يامغۇر كەينىگە،
تۈگۈن بوپ چىرماشتى تەبەسسۇملىرى
ئەسىرگە تۇتۇلغان چېۋىندەك گويا،
لېۋىدە يىرتىدۇ چۈمپەردىنى، دەپ
ئۇنىڭدىن بىھۇدە كۈتىمىز ئۈمىد.
پەردىنى قايرىشقا قادىر بارماقنى
چىشلەپ ئۈزۈۋەتتى ئاچ قالغان بۇلۇت
پارىژنىڭ لەۋلىرى ئۇنىڭ كەينىدە
سۆزلەيدۇ، ۋەزنىدە ئېغىر بىر سۈكۈت.

## ئاتانىيۇتايا

*(1922 ـــ ) ياپونىيەلىك مەشھۇر شائىر، ئوبزورچى. ئۇ ئون بەش يېشىدا شېئىر يېزىپ، تالانتىنى نامايان قىلىشقا باشلىغان. ئاتانىيۇتايا تاغقا يامىشىشقا ۋە ساياھەت قىلىشقا ئامراق بولۇپ، ياپونىيەدىكى تاغلارنىڭ ھەممىسىنى كېزىپ چىققان، 1970 ـ يىلى ھىندىستان ۋە نېپالغا كەلگەن، 1981 ـ يىلى تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ بىپايان مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەيدىغان شېئىرلارنى يازغان. ھازىرغىچە توققۇز پارچە شېئىرلار توپلىمى، شېئىرىيەت ھەققىدە يېزىلغان تۆت پارچە ماقالىلەر توپلىمى، ئون يەتتە پارچە ساياھەت خاتىرىسى ۋە نەسر توپلىمى نەشر قىلىنغان.*



### سىمفونىيە

ئېگىز ـ ئېگىز دەرەخلەرگە ئىلىنىپ
ئارقىمىزدا جىمىپ قالدى مۇزىكا
سەن كۆيلسەڭ
مەستخۇش بولۇپ ئىنسانلار
غايىب بولار كۆلەڭگىلەر قوينىدا

ئاق تېرەكنىڭ بوك - باراقسان شاخلىرى
بېشىمىزغا سايە تاشلار خىيابان
يېشىل چۆپتىن قايناپ چىقار كۈندۈزلەر
سۈنئىي پۈتلۈق كىشى گارمون قۇچاقلاپ
مۆگدىگەنچە ئۇخلايدۇ بەخىرامان
مېلودىيەڭ ياڭرار ئەسلەر قېتىدا
قانچە - قانچە يۈرەكلەرنى جور قىلىپ
چۈشلىرىدە كۆرەر جىمجىت ئىنسانلار
بىر كىشىنى دىلخەستە بوپ خورلانغان.

مۈزىكسىز جىمجىتقىنا باغ ئىچى
بىر - بىر بېسىپ چىقتىم داۋان ئۈستىگە
ئاتەش كەبى يېنىپ تۇرغان كەچكى كۈن
چوغ مىسالى قوندى ئورمان ئىچىگە



## يىپەك يولى

گۆدەك چېغىم
هەر كېچە ئانام
كەپە ئىچىدە توقۇيتتى ماتا
جىنچىراغنى كۆتۈرۈپ
كىرپىك قاقماي تۈن بويى
تۇرار ئىدىم ئۇنىڭ يېنىدا
كېچە قويىندىن
ئاڭلىناتتى ئۇنىڭ ئاۋازى

مېھرى بىلەن دەيتتى ئۇ ماڭا
«ئۆچۈرۈپ قويما چىراغنى يەنە»
مەلىمىزنىڭ تاغلىرى ئېگىز
يۇلتۇزلارنى تۇراتتى سۆيۈپ
تۇلپار مىنگەن بىر يىپەكچى قىز
كەلگەنىدى شۇ تاغدىن ئۆتۈپ
ئانام ئېيتقان بۇ ھېكايىنى
ئاشۇ يولنى ئېلىپ يادىمغا
يىپەك يولى ئىكەن يۇرتۇمنىڭ
دەيمەن شۇ يولنى
يىپەك بىلەن مەدەنىيەتنى
ئالماشتۇرغان ئەمەسمۇ بۇ يول
بۇ يىل باھاردا
كېسىپ ئۆتۈپ ھىندى دەرياسىنى
يىپەك يولىغا قويدۇم مەن قەدەم.
سەپىرىمدە تۆگىلەر ھەمدەم
قۇملۇقتىكى بىر يۇرتقا كەلسەم
كۆرۈندى تاشتىن ياسىغان ئۆيلەر
ئۆگزىسىدە تۇرار يېيىلغان
پۈرۈم - پۈرۈم قىزىل كۆڭلەكلەر
يىپەك يولىنىڭ شەۋكىتى ئۇلار
مىسكىن كۆيلەر بىلەن توقۇلغان
كىچىك قەلئە خارابىسىدە
يوللىرىنى كېزىپ مەن تەنھا
كەلدىم ئانام ئۆلگەن شۇ جايغا
قارا كېچە شۇنچە مېھرىبان.

## قىشتىكى دالا

سەپەر كېزىپ كېلىمەن تەنھا
ئىزلىرىمغا تەڭكەشتۈر سايەم
لەيلەر شۋاق ئۈستىدە بۇلۇت
كۆلەڭگۈسى ئېگىز تاغلارنىڭ
كەڭ دالىدا ياتار سوزۇلۇپ
ئەي، ئاتا تاغ، قەد كېرىپ تۇرغان
قۇياش ئۈنى تۇرار يورۇتۇپ
باللىقتا ھاياتىم ئىدىڭ
بەخش ئەتكەن يېڭى ئىستەكلەر
كېيىن سەندىن ئايرىلىپ دالا
تالاي يىللار ئاقباش تاغلاردا
بۆلەندىم، ئاھ، چۈشلەر قوينىغا.

قاقشال بولۇپ قاپتۇ تاغلىرىڭ
(ياشلىق گۈلۈم تۆكۈلدى مېنىڭ
سەن تېخىچە ياش ھەم نەۋقىران)
كېزىپ چەكسىز قىش دالاسىنى
كەلدىم قايتىپ قوينۇڭغا بۈگۈن
تاغلار ئېشىپ
قەلبىمدە ئارمان.

## يوشىسوسى كوزو

*(1939 ــــ ) ياپونىيەنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر شائىرى.*

### يەكشەنبە كۈنى

ساناقسىز ئۇۋۇقى چۈشلىرىمىزنىڭ
بوشلۇقلار قېتىغا كىرمەكتە قىستاپ.
تولمايدۇ بەربىر ئاراشلىرىمىز
ئەسلىمە قار كەبى كۆچمەكتە غۇلاپ.

چېچەكنى يەلپۈتۈپ ئۇچۇرغان كەبى
شامالار سوقماقتا تۈشمۈتۈش ئوراپ.
قانچىلاپ شەھەر ۋە گۈزەل رەسىمنىڭ
ساماۋى رۇخسارى كەتمەكتە يوقاپ.
قۇتقازغۇچ كېمىنىڭ يەلكەنلىرىدەك
يېپىلار ئۈستەلگە كەڭرى داستىخان.
ۋىلكا ۋە تەخسىلەر چاقنار ۋالىلداپ
ئالىقاندەك ئۈستەلدە تۇرۇپ يانمۇيان.
دەم ئېلىش كۈنلىرى قىسقا بەك قىسقا
ئازابلىق سوراقلار كېلەر بىز تامان.

# فۇكۇناگا تاكېيخىكو

*(1918 ــ 1979) ياپونىيەنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر شائىرى.*

## ئوت ئارىلى

ــ بىر قىزغا

چايقىلىپ ئۆتمەكتە ئۆلۈم ھارۋىسى
سەپەردە قالدۇرۇپ گۈزەل خاتىمە.
گۈل، خۇش ھىد ۋە كېچە شېرىن ئۇيقۇدا،
ئاھ، سىرلىق بۇ ئارام بىر ئۇز مەنزىرە.

چەكسىزلىك مۆكۈنەر قارا ئورمانغا،
دەرەخلەر چۇشىدە كۆكلەمنى كۈيلەر.
ئىللىتار كۈن نۇرى خۇش چىللاشلارنى،
ھاياتلىق يولىغا تۆكۈپ ھەم گۈللەر.
ئۇنتۇلسۇن يۇلتۇزۇڭ بەرگەن بېشارەت،
كۆمۈلگەن قوقاستا پۈتتى ھارارەت.
ياز تەپتى قوغلىشىپ ئۆتكەندە رەت ـ رەت،
چوغدەك ئوت ئارىلى، كۆيمەكتە، ھەيھات،
قۇشلارنىڭ تىلىدا بەخت ئىستىكى،
گۈگۈم ئاسمىنىدا قاقماقتا قانات.

## ئىسمىر

*(1937 ــــ ) ھىندونىزىيەنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر شائىرى.*

### كۆتۈش

كۆتۈش دېمەك غېرىبلىق
كۆتۈش دېمەك بىر قوشاق
كۆتۈش دېمەك ۋەھىمە
كۆتۈش بىلسەڭ ئاشۇنداق:

بىر ۋوگزال
ناتونۇش جايدا
تۇرار ئۇندا قاپقارا كېچە
چىرايىمىز سېنىڭ ۋە مېنىڭ
قىسمەت شۇنداق باشلانغانمۇ يا؟
غېرىبلىقنىڭ چېچى قاپقارا
غېرىبلىقنىڭ چاچلىرى ئاپپاق
غېرىبلىق ئۇ ۋوگزالدىكى
قۇرۇق قالغان ئۇزۇن ئورۇندۇق
ئۇنلەپ تۇرغان كونا قوڭغۇراق.

غېرىبلىقتا قاچىدۇ ئۇيقۇ
غېرىبسىنغان سۇرمەستىن زۇۋان
پاپىروس بىلەن قىلىدۇ مېھمان

كېزىپ يۈرەر غېرىبلىق مەڭگۈ
شەھەرلەرنى خۇددى چۇقاندەك
جەڭگاھلاردا
ئۆلۈمدەك
ۋەھىملىك دۇنيا ئۇ پەقەت
سىنى ئۈندەر كۈتۈشكە ھامان
بۇ مەنزىلسىز ئەبەدىي سەپەر
قولۇڭدا بىلەت ھەمدە چامادان

كۈتۈش دېگەن غېرىبلىق
كۈتۈش دېگەن ۋەھىمە
كۈتۈش دېگەن تېپىشماق
كۈتۈش بولدۇ شۇنداق.

## رابىندرانات تاگور

*(1861 ــ 1941) ھىندىستاننىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى يازغۇچىسى. «گىتەنجالى» (1912 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) ئۇنىڭ ئەڭ داڭلىق شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، 1913 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. تاگورنىڭ ئىجادىيىتى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۆمرىدە ئەللىك نەچچە شېئىرلار توپلىمى، ئون ئىككى رومان، پوۋېستى، يۈزگە يېقىن ھېكايىسى، ئوتتۇز نەچچە درامىسى، ئوتتۇزدىن ئارتۇق نەسرلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ناخشا تېكىستى، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق رەسىم ھەمدە تىل، ئەدەبىيات، پەلسەپە، سىياسىي، تارىخ، دىن ۋە تەبىئىي پەنگە ئائىت ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ دۇنياغا داڭلىق «شېئىرىيەت پىرى» دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە.*

### خوشلىشىش

خەير، ئانا، كېتەر ۋاقتىم بولدى، مەن كەتتىم.

سۇبھى تاڭ پەيتىدە، سەن قوللىرىڭنى تۇيدۇرماي سۇنۇپ، تۆشىكىڭدە شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان بالاڭنى قۇچاقلىماقچى بولغاندا، مەن «بالاڭ بۇ يەردە ئەمەس!»

دەيمەن ـ دە، كېتىمەن.

مەن سەلكىن شامالغا ئايلىنىپ سىنى تىنماي يەلپۈپ ئۆتىمەن، مەن دەريالاردا مەيىن دولقۇن بولۇپ سىنى چۆمۈلۈۋاتقان چېغىڭدا قانماي سۆيىمەن.

بورانلىق كېچىلەردە يامغۇر تامچىلىرى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلاتقاندا، سەن تۆشىكىڭدە يېتىپ مېنىڭ پىچىرلاشلىرىمنى ئاڭلايسەن، چاقماق نۇرلىرى ئوچۇق دېرىزەڭدىن ئۆيگە ئېتىلىپ كىرگەندە، مېنىڭ كۈلكەممۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۆي ئىچىدە جاراڭلايدۇ.

ئەگەر سەن ئۇغلۇڭنى ياد ئېتىپ تۈن نىسپى بولغۇچە ئويغاق ياتقان بولساڭ، مەن يۇلتۇزلۇق ئاسماندىن ساڭا قاراپ: «ئۇخلىغىن، ئانىجان، ئۇخلىغىن!» دەپ ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىمەن.

مەن ھەر يان سەيلانە قىلغان ئاي نۇرى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، سەن ياتقان كارىۋات يېنىغا ئوغرىلىقچە كېلىمەن ـ دە، ئۇيقۇلۇق پەيتىڭدە قوينۇڭغا كىرىپ يېتىۋالىمەن.

مەن شېرىن چۈشلەرگە ئايلىنىپ، كىرپىكلىرىڭ ئارىسىدىن سىغدىلىپ كىرىپ تاتلىق ئۇيقۇلىرىڭغا ھەمراھ بولىمەن. سەن چۆچۈپ ئويغىنىپ تەئەججۈپ بىلەن ئەتراپقا كۆز تىككىنىڭدە، مەن يالىلدە قىلىپ ئۆچكەن ئۇچقۇنغا ئوخشاش قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كېتىمەن.

## ئۇ قىرغاق

مەن دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا تاقەتسىزلىك بىلەن تەلپۈنىمەن.

ئۇ ياقتىكى سانسىز كېمىلەر بامبۇك چەنزىلەرگە باغلاقلىق تۇرۇپتۇ.

كىشىلەر تاڭ سەھەردە كېمە بىلەن ئۇ قىرغاققا ئۆتۈپ، بوقۇسلىرىنى مۈرىلىرىگە ئارتىشىپ، يىراق ـ يىراقلاردىكى يەر-

لىرىنى شۇدىگەر قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كېتىدۇ.

ئۇ قىرغاقتىكى چوپانلار كالىلىرىنى مۆرىتىپ دەريا بويىـ.
دىكى ئوتلاقىقا ھەيدىشىدۇ.

گۈگۈم چۈشۈپ ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتقاندا، ياۋا گىياھلار
بىلەن قاپلانغان ئۇ ئارالدا پەقەت چېلبۆرىلەرنىڭ ئەلەملىك
ھۇۋلاشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ئېخ، ئانا، ئەگەر سەن كۆڭلۈڭگە ئالمىساڭ، مەن چوڭ
بولغاندا ئەنە شۇ دەريادا كېمىچى بولىمەن.

ئاڭلىشىمچە، ئەنە شۇ ئېگىز قىرغاقنىڭ ئارقىسىدا
نۇرغۇنلىغان غەلىتە كۆلچەكلەر مۆكۈنۈپ ياتارمىش.

يامغۇر توختىغان چاغدا ياۋا قۇشلار توپ ـ توپ بولۇپ
ئۇياققا ئۇچۇپ بارىدۇ. قىرغاقلاردىكى قويۇق ئۆسكەن قومۇش.
لۇق ئىچىدە سۇ قۇشلىرى تۇخۇم تۇغۇشىدۇ.

قۇيرۇقلىرىنى لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈۋاتقاندەك ئوينىتىپ
تۇرغان بامبۇك كەكلىكلىرى لىغىرلاپ تۇرغان غۇبارسىز
لاتقىلارغا نازۇك ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ.

گۈگۈم چۈشكەندە ئېگىز ئۆسكەن گۈل ـ گىياھلار
باشلىرىغا كۆمۈش چېچەكلەردىن تاج قىسىدۇ، سۇتتەك ۋاللىداپ
تۇرغان ئاي نۇرى ئۇلارنىڭ دولقۇنلىنىۋاتقان سىماسى ئۈستىدە
ئۈزۈپ ئوينايدۇ.

ئېخ، ئانا، ئەگەر سەن كۆڭلۈڭگە ئالمىساڭ، مەن چوڭ
بولغاندا ئەنە شۇ دەريادا كېمىچى بولىمەن.

مەن بۇ قىرغاقتىن ئۇ قىرغاققا، ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققا
ئارامسىز ئۈزۈپ ئوينايمەن. كەنتلەردە سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان
باللار ماڭا تەئەججۈپلەنگەن ھالدا قارىشىدۇ.

قۇياش ئۆرلەپ ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، چۈش
بولغىنىنى ھېس قىلىمەن ـ دە، سېنىڭ قېشىڭغا يۈگۈرۈپ
بېرىپ: «ئانا، قورسىقىم ئاچتى!» دەپ ئۈنلۈك تولايمەن.

بىر كۈن ئاخىرلىشىدۇ، سايەم دەرەخلەر ئاستىدا سۇنايلىنىپ ياتقاندا، مەن ئۇلغىيىۋاتقان گۈگۈم بىلەن ئۆيگە قايتىمەن.

مەن دادامنى دورىمايمەن، سەندىن مەڭگۈ ئايرىلىپ شەھەرلەردە ئىشلەشكە زادى بارمايمەن.

ئېيخ ئانا، ئەگەر سەن كۆڭلۈڭگە ئالمىساڭ، مەن چوڭ بولغاندا ئەنە شۇ دەريادا كېمىچى بولىمەن.

## كىم ئۇ، ئۇيقۇنى ئوغرىلاپ كەتكەن

كىم ئۇ، بالىنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ ئوغرىلاپ قاچقان، مەن بىلىشىم كېرەك ئۇنى ھامان.

كوزىسىنى قولتۇقلاپ ئانا، قوشنا كەنتكە كەتتى سۇغا.

بۇ چىڭقىچۈش ۋاقتى ئىدى، بالىلارنىڭ ئويۇن ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن، كۆلدىكى ئۆردەكلەرمۇ سۇكۇتكە چۆمۈپ كەتكەن.

ئەنە نىم دەرىخى سايىسىدا، پادىچى بالىمۇ كەتتى ئۇيقۇغا.

ئەنە ئاق تۇرنا، ئەمىنلىك، تەمكىنلىك ئۇنىڭ تۇرقىدا، سۇكۇنات ئىلكىگە چۆمگەن شۇ تاپ، ماڭگولۇق يېنىدا تۇرغان سازلىقتا.

شۇ ئان ئۇيقۇ ئوغرىسى قاياقتىندۇر يېتىپ كەلدى، بالىنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۇيقۇنى تۇتۇپ ئالدى، ئالدى - يۇ، ئۇ بەدەر قاچتى.

ئانا قايتىپ كېلىپ بالىسىنىڭ تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئۆيئىچىدە ئۆمىلەپ يۈرگىنىنى كۆردى.

كىم ئۇ بالىنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ ئوغرىلاپ قاچقان، مەن بىلىشىم كېرەك ئۇنى ھامان.

مەن ئۇنى چوقۇم تۇتۇپ كېلىپ ھالىنى قىلىمەن يامان.

مەن ئەنە ئاۋۇ قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىگە بىتەھقىق كۆز يۈگۈرتىمەن. بۇ ئۆڭكۈر ئىچىدىكى يۇمىلاق ھەم مۇدۇر - چۇقۇر تاشلار ئارىسىدىن بىر بۇلاق ئېقىپ چىقىدۇ.

مەن چوقۇم باغۇئېرەم ئىچىدىكى جىمجىت ۋە قويۇق ئورمانزارلىقنى قىدىرىپ چىقىمەن. بۇ ئورمانزارلىقتىكى كەپتەرلەر ئۆز ئۇۋىلىرىدا بۇقۇلدىشىپ سايرىشىدۇ. پەرىلەرنىڭ يۇتىغا ئېسىلىشۇالغان ھالقىسى سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان تۈننىڭ قوينىدا جىرىڭلاپ تۇرىدۇ.

گۇگۇم چۈشكەندە مەن تىنچ، سۈرلۈك بامبۇكزارلىقتا نەزەر تاشلايمەن. ئۇ يەردىكى پارقىراق قوڭغۇزلار يالت - يۇلت قىلىپ نۇر چىقىرىدۇ. مۇبادا مەن بىرەر كىشىگە يولۇقسام، ئۇنىڭدىن: «ئۇيقۇ ئوغرىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟» دەپ سورىماقچىمەن.

كىم ئۇ بالىنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ ئوغرىلاپ قاچقان، مەن بىلىشىم كېرەك ئۇنى ھامان.

مۇبادا ئۇ قولۇمغا چۈشۈپ قالسا، ئەزىبىرايى خۇدا، ئەدىپىنى بېرىمەن راسا!

مەن ئۇنىڭ ئۇۋىسىغا مەردانىلەرچە بېسىپ كىرىپ، ئوغرىلاپ كەلگەن جىمىكى ئۇيقۇلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمەن.

ئاندىن ئۇنىڭغا قىلچىمۇ قالدۇرماي تارتىپ ئالىمەن - دە، ئۆيگە ئەكېتىمەن.

مەن ئۇيقۇ ئوغرىسىنىڭ قاناتلىرىنى مەھكەم باغلاپ دەريا بويىغا ئاپىرىمەن - دە، ئۇنىڭغا بىر تال قومۇش تۇتقۇزۇپ پىلەكئوت بىلەن نىلۇپەر ئارىسىدا بېلىق تۇتقۇزۇپ ئويۇن قىلىمەن.

گۇگۇم چۈشۈپ قايناق بازارلار بېسىققاندا، كەنتتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئانىسىنىڭ تىزلىرىدىن ئورۇن ئالىدۇ. تۈن

قۇشلىرى ئۈيقۇ ئوغرىسىغا قاراپ مەسخىرە ئاھاڭدا مۇنداق دېيىشىدۇ: «سەن يەنىلا ئۈيقۇ ئوغرىلاش قەستىدە بولۇۋاتامسەن؟».

## ھېسداشلىق

ئەي قەدىردان ئانا، ئەگەر مەن سېنىڭ بالاڭ بولماي كىچىككىنە بىر كۈچۈك بولۇپ، تاۋىقىڭدىكى نەرسىنى يېمەكچى بولغىنىمدا سەن ماڭا «ياق» دەرسەنمۇ؟

سەن: «نېرى كەت، خۇنپەر كۈچۈك!» دەپ ھەيدىۋېتەرسەنمۇ؟

ئۇنداقتا، مەن كېتىمەن، جان ئانا، مەن كېتىمەن! سەن مېنى ھەرقانچە چاقىرساڭمۇ مەڭگۈ يېنىڭغا كەلمەيمەن، سېنىڭ بەرگەن نەرسەڭنى مەڭگۈ يېمەيمەن.



ئەي قەدىردان ئانا، ئەگەر مەن سېنىڭ بالاڭ بولماي كىچىككىنە رەڭدار شاتۇتى بولسام، سەن مېنى ئۇچۇپ كەتمىسۇن دەپ قەپەس ئىچىگە بەند قىلىپ قويارسەنمۇ؟

سەن ماڭا بېگىز قوللىرىڭنى شىلتىپ تۇرۇپ: «ئەي، مېھىر - شەپقەتنى بىلمەيدىغان شۇم قۇش، كۈنبويى زەنجىرىڭنى چىشلەپ تارتىشىڭ نېمە ۋەجىدىن؟» دەپ سورامسەن؟

ئۇنداقتا مەن كېتىمەن، جان ئانا، مەن كېتىمەن! مەن بۈككىدە ئورمانلىق ئىچىگە ئۇچۇپ بېرىپ، سېنىڭ سىقىمىڭدىن مەڭگۈ ئازاد بولىمەن.

## ئەڭ ئاخىرقى سودا

تاڭ سەھەر، مەن تاشيولدا كېلىۋاتىمەن؛ «كىم مېنى مالايلىققا ئالىدۇ؟» دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ كېلىۋاتىمەن.

پادىشاھ قولىدا شەمشەر تۇتقان ھالدا مەپە بىلەن يېتىپ كەلدى.

ئۇ قوللىرىمنى مەھكەم تۇتۇپ شۇنداق دېدى: «مەن ھوقۇقۇمغا تايىنىپ ياللاي سېنى».

ئۇنىڭ ھوقۇقى مېنىڭ ئالدىمدا نېمىدى؟! ئۇ مەپىسىگە چۈشتى ـ دە، كېتىپ قالدى.

چىڭقىچۈش ۋاقتى، ھاۋا پىژ ـ پىژ ئىسسىپ كەتكەن، ھەممە كىشى ئىشىكلىرىنى تاقىۋېلىشقان.

مەن ئەگرى ـ بۈگرى كوچىنى بويلاپ كېتىپ بارىمەن.

بىر چال بىر خالتا تىللا كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ: «مەن بۇ تىللالار بىلەن سېنى ياللايمەن» دېدى.

ئۇ بىر ـ بىرلەپ ساناشقا باشلىدى تىللالىرىنى، مەن پېشمنى قاقتىم ـ دە، باستىم يولۇمنى.

گۇگۇم چۈشتى. باغچىدىكى گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلدى.

بىر نازىنىن قىز چىقىپ كەلدى ـ دە، ماڭا: «مەن سىزنى نازلىق كۈلۈمسىرەشلىرىم بىلەن ياللايمەن» دېدى.

ئۇنىڭ جامالىنى ھەسرەت تۇمانلىرى باستى، ياشلىرى سىمابتەك سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇ چەكسىز غېرىبانە قىياپەتتە كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

قۇياش نۇرى ساھىلدىكى قۇملۇق ئۇستىدە جىلۋىلەنگەندە، دېڭىزنىڭ بەڭباش دولقۇنلىرى بۇژغۇنلىنىپ مەرۋايىت ئۇنچىلىرىنى ھەر ياققا چېچىشقا باشلىدى. شۇ قۇملۇق ئۇستىدە بىر بالا ئولتۇرۇپ قۇلۇلە قېپى ئويناۋاتاتتى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ خۇددى قەدىناسلارچە ماڭا دېدى: «مەن سىزنى ياللاش ئۈچۈن ھېچنېمە ئىشلەتمەيمەن».

كىچىككىنە بالىنىڭ چاقچىقىدىن پۈتكەن بۇ سودا مېنى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تامامەن ئەركىن ئادەمگە ئايلاندۇردى.

## ساچىداناند ھىراناند ۋاتسىيان ئاگېيى

*ھىندىستاننىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر شائىرى. ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە شېئىرلار توپلىمى ھەم ھېكايە، نەسرلىرى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نۇرغۇن چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.*

### گۈلدان

نە قۇدرەت بۇ
يىلتىزىدىن ئايرىلغان گۈللەر
گۈلدان ئىچرە ئۇرۇپتۇ خەندان؟

ئاشۇ قۇدرەت كۆكلەتەر بىزنى
شاخلىرىدا تارىخنىڭ
ئۆلمەس دەرەخلەردىن كېسىپ تاشلانغان.

### نىشان

ھەر سەھەردە ياشايمەن كۆپ
ياشىغاندەك ئۆتمۈشتە،
ھەر ئاخشىمى ئۆلىمەن كۆپ
ئۆلگىنىمدەك كېلەچەكتە.

## ئويغانغان چاغ

غەپلەت ئۇيقۇسدا ياتتىم تالاي يىل
ئىزدىمەيمەن نادانلارچە مەن
يىللار ئېلىپ كەتكەن ھەممىنى
ئويغاقمەن بۈگۈن، ئىزدەيمەن پەقەت
ئويغانغان ئاشۇ دەقىقىلەرنى.

## تۈن قوينىدىكى سەھرا

تومۇزغىلار ئەللەيلىتىدۇ،
ئۇيقۇغا چۆمگەن بىپايان سەھرا؛
ئاق شايىدەك يېپىلىپ تۇمان
تەۋرىتىدۇ جىمى جانلارنى
بۆشۈكتە گويا.

## ئەي چىلك

*1910 ـ يىلى تۇغۇلغان، جۇڭگو ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىلى. 1929 ـ يىلى فىرانسىيەگە چىقىپ بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئوقۇغان. 1936 ـ يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «دا يەنخې»، 1956 ـ يىلى ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى «باھار» نەشر قىلىنغان. 1959 ـ يىلى شىنجاڭ قۇرۇ-لۇش بىڭتۇەنگە كېلىپ ئون ئالتە يىل ئىشلىگەن. كېيىن ئۇنىڭ «قايتىش ناخشىسى»، «ئەي چىڭ شې-ئىرلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قى-لىنغان. ئەي چىڭنىڭ «قۇياشقا بېقىپ»، «نۇر قەس-ىدىسى» قاتارلىق داستانلىرى جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.*

### قەلەم ھەققىدە

مەن بىر تال قەلەمگە تىكىلدىم ئۇزاق،
بولدۇم ـ دە، بىتاقەت، تاشلىدىم سوراق:
«سەن قانداق غەلىتە نەرسسەن زادى؟»
ئۇ پۈردى يۈزىنى، قىلغاندەك مازاق.

شۇ سەۋەب كۆپ ئىشلار كەچتى يادىمدىن:
ئىبسمدە، بىر دېھقان ئېيتقانتى شۇنداق،

«قەلەمنى مەن ئەگەر ئالسام قولۇمغا،
بىلىمەر كەتمەندىن بەتتەر ئېغىرراق.»

دېھقاندىن يېتىلگەن بىر كادىر ئەنە،
ۋاي قېچىپ كېتىدۇ دېگەندەك قەلەم
كۆچ بىلەن سىقىمداپ يازىدۇ بىر - بىر
تېشىلىپ كېتىدۇ قەغىزىمۇ ھەم.

ئوينار ئۇ قولىدا پىروفېسسورنىڭ
شۇنچە ئۇز، شۇنچە تېز، شۇنچىلىك راۋان.
بىر قولدا تاماكا، بىر قولدا قەلەم،
خەت چۈشەر قەغەزگە سۇرئىتى بوران.

موي قەلەم ئۇچىنىڭ بۆرە تۈكىدە
ياسىلىپ پۈتكىنى ھەممىگە ئايان.
مۇمكىندۇر خەنجەر قىپ ئىشلەتسەڭ ئۇنى،
دۈشمەنىنىڭ باغرىنى قىلىش ئۈچۈن قان.

پولاتتىن ياسالغان قەلەمنىڭ ئۇچى،
بولىدۇ ئۇ گاھى كەشتە يىڭنىسى.
بىزەلسە ئۇنىڭدا نەپىس كەشتىلەر،
كۆزلەرنىڭ يېغىنى يەيدۇ جىلۋىسى.

قەلەمدىن تارتىلغان رىشتە، قانچىلاپ
دىللارنى چاتتى - دە، قىلدى چىن سىرداش.
قەلەمدىن تۆكۈلگەن سىياھ كۆر مىڭلاپ
كىشىلەر ئەلىمى ئۈچۈن تۆكتى ياش.

مۇمكىندۇر قەلەمدە جىنايەت يېزىش،
مۇمكىندۇر قەلەمدە تۆھپىنى پۈتۈش.
مۇمكىندۇر مەغرۇر قوشۇننى يېڭىش
ۋە پۈتكۈل ئالەمگە ئاپەت كەلتۈرۈش.

كۆر! قەغەز ئۈستىدە ھايات يالقۇنى،
كۆر! قەغەز ئاستىدا جاھان چاپقۇنى.
قوزغايدۇ ئۇ ماجىرا ۋە ئۇرۇشلارنى،
زىنھار بوش ۋە كىچىك چاغلىما ئۇنى.

ئاخىر مەن بايقىۋالدىم، ئاھ، ئۇنىڭ
ئەسلى تۈز بولمىغان خۇلق - سىرىنى.
يوق ئۇندا ئىرادە ياكى ھېسسىيات،
چۈشەركىن ئۇ كىمنىڭ قولىغا قېنى!

## شاراب

سۆيۈملۈكتۇر ئۇ،
بولغان ئۇنىڭ ئوتتەك مىجەزى
ھەم زۇمرەتتەك
سۈپسۈزۈك پەيزى.

خۇشاللىقنىڭ پەرىشتىسى ئۇ،
نەدە شادلىق، تەنتەنە بولسا،
ئۇ شۇ يەردە بولىدۇ پەيدا.

قىزىتىپ ھەم قوزغاپ كەيپىڭنى،
راست سۆزۈڭنى قىلار ئاشكارا،
يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇپ گويا.

خالاس قىلىپ كۆڭلۈڭنى دەردتىن،
چىرايىڭنى قىلىپ ھەم گۈلگۈن،
خۇشاللىققا قىلىدۇ ھەمراھ.

ئىچكىن ئۇنى غەلىبە ئۈچۈن
ئىچكىن ئۇنى چىن دوستلۇق ئۈچۈن،
ئىچكىن ئۇنى مۇھەببەت ئۈچۈن.

سەگەك بولغىن ئېھتىيات قىلغىن،
خۇشاللىقتا چۆمگەن چېغىڭدا
ئازدۇرمىسۇن سېنى ئەقلىڭدىن.

ئۆچۈرەر دەپ ھەسرەت ئوتۇمنى،
ئۇنى پەقەت «سۇ» دەپ بىلمىگىن.

ۋاقتى كەلسە بولار ئۇ بىردىن
ئوت ئۇستىگە چېچىلغان بېنزىن.
ئاقىللارغا بېغىشلاپ ئۇ ئاڭ،
دۆتلەرنى ئۇ قىلىدۇ گاللۋاڭ.

## ئەينەك

نېپىزگىنە ئاشۇ بىر ئەينەك،
ئۆلچەپ بولماس چوڭقۇردۇر شۇنچە.
راستچىللىقنى ياقتۇرار قەۋەت،
ئەيىبىڭنى يوشۇرماس قىلچە.

سادىق بولار ئاڭا باققانغا،
ھەركىم كۆرەر ئۇندىن ئۆزىنى.
قىروۋ چۈشكەن چاچ - ساقىلنى
ھەم مەستانە قىزىل يۈزىنى.

ياقتۇرىدۇ بەزىلەر ئۇنى،
چۈنكى گۈزەل بولغاچ جامالى.
بىراق ئۇندىن قاچار بىراۋلار،
ئوچۇق - يورۇق دەپ ئۇنى بەتتەر.
نەپرەتلىنەر ھەتتا بەزىلەر،
چېقىپ تاشلار بولسا ئامالى.

## گاۋ يىڭ

*1943 - يىلى تۇغۇلغان. جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر شائىرى، ئۇنىڭ ئالتە پارچە شېئىر ۋە نەسرلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان.*

### باھار بىلەن خوشلىشىش

مەن تېخى سەن بىلەن خەيرلەشمىدىم،
ئېغ، باھار، سەن شۇ تاپ كەتتىڭ قاياققا؟
كەتتىڭمۇ ئەگىشىپ ياز يامغۇرىغا،
ياپراقلار قىزارغان گۈلىستان باغقا،
مەست بولۇپ كاككۇكلار ئېيتقان قوشاققا.

دەل ئۈچ ئاي سەن بۇندا چەكتىڭ رىيازەت،
بۇغداينىڭ دان سۈرگەن باشاقلىرىدا،
قارلىغاچنىڭ سېغىزلىق ئۇۋىلىرىدا،
رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ چېچەكلىرىدە
ۋە يۇمران بىخلارنىڭ چاناقلىرىدا.

ھەئە، راست، سەن قاتتىق چارچىدىڭ قەۋەت،
مەن سېنى ئۇزىتار ئىدىم، خەيرىيەت.
گۈللەرنى تولدۇرۇپ ئېتەكلىرىڭگە،
تولدۇرۇپ شارابنى گۈللەر جامىغا،
ئايرىلىش ئۈچۈن مەن بېرىپ زىياپەت...

— مەن كەتتىم، ئۈزىتىش بىھاجەت ماڭا،
دېرىزەڭ ئالدىدىن ئۆتتۈم دەپ سالام.
مەن كەتتىم ئۈن - تىنسىز، ئارمانسىز ھالدا،
ئاچچىق تەر، ئاق كۆڭلۈم، كۈلكەمنى ھەتتا
جانجان زېمنغا بېغشلاپ تامام.

ئېخ، باھار، قىيمايمەن سەن ئۈچۈن زادى،
بالىلىق چاغلىرىم ئۆتۈپ كەتكەندەك.
قىيمايمەن، ئىلكمدىن ئېسىل بىساتىم
گوياكى بىردىنلا يىتىپ كەتكەندەك،
سەپىرىڭ قاياققا، ئېيت باھار تېزرەك.

مەن كەتتىم سىڭىشىپ يازنىڭ ۋەسلىگە،
تېنىمگە ھارغىنلىق چاڭ سالغان چېغى.
ئەمدى مەن ئارامىلىق ئالىمەن بىرپەس،
بۆشۈكۈم بولدۇ پىشقان ئالتۇن دان
ۋە يۇرتىنىڭ نەشپۈتلۈك، شاپتۇللۇق بېغى.

ئۇيقۇغا كېتىمەن پىلە بىلەن تەڭ،
كۆرىمەن باغلاردا كېپىنەك چۈشى.
بۇزماڭلار ئارامىم، جىمجىتلىقمنى،
«تەشەككۇر ئېيتىمەن» ۋە يا «زىياپەت
بېرىمەن» دېمسۇن ھېچقانداق كىشى.

كېلىمەن ئۆتكۈزۈپ يەنە توققۇز ئاي،
ئېخ، يازنىڭ پەيزىنى قانغۇچە سۈرۈپ.
كېلىمەن بەختلىك كۆز ئىچرە يايراپ،
زېمستان قىشنىڭ ھەم قەھرىنى كۆرۈپ.

كېلىمەن مۇز يېرىپ شىجائەت بىلەن
توڭلىغان زېمىنغا ئىللىقلىق ئېلىپ.
كېلىمەن نى ئېغىر ئۆتكەل ـ سىناقتىن
ئۆتۈپ مەن بىمالال، كەڭ قۇچاق يېيىپ.

كىشىلەر، سۆيىمەن سىلەرنى قەۋەت،
سىلەرگە مەنسۇپتۇر بارلىقىم پەقەت.
جاپادا مەن بىلەن بولسا كىم ئۇلپەت،
بەرداشلىق بەرسە ھەم مۇشكۇل سىناققا،
شۇ بىلەن قەلبداش، سىرداشمەن ئەبەد.

## بېي داۋ

*ئەسلىي ئىسمى جاۋ جىنكەي بولۇپ، 1949 ـ يىلى بېيجىڭدا تۇغۇلغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە تولۇق ئوتتۇرىدىكى ئوقۇشى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، قۇرۇلۇش ئىشچىسى بولغان، 1978 ـ يىلى «بۈگۈن» ناملىق ژۇرنالنى تەسىس قىلغان، 1981 ـ يىلى بۇ ژۇرنال توختىتىلغاندىن كېيىن باشقا ژۇرنالدا مۇھەررىر بولغان، كېيىن بىر شىركەتتە ئىشلىگەن. ئۇ گۇڭگا شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى.*

*بېي داۋ ھازىرغىچە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا نەچچە يۈز پارچە شېئىر ئېلان قىلغان، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەر خىل شېئىر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن، 1986 ـ يىلى «بېي داۋ شېئىرلار توپلىمى» ناملىق تۇنجى توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئامېرىكا ۋە شۋېتسىيەدە ئىككى توپلىمى نەشر قىلىنغان.*



### جاۋاب

پەسكەشلىك پەسكەشلەرنىڭ يول خېتىدۇر،
ئالىيجانابلىق ئالىيجانابلارنىڭ ئابىدىسى.

باق ئەنە، زەرگۈن كۆكتە يۈرەر لەيلەپ،
شېھىتلەرنىڭ ئەگرى - بۈگرى كۆلەڭگىسى.

مۇزلۇقلار ئېرىپ كەتكەن ئەمەسمىدى،
جاھاننى يەنە نېچۈن مۇز باسىدۇ؟
شۇنچە كەڭ سۇ يوللىرى ئېچىلىدۇ يۇ،
يەلكەنلەر نېچۈن دېڭىز تالىشىدۇ؟

مەن كەلدىم بۇ دۇنياغا ئېلىپ پەقەت،
قەغەزنى، سىرتماقنى ۋە كۆلەڭگىنى.
جاكارلاپ ئۆتەي كېسىم ئالدىدا مەن،
كېسىمگە بەند قىلىنغان سۆزلىرىمنى:

ئەي دۇنيا، ئاڭلا مېنىڭ جاكارىمنى،
مەن زىنھار ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمەيمەن.
مىڭ بولسا رىقابەتچىلىڭ مەگەر سېنىڭ
قوشۇلۇپ مىڭ بىرىنچى بولاي دەيمەن.

ئىشەنمەيمەن ئاسماننى گەر كۆپكۆك دېسە،
ئىشەنمەيمەن چاقماق ئەكس ساداسىغا.
ئىشەنمەيمەن چۈشنى تامام يالغان دېسە،
قالمايسەن دېسە ئۆلۈم قىساسىغا.

ئوكيانلار مەۋج ئۇرۇپ تاشسا ئەگەر،
زەردابلار يۈرىكىمگە كىرسۇن ئېقىپ.
ئىنسانلار ياشاش ئۈچۈن چوققىلارنى،
تاللىسۇن، زېمىن ئەرشكە كەتسە چىقىپ.

بۇرۇلۇش يالقۇنلىرى، يۇلتۇزلىرى،
قامالسىز كۆكنى شۇ دەم بېزىمەكتە.
تەسۋىرىي يېزىقلار ئۇ بەش مىڭ يىللىق،
چاقنىغان كۆزلەردۇر ئۇ كېلەچەكتە.

## يامغۇرلۇق كېچە

ئازگاللاردا چېقىلغان كېچە،
بوۋىقنى ئەللەي ئەتكەندەك.
تەۋرەتكەندە يېڭى ياپراقنى،
نۇر يىپلىرى
قەترىلەرنى تىزىپ مارجاندەك.
چاقناتقاندا ئاپپاق بوينۇڭدا
سىرغىپ چۈشۈپ سۆيدى تۇپراقنى.
«باق!» دېدىڭ
تەلەپپۇزۇڭ شۇ قەدەر ئېغىر.
قىيا باققان كۆزۈڭدىن بىراق
ئايان بولدى دىلىڭدىكى سىر.
پەسلەپ چۈشكەن قارا بۇلۇتلار
نەم قولىدا ئوينار چېچىڭنى،
ئوينىشىدا بارار سىڭدۈرۈپ
ئاڭا گۈلنىڭ ئىپار ھىدىنى،
مېنىڭ قايناق نەپەسلىرىمنى.
يول چىرىغى ئۇزاتقان سايە،
تۇتاشتۇردى ھەربىر رەستىنى.
تۇتاشتۇردى چۈشلەرنى چۈشكە،

سوزۇپ ئېلىپ يېپىسىز تورىغا
ياش دىللارنىڭ شادلىق سىرىنى.

نەملەشتۈرگەن قول ياغلىقىڭنى
بىر چاغلاردا ئەلەملىك يېشىڭ
ئۆنتۈلدى ئۇ،
قاراڭغۇ غارغا
تاشلاپ كەتتى قۇرۇغان ئىسىڭ.
تاڭلا ئەتە ئاقارغاندا تاڭ،
ئالماق بولۇپ ئەركىنلىكىمنى.
ياشلىقىمنى، قەلبىمنى ھەم
كەلسىمۇ گەر قارىيىپ ناگان.
قانسىرىغان قۇياش سوراپ جان،
تاپشۇرمايمەن شۇ بۇ كىچىنى
تاپشۇرمايمەن سېنى ئەي جانان،
لەۋلىرىمنى توسۇۋالسۇن تام،
ئاسمىنىمغا قورۇق سالسۇن رام.

گۈپۈلدەپلا تۇرسا يۈرەكلەر،
جۇش ئۇرىدۇ دولقۇنلىنىپ قان.
سېنىڭ ئوماق كۈلكىلىرىڭمۇ
تولۇن ئايدا بولۇپ ھەم مېھمان
ھەر ئاخشىمى روجەكلىرىمدىن
ماراپ،
دىلنى ئېپقاچار ھامان.

## ئەنئەنە ھەققىدە

ياۋا ئۆچكە تۇرار قىيا ئۇستىدە،
ئەگىم كۆۋرۈك پۇتكەن كۇندىن باشلاپلا
كەتتى ئۇ قېرىپ.
جەيرە كەبى قىستاڭ ھايات يىللىرى
كۆرەلمىدى ھېچكىم ئۇپۇقنى
تۇماننى يېرىپ.
تالاي يىللار
مەيدىسىگە گۇل چەككەن ئەردەك
سۆرۈن تەلەت قوڭغۇراقلارمۇ
كەتتى ھەم جىمىپ،
بېرەلمەستىن
ئەجدادلارنىڭ لەۋزىنى ئاڭلىتىپ.
ئۇزاق جىمجىت كېچىمۇ
كەتتى تامام تاشلارغا سىڭىپ
تاشنى يۆتكەش ئارزۇسى
گويا تاغ بولۇپ
تۇرار تارىخ بېتىدە دولقۇنلىنىپ.

## قىشقا سەپەر

شامال
ئاق قۇشقاچنىڭ قالدۇق تەپتىنى
مەغرىب سايان كەتتى ئۇچۇرۇپ.

قالدۇق قىشقا يېقىنلاپ
بىر مۇقەددەس ۋە دە ئۇچۇنلا
تۇغۇلمىغان ئىدۇق ئالەمگە.
يوْر!
دۇمچەك قىرىلاردىن ياسالغان ئاشۇ
ئەگىم ئىشكتىن كىتەيلى ئۆتۈپ،
ئاچقۇچنى ئۇندا قالدۇرۇپ.

ئۆتۈپ كىتەيلى
جىن سايىسى تولغان قەسىردىن،
چۈش دىۋىسىنى ئۇندا قالدۇرۇپ،
قالدۇرايلى
ئارتۇق كەلگەن بارچە نەرسىنى،
ھىچنىمگە قەرز ئەمەسمىز.
سىتۇۋىتەيلى ھەتتا ئىگىننى،
ئاياغنى ۋە
ئەڭ ئاخىرقى نورمىمىزنىمۇ
قالسۇن پەقەت
جىرىڭشىپ تۇرغان پارچە پۇلىمىز.

قالدۇق قىشقا يېقىنلاپ،
ناخشا ئېيتايلى.
تىلىمەستىن بەخت،
قىلماستىن تاۋاپ.
مەپتۇن كۆچى ئۆلگەن پەسلدە
بىزەپ يېشىل ياپراقنى پەقەت
مەي بەرمىگەن ئاشۇ مىۋىدىن
چىقمايدۇ ھەم چۈچۈمەل شەربەت.

گېزىت قەغەزىدە ئوراپ موخۇركا،
قارا ئىسنى
ئەگەشتۈرۈپ سادىق ئىتلاردەك
تاشلايلى بىز ئۆچۈرۈپ
نۇر ئاستىدىكى ساختا سۆزلەرنى
قالدۇرماي بىر خەت.

قالدۇق قىشقا يېقىنلاپ
يېشىل دولقۇن مەۋجىدە
تىنچلىنىمىز
بولمايمىز خاراب.
تەكرارلىمايمىز
گۇلدۇرمامىنىڭ ئەپسۇنلىرىنى،
ئوي - خىيالىمىز
يامغۇر تامچىسىدەك تىزىلىپ قاتار
چىڭقىچۇشنىڭ نازارىتىدە
تۇتقۇن كەبى ئۆتەر كوچىدىن
ئۆز سايىسى دەسسەپ كۈچ بىلەن.
ۋە يا مۆكۈپ پەردە كەينىگە
ئۆلۈكلەرنىڭ سۆزىنى
قىلىمىز تەكرار،
سەھنىدىكى ئۇسسۇلچى
تەلۋە خۇشلۇقتىن يەيدۇ ئازار.
قالدۇق قىشقا يېقىنلاپ،
دەريا توڭلاپ كەتكەن شۇ جايدا.
ھەر تەرەپكە ئاقىدۇ يوللار
ساھىلدا

تۇخۇمسىمان تاشنى باستۇرۇپ
ئاي چىقىرار تېخى قاغىلار.
كىم ئويغانسا چۈشىنەر جەزمەن،
چۈشلەر كۆكتىن چۈشۈپ زېمىنغا
ھالسىزلانغان يۇلتۇز ئورنىدا
قېتىپ قالارنى قىرووۋدەك.
تۆگەپ قالدى لەنتى ۋاقىت
زورايماقتا مۇزلۇق چوققىلار
بىر ئەۋلادنىڭ ھەيكەللىرىدەك.

## ئاقىۋەت ۋە باشلىنىش

مەن
قەستلەنگەن بىر كىشى ئورنىدا
تۇرماقتىمەن بۇ جايدا
ئېغىر سايەم ئۇزۇن يول كەبى
كېسىپ ئۆتسۇن دەپ شۇ دىيارنى
قۇياش ھەر رەت ئۆرلىگەن چاغدا.

ياماق كەبى زىچ ئۆگزىلەرگە
يېپىلماقتا ھەسرەتلىك تۇمان.
ئارىسىدا ئۆي بىلەن ئۆينىڭ
پۈركىمەكتە تۇرخۇنلار
ئادەملەرنى
چىرايلىرى تۇندەك ئىسلانغان.
يورۇق شاختىن ئۇچۇپ چۈشكەن ھارارەت
نامرات پاپرۇسنى يۇرەر ئايلىنىپ.

چارچاپ ھالى كەتكەن قوللاردىن
قارا بۇلۇت ئۆرلەر قايرىلىپ.

سېتىپ بۇندا قۇياش نامىنى
تالان ـ تاراج قىلىشماقتا تۈن.
سۈكۈت
شەرققە خاس ھېكايە يەنە
قەدىمىي تام سۈرىتىدە خەلق
ياشىماقتا چىقارماستىن ئۈن
ئۆلمەكتە ھەم چىقارماستىن ئۈن.
ئاھ، ئانا تۇپراق
كۈيلىمەيسەن نېچۈن سەن قوشاق
ئۈزۈلدىمۇ تارلىرىڭ تامام.
ۋاقىت دېگەن بۇ غۇۋا ئەينەك
ساڭا مەڭگۈ قىلىپ كەيىنىنى
قالدۇردىمۇ پەقەتلا
يۇلتۇز ۋە تۇمان.
چۈشلىرىمدە ئىزدىدىم سېنى
ئىزدىدىم
تۇمان باسقان شامۇ سەھەردە،
ئىزدىدىم
ئالما چېچەك ئاچقان باھارنى
ھەسەل ھەرىسى
باشلاپ كەلگەن مەيىن شامالنى
مەن ئىزدىدىم ساھىلدىكى دولقۇننى،
كۈن نۇرىدا چايكا بولغان بۇژغۇننى.
مەن ئىزدىدىم

غايىب بولغان رىۋايەتنى تاملاردىن
ئۇنتۇلغان شۇ نامىمىزنى تاغلاردىن.

ھوسۇل بەرسە ئەگەر ساڭا قىزىل قان
كۆر، ئەتكى شاخلاردا
مەي باغلىغان ئالمىنىڭ
جۇلاسىدا رەڭگىم بار مېنىڭ.
ئىقرارمەن شۇڭا،
تىترىگەنمەن ئۆلۈم نۇرلىرى
مۇزدەك ئاقرىپ كەلسە ئالدىمغا.
كىم خالايدۇ تاشتەك سۇنۇشنى،
ھەمدە جانسىز ھەيكەل بولۇشنى.
چىدىمايمىز ياشلىق ئوتلىرى
تۇرسا يېنىپ خەقنىڭ قولىدا.
سەزمەيدۇ ھەيكەل
ھارارەت ۋە ئىسسىق نەپەسنى،
كەپتەر كېلىپ قونسىمۇ
تارتۇېلىپ پەرنى بىرپەس
ئۇچۇپ كېتەر ئويناپ رولىدا.
ئادەم مەن
ئىنتىزارمەن مۇھەببەت ئۈچۈن
ئىنتىزارمەن نىگار كۆزىدە
گۇگۇملارنى ئۆتكۈزۈشكە جىم.
ئىنتىزارمەن
تەۋرىشىدە گۇلدار بۆشۈكنىڭ
جاراڭلىسا تۇنجى يىغىسى
ئوماق ئوغلۇمنىڭ.
يازدىم ھايات لىرىكىسى

چىمەنلەرگە
ۋە تۆكۈلگەن زەر رەڭ ياپراققا.
ئادەم بولۇش بەدىلى بولۇپ
يەتكۈزدى بۇلار مېنى مۇرادقا.
ھاياتىمدا
يالغانچىلىق قىلدىم تالاي رەت.
بىراق
بالىلىقتا قىلغان ۋەدەمگە
قارا يۈزلۈك قىلمىدىم پەقەت.
شۈكرى
بالىلىقتىن بەزگەن بۇ دۇنيا
ئېلىپ كەلدى ماڭا كۆپ ھەسرەت.
مەن
قەستلەنگەن بىر كىشى ئورنىدا
تۇرماقتىمەن بۇ جايدا.
باشقا تالالاش يوق ماڭا
يىقىلسام قايدا
دەس تۇرىدۇ يەنە بىر كىشى
گۈركىرەيدۇ مۇرەمدە بوران
بوران ئۈستىدە
سانسىز يۇلتۇز قىلىدۇ جەۋلان.
بەلكىم
گۈلچەمبىرەككە ئايلىنىپ قۇياش
مەردلەر كۆمۈلگەن قەبرە ئالدىغا
قويۇلار بىر كۈن.
ئۇچۇشىدۇ ھەمدە قاغىلار
يىرتىلغاندەك پارچىلىنىپ تۈن.

## شۇتىڭ

*1952 ـ يىلى فۇجيەن ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان، 1969 ـ يىلى يېزىغا چېنىقىشقا چۈشكەن، 1972 ـ يىلى شەھەرگە قايتىپ ئىشچى بولغان، 1979 ـ يىلى شېئىر ئېلان قىلىشقا باشلىغان. 1980 ـ يىلدىن ئېتىبارەن فۇجيەن ئۆلكىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەن. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «قوش ماچتا»، «ناخشا ئېيتار ئىرىس گۈلى»، «ئانا قۇش» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى، «قەلب تۇتۇنى» ناملىق نەسرلەر توپلىمى بار.*



### ھەممە

— بىر ياش دوستۇمنىڭ «ھەممە» ناملىق شېئىرىغا مۇشائىرە

سۇندۇ دېمە قارا بوراندا
ھەممە ئېگىز دەرەخنى بىراق؛
يىلتىز تارتقىلى ھەممە ئۇرۇقلار
تاپالمايدۇ دېمىگىن تۇپراق؛
كۆمۈلدۇ ھەممە چىن سۆيگۈ

دېمە دىللارنىڭ قۇملۇقلىرىدا؛
دېمىگىن ھەممە ئارزۇ ـ تىلەكلەر
ئۆچىدۇ زاۋال ئۇپۇقلىرىدا.
ياق، دوستۇم ھەممە —
سەن دېگەندەك ئەمەستۇر ئۇنداق!

دېمىگىن ھەممە ئوت ۋە يالقۇنلار
ئۆزىنىلا يورۇتۇپ پەقەت
ئۆزگىلەرگە بەرمەس ھارارەت؛
دېمىگىن ھەممە يۇلتۇز ـ چولپانلار
شاھىت بولۇپ قارا تۈنگىلا
نۇرلۇق تاڭدىن بەرمەس بېشارەت؛
دېمىگىن ھەممە ئوتلۇق ناخشىنى
كېتىدۇ ئۇنلەپ قۇلاق تۈۋىگە
ساقلانمايدۇ دىللاردا ئەبەد.

ياق، دوستۇم ھەممە —
سەن دېگەندەك ئەمەستۇر ئۇنداق!

ھەممە ئىلتىجا، ھەممە خىتابنىڭ
بولمايدۇ دېمە ئەكس ساداسى؛
ھەممە يوقىتىش جاۋابسىز قالماس؛
ھەممە ھاڭ ـ گىرداب ئۆلۈملا بولماس؛
ھەممە پالاكەت، ھەممە پالاكەت
دېمىگىن پەقەت ئاجىزلارغا خاس؛
خارلىنىدۇ دېمە بارچە دىل؛

قان - ياش ئەمەس ھەممە ئاقۋەت.
شادلىق، كۆلكىگە بار ھامان پۇرسەت.

كەلگۈسىگە ھاملە بۈگۈن،
تۈنۈگۈندىن كۆكلەر كېلەچەك.
ئېسىڭدە شۇنى ساقلا ئەبەدىل —
ئۈمىد ئۆزى كۈرەشتۇر دېمەك.

## قوش ماچتا

قوش قانىتىمنى نەم قىلدى تۇمان
شامال مېنى ئۈندەيدۇ يىراق
ئەي قىرغاق، سۆيۈملۈك قىرغاق
تۈنۈگۈنلا خوشلاشقانتۇق بىز
بۈگۈن ئېچىپ تۇرسەن قۇچاق
ئۇچرىشارمىز ئەتە يەنىلا
يېڭى كەڭلىكتە
سەپەر خوپ يىراق

بىزنى باغلاپ تۇرىدۇ مەھكەم
بىر بوران - چاپقۇن، بىر يانغان چىراغ
ئىككى ياققا ئۈزىتار بىزنى
يەنە بىر بوران، يەنە بىر چىراغ
مەيلى جاھاننىڭ ئۇ چېتى بولسۇن
مەيلى كۈندۈز، مەيلى تۈن كېچە
سەپىرىمدە سەن ھامان مېنىڭ
نىگاھىڭدا مەن ھامان سېنىڭ.

# ئىلاھە چوققىسى

ساڭا تەلپۈنۈپ سىلكىپ قول ياغلىق
كىم ئۇ قولنى چۈشۈرۈپ بىردىن
يۈگۈۋالغان يۈزىنى مەھكەم
تاراپ كەتسىمۇ كىشىلەر ھەر يان
كىم ئۇ پالۇبىدا تۇرغان كۆزى نەم
ئاق بۇلۇتتەك يەلپۈنەر كۆڭلەك.
دولقۇن بىر ئۆرلەپ، پەسىيەر بىر دەم
شېرىن تىلەكنىڭ ھەسرىتى شېرىن
ئەزەلدىن شۇنداق كەلگەن بۇ قىسمەت
بىراق
قورام تاشقا ئايلانماس يۈرەك
نە قىلسەن كۈتۈپ بىھۇدە
باھار جىلۋىسىنى قىلماستىن كۆرەك
قىرغاقلارغا ئۇرۇلار كۆپچۈپ
ۋاپادار يارنىڭ ئاسىي شاقۇنى
قىيادا مىڭ يىل تۇرغۇچە قېتىپ
گىرە سېلىپ يارنىڭ بوينىغا
قېنىپ - قېنىپ سۆيسەڭچۇ ئۇنى.

«؟!.؟»

ئىشىنمەن ساڭا
سەن مېنى كۈتسەن بەلكىم

سېۋەتتىكى ئۈرۈقلارنى بولغۇچە چېچىپ
ئېزىپ قالغان ھەرىلەر كەلگۈچە قايتىپ
ھۇجرىلاردا، كەپىلەردە
جىنچىراغلار بولغۇچە يېنىپ
ئوقۇيمەن يورۇق روجەكلەرنى
گۈڭگا روجەكلەرنى
ناخۇش دىللار بىلەن ئۇزاق سىردىشىپ
ئايلىنىدۇ يوللار ناخشىغا
كېلىدۇ سۆيگۈ نۇر چېچىپ پارلاق
ئايرىسىمۇ قىسمەت بىزلەرنى
تاقەت بىلەن كۈتسەن مېنى
ساداقەتتىن ياساپ بىر قولقاق
ئىشىنىمەن ساڭا
ئەقىدەڭدىن قايتمايسەن پەقەت
يۇمران قولۇمنى باسسىمۇ قورۇق
ئىككى مەڭزىمدىن ئۆچسىمۇ شەپەق
چالغان نېيىمدىن تامچىسىمۇ قان
ئېرىمەيدۇ بەلكىم قېلىن قار
كەينىمدىن قوغلاپ كەلسىمۇ قامچا
ئالدىمدا دىۋەيلەپ تۇرسىمۇ ھاڭ - غار
تۈن قوغلاپ يەتسىمۇ سۈزۈلگۈچە تاڭ
تۇپراق بىلەن بولسامىمۇ يەكسان
ئىشقىمنى ساڭا قىلالماي ئىزھار
كۈتسەن مېنى ساداقەت بىلەن
قىلىپ ھامان، ھامان جان نىسار.

قىنى ئۇلار
ئوقياسنى ياغدۇرسۇن ماڭا
ئاق دالىدا يۈگۈرۈپ مەردانە
كېلمەن تەمكىن تەلپۈنۈپ ساڭا
سۇمبۇل چېچىمنى يەلپۈتۈپ لەرزان
مەن
سېنىڭ ئۈچۈن تۇزۇماس رەيھان.

## ئۆتكەن ئىشلار

شىرە ئۈستىدە چېقىلغان قەدەھ
ئاي نۇرىدا لەيلەيدۇ تاشيول
يېشىل چىملار يانجىلغان جايدا
تۇرار تاشلىنىپ بىر تال قىزىلگۈل.

پىرقىرايدۇ خۇشبۇي سىرىنزار
شوخ يۇلتۇزلار رەڭدار بىر جاھان
داتلىشىپ ياتار لەڭگەر بىر ياندا
كۆزلەر ئەكسىدە بىھۇش كۆك ـ ئاسمان.

شام نۇرىدا ئېچىلغان كىتاب
يېنىككىنە چىشلەنگەن بارماق
ھۇجرا ئىچى ئىمتاس ۋە جىمجىت
چۈش پەرىسى كېزىدۇ ئوماق.

## گۇچېڭ

1956 - يىلى بېيجىڭدا تۇغۇلغان، گۇڭگا شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى شېئىر يېزىشقا باشلىغان، 1987 - يىلى تەكلىپ بىلەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا چىقىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، لېكسىيە سۆزلەش پائالىيەتلىرىدە بولغان، 1988 - يىلى يېڭى زېلاندىيەگە چىقىپ جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتى دەرسىنى ئۆتكەن، ئوكلېند ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «قارا كۆز»، «قەلئە»، «سىماب» «گۇچېڭ شېئىرلىرى»، «گۇچېڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «گۇچېڭ نەسرلىرى» قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىنگلىز، فىرانسۇز، ئىسپان، شۋېت قاتارلىق ئون نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.

### بىز ئىزدىدۇق بىر چىراغ

يىراق - يىراق يوللارنى بېسىپ
بىز ئىزدىدۇق نۇرلۇق بىر چىراغ

شايى پەردە كەينىدە دېدىڭ
ئاق تام ئوراپ تۇرىدۇ دېدىڭ
نامازشامدىن ئۆزگەن چېچەكلەر
باشقا رەڭگە كىرىدۇ دېدىڭ
يىراق - يىراق يوللارنى بېسىپ
بىز ئىزدىدۇق نۇرلۇق بىر چىراغ.

ئۇنى كىچىك بېكەتتە دېدىڭ
تۇرىدۇ ياۋا گۈللەرگە قاراپ
جىجىتقىنا ئۆتسە پويىزلار
ئەسلەرمۇ بىللە كېتىدۇ ئۇزاپ.

يىراق - يىراق يوللارنى بېسىپ
بىز ئىزدىدۇق نۇرلۇق بىر چىراغ.

ئۇنى دېڭىز بويىدا دېدىڭ
تۇرىدۇ ئانار كەبى چوغلىنىپ
ئۇنى سۆيگەن بارچە بالىلار
تاڭ سەھەردە قالار چوڭ بولۇپ.

يىراق - يىراق يوللارنى بېسىپ
بىز ئىزدىدۇق نۇرلۇق بىر چىراغ.

## بىر ئەۋلاد كىشىلىرى

قارا تۈن بەردى ماڭا قاپقارا كۆزنى
ئىزدەيمەن شۇ كۆز بىلەن نۇرلۇق كۈندۈزنى.

# قار جىلۋىسى

1

قارلىق زېمىن
جىمجىت پاك زېمىن
ئۇ بەختكە شۇ قەدەر يېقىن
تىترەيدۇ زەڭگەر دولقۇن ئىچىدە
تىنىقلىرى يېنىك ھەم ۋەزمىن

زىنىنەت بولۇپ كۆرۈنەر نەپىس
ماڭلىيىدا چاتقاللار ئۈنىڭ



2

يىتتۇردى دەريا ئىزدىنىشمىنى
ئارىسىدا مۇز ۋە تۇپراقنىڭ
لىپ - لىپ قىلىپ تۇرغان كۆز يېشى
تىمسالىدۇر ئۇتلۇق قوشاقنىڭ
يا ئەڭ سەبىي ئىچى تارلىقنىڭ
مامكاپلاردەك
ساھىللاردا تۇگەل ئېچىلىپ
قىزىل راۋاقتا تۇرىمەن بېقىپ.

3

نە ئۇچۇندۇر
خىيال قىلىپ قالدىم چۈشنى مەن

ئەسلەپ قالدىم بەختسىز چايكىنى —
ساھىلغا تاشلاپ قويۇپ دولقۇنلار
ئەڭ ئاخىرقى مۇرادقا يەتكەن
چاقناپ تۇرغان ئاپپاق مويلىرى
بېلىقلارنى مەھلىيا ئەتكەن.

4

يەرگە تەۋە بارچە ئادەملەر
تېۋىنىدۇ ئېگىز ئاسمانغا
ئىشىنىدۇ ئالتۇن قۇياشقا
نۇرلىرىنىڭ رەڭدارلىقىغا
ئىشىنىدۇ قەبرە ئۈستىدە
چاقناپ تۇرغان يۇلتۇز چولپانغا

ئابىدىلەر مەڭگۈلۈك تامان
قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ھامان.

5

مەن پەقەت بىر ئاددىيلا ئىنسان
بالكوندا تۇرۇپ يىگانە
كۆزىتىمەن چەكسىز دۇنيانى
ماڭالمايمەن ئالغا بىر قەدەم
غېرىبلىقتىن بولۇپ يىگانە
شۇنداق دىلنى سالساڭ بازارغا
ھېچكىم ئالماس، بولار بىچارە.

**6**

ئانا تۇپراق شۇ قەدەر پاكتۇر
ئىشەنچ ئېرەر باھار تۇنىدە
پۈكمىسىمۇ كۆكۈلگە ھېچكىم
ئېچىلىدۇ گۈللەر ھۇپپىدە
ئورمان كۆكلەر تاغلار ئۈستىدە
قېقىپ سۇزۇك قاناتلىرىمنى
يوقلىمەن چۆچەك ئىچىدە.

## ئەتىياز كۈنۈم

روجەك سىرتىدا
ئېكىنزارىم ياتىدۇ تۇپتۈز
ئۇندا بۇقۇسام
ھەم كىچىك ئۆكۈز

بىر ئەترەت قۇياش
چىتنى بويلاپ كېلىدۇ خۇشال
ئېگىلمەكتە ھاۋا رەڭ گۈللەر
بولۇپ گويا دال
تىترىگەن شەبنەم
خاتىرەمنى نەم قىلدى تامام
چۆچۈپ كەتكەن كۈيچى قۇشقاچلار
تىكىلمەكتە زەر ئۈپۈق تامان.

ئىشلەيمەن ئەمدى
چۆشۈمدىكى ئۇرۇقنى تاللاپ

يەرگە چاچاي بىر تال قالدۇرماي
ئۇچۇپ چۈشسۈن ئالتۇندەك چاقناپ.

## مەن بىر بەختباش بالا

زېمىنغا جىق ـ جىق روجەكلەرنى توشقۇزۇۋەتسەم دەيمەن،
شۇنداق قاراڭغۇلۇقتا ئادەتلىنىپ كەتكەن جىمى كۆزلەر
يورۇقلۇقتا كۆنگەن بولاتتى.
بەلكىم
ئەركىلەتكەچ ئانام قەۋەتلا
بولۇپ قالدىم بەختباش بىر بالا
ئارزۇيۇم شۇ ھەربىر دەقىقە
گۈزەل بولسا ھەسەن ـ ھۈسەندەك
سىزسام دەيمەن ئاپپاق قەغەزگە
ئەركىنلىكنى
بولمىسا ھېچ چەك
سىزسام دەيمەن ياشىسىز بىر كۆزنى
كۈلۈپ تۇرسا تائەبەد كۈندەك
سىزسام دەيمەن سۈزۈك ئاسماننى
پەرۋاز قىلسام ئۇندا قاناتلار
سىزسام دەيمەن يېشىل كېچىنى
مۈگىلۈق جىرلاپ تۇرسا ياپراقلار
سىزسام دەيمەن ئالتۇن سەھەرنى
شەبنەمنى ھەم بارچە كۈلكىنى
سىزسام دەيمەن ئازابسىز ـ دەردسىز
ئەڭ سەممىي سەبىي سۆيگۈنى
سىزسام دەيمەن شۇنداق بىر يارنى

تۇماننىمۇ كۆرۈپ باقمىغان
شۇ بىغۇبار زەڭگەر كۆزلىرى
پەقەت ماڭا تۇرسا تىكىلىپ
ئۆتسە ئەبەد جان پىدا قىلىپ

سىزسام يىراق گۈزەل ئۇپۇقنى
ئېقىنلارنى شىلدىرلاپ تۇرغان
توقايلارنى سىزسام ياپيېشىل
ئۇندا تورغاي سايرىسا خەندان
سۆيگۈ تۆكسە جىمى تەبىئەت
ھەر چېچەكنىڭ تۇغۇلغان كۈنى
باھار ئۈچۈن بولسا ھاياجان



سىزسام يەنە كىلەچەكنىمۇ
ئۆزۈم تېخى كۆرۈپ باقمىغان
خىيالىمدا ئۇ بەكمۇ گۈزەل
سىزسام دەيمەن كۈز ياپرىقىنى
ئۇ گوياكى ئالتۇن رەڭ مەشئەل
قانچە سۆيگۈ شاملىرى يېنىپ
ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆلىدى بەدەل
سىزاي تويىنىڭ مەرىكىسىنى
شۇنچە سەھەر ئويغاندى بايرام —
كەمپۈت قەغىزى پارقىرار ئۇندا
رىۋايەتكە توشۇپ كەتكەن تام

بولۇپ قالدىم بەڭباش بىر بالا
بەختسىزلىك بولمىسا پەقەت
روجەكلەرنى سىزسام زېمىنغا
قاراڭغۇلۇقتا كۆنگەن ھەممە كۆز
يورۇقلۇقتا كۆنسە تائەبەد
سىزسام غۇر ـ غۇر مەيىن شامالنى
سىزسام ئېگىز ـ ئېگىز چوققىنى
سىزسام شەرقنىڭ تىلەكلىرىنى
كۈيلىسە خۇشال دېڭىز دولقۇنى

بۈرجىكىگە ئاپپاق قەغەزنىڭ
سىزسام دەيمەن ئۆزۈمنى ئاخىر
سىزسام ئورمان ئېيىقنى ھەم
ئېگىز شاختا ئولتۇرسا تەنھا
ماكانى يوق، مۈڭلىنىپ ئېغىر
يىراقلارنى خالىماس كۆڭلى
جامدەك ئېچىلغان كۆزلەردە كۆپ سىر
شېرىن چۈشلەر ئۆتىدۇ بىر ـ بىر

ئارزۇلىرىم كۆپتۇر شۇنچە كۆپ
لېكىن يوقتۇر رەڭدار قەلىمىم
رەڭدار چاغلار نەلەردە قالدى
يۈرىكىمدە ئاچچىق ئەلىمىم
ئاق قەغەزنى يىرتىپ تاشلايمەن
كېيىنەكنى بارسۇن ئۇ ئىزدەپ

غايىب بولسۇن بۇگۈندىن تېزرەك
مەن بىر بالا
ئەركىلەتكەچ ئانام قەۋەتلا
بولۇپ قالدىم بەڭباش ھەم گۆدەك.

## بىلىۋالدىم كۆز يېشى نېمە

بىلىۋالدىم
كۆز يېشىنىڭ نېمىلىكىنى

سىرغىپ چۈشۈپ يامغۇر تامچىسى
ياپرىقىدىن نېلۇپەر گۈلنىڭ
قول ياغلىقنى قىلىۋەتتى نەم
ياشىنغاندەك ئۈندىكى گۈللەر
جىلۋىلىنىپ ئېچىلدى شۇ دەم

ھەسەل ھەرىسى
بۈرنى بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ
ئۇچۇپ چىقىپ ئورمان ئىچىدىن
قوللىرىدا سۈپسۈزۈك چېلەك
بۈگۈن ئۇلار قىلار تويىنى
تولۇن ئايلار يوقلاپ كەلگۈچە
ئاقارتىدۇ ھۇجرا ئۆيىنى

بىلىۋالدىم
كۆز يېشىنىڭ نېمىلىكىنى

ئېرىقلار
ئۈنتۈپ كەتتى يول بەلگىسىنى
پارە ـ پارە بولدى يىقىلىپ
توختىتالماي شوخ كۈلكىسىنى
چۆچۈپ كەتكەن سۇ پەرىلىرى
كىرىۋالدى كېچە قوينىغا
دېڭىزدا يوق ھېچقانداق سادا
يا بىر مۇئەمما
يۇلتۇزلار قانچە بولسا ئاسماندا
سۇدىكى ئەكسى بولىدۇ شۇنچە
ھاياتلىقمۇ بولىدۇ شۇنچە

بىلىۋالدىم
كۆز يېشىنىڭ نېمىلىكىنى

قارا بۇلۇتلار
گويا قارا يەلكەنگە ئوخشار
چاقماق چېقىپ
دولقۇنلارنى قوغلايدۇ تىنماي
يامغۇر يۇيۇپ ئۆتكەن يوللاردا
تېرىم پەسلى كەتسىمۇ ئۆتۈپ
سەبىيلىكنىڭ ئۇرۇقىنى چاچار
قۇم ئۈستىگە تاشلانغان بېلىق
يېرىم ئېچىپ ياتار كۆزىنى
«يۇرەك بەرگىن» دەيدۇ قۇلۇلە
ئاڭلاپ باقساڭ ئۇنىڭ سۆزىنى.

## خەيزى

*ئەسلىي ئىسمى چاخەيشىاڭ، 1964 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1979 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، 1983 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان، 1989 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. «تۇپراق» ناملىق داستانى، «خەيزى، لويىخې ئەسەرلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.*



## ئالتۇن يايلاق

يايلاقتىكى قوي پادىلىرى
جىمىرلايدۇ دەريا بويىدا
گويا ئاپپاق ئىللىق چىراغدەك
ئۇخلاپ ياتار ئەرلەر قوينىدا

مالچى كېلەر ئالتۇن يايلاقتىن
قۇرۇپ كەتكەن دەرەختەك تۇرقى
قوزىلارنى سولاپ قوتانغا
تىكىلىپ جام ھەمدە ئالتۇنغا
ئايال كىشىم دەيدۇ ئۇ ساڭا

ئايال كىشى مېنىڭ سىردىشىم
كېلىپ - كېتىپ تۇرار شاماللار
ئىسمىڭ سېنىڭ بەكمۇ چىرايلىق
يۇلتۇز ياكى قويدەك خۇش پۇرار

ئۇخلاپ قالدىڭ قىيا ئاستىدا
يەتتە پاقلان يەتتە چولپانمۇ؟
ئېرىمدىڭ تىلىمدا قاردەك
سەن كۆكتىكى ئاپپاق پاقلانمۇ؟

## قۇياش ۋە ياۋا گۈل

— AP غا

ئالتۇن قۇياش ئۇنىڭ بېشىدۇر،
ياۋا گۈللەر ئۇنىڭ شېئىرى.

دېدىم مەن ساڭا
ئوخشمايدۇ ئانام ئاناڭغا.

جىنەستىگە ئوخشايدۇ ئاناڭ
قان ۋە ياشقا ئوخشايدۇ ئانام
خۇددى سۈتتەك ئاپپاق ئايدىڭدا

دېدىم ئاسمانغا
سېۋىتىڭدە شەبنەممىدۇر ئاي
خامىنىڭدا قۇياشمىدۇر تاي

ئالتۇن قۇياش ئۇنىڭ بېشىدۇر.
ياۋا گۈللەر ئۇنىڭ شېئىرى.
ئېقىپ ئۆتەر مېنىڭ سۆڭىكىم
قارا ياغاچ تۈۋىدە
تۇپتۇز دالىدا

قاراپ تۇرار ئۇۋچى ئەر - خوتۇن
ئېدىرلىقتا ئەركىن جەسەتلەر
ئېقىپ بارار قايان - قايانغا

ئىككى ئانا ئىككى ياقتا چۈشەيدۇ مېنى.
ئىككى قىزچاق ئىككى قايتا بوپقالدى ئانا.
گۈلسامساقلار تۇزۇماستا تېخى دالىدا.
تۇرسا قۇشلار كۆكتە ئۇچۇپ، قولۇڭدا ئوقيا.
ئۇنتۇپ كەتكىن ئۇنتۇش كېرەك بولسا ھەممىنى
ساقلاپ قالغىن ساقلاش كېرەك بولغان ھەممىنى



ئالتۇن قۇياش ئۇنىڭ بېشىدۇر.
ياۋا گۈللەر ئۇنىڭ شېئىرى.

مىسكىن كۈنلەر بولىدۇ ھامان.
دەردلىك كۈنلەر بولىدۇ ھامان.
غېرىب كۈنلەر بولىدۇ ھامان.
بەختلىك كۈنلەر بولىدۇ ھامان.
ھەي، غېرىبلىق كېلىدۇ ھامان.

دېگەنىدى كىم ساڭا شۇنداق:
ماقۇل دېگىن

چىداپ ئېغىر ئازابلىرىڭغا
ئۆندىمىگىن چىشىڭنى چىشلەپ
كېزىپ چىققان پۈتۈن شەھەرنى
يوللار گەرچە بولسىمۇ يىراق
كېلىپ مېنى كەتكىنە يوقلاپ
بەلكىم تېخىمۇ چېكەر ئۇ ئازاب
ئۇ ئولتۇرۇپ يازماقتا شېئىر
ئۆمىدمۇ يوق، ئۆلۈمنى ئويلاپ.

ئۇ يازدى شۇنداق:
دالىلاردىن
ئېقىپ ئۆتەر مېنىڭ سۆڭىكىم.
قارا ياغاچ تۈۋىدە
ئارام ئالغان چاغدا تاغلىقلار
ئەۋلىيالار ھەمدە ئوۋچىلار
گاھ ئولتۇرۇپ، گاھ بېقىشقاندا
قوي، كالىلار يېشىل چۆپلۈكتە
كۆرۈپ قالدى قىيا ئۈستىدىن
مالچى ئۇشتۇمتۇت يىقىلغاندا
ئۇ بويالدى قىپقىزىل قانغا
ئەجەل يەتتى شۇ ئەزىز جانغا
ئۇ يازدى شۇنداق:
سۆڭەكلىرىم
ئېقىپ بارار كەڭ دالىلاردا.
سەن كۆرگىلى بارغىن بۇ چاغدا.

ماقۇل دېگىن
ئازابلارغا قىلغىن سەن تاقەت

كېزىپ چىققىن پۈتۈن شەھەرنى
ئۈندىمەي پەقەت
ئاشۇ مالچىنى
سەن قۇتقۇزۇپ قالارسەن بەلكىم
يا ئەمرىڭگە ئالارسەن بەلكىم
ئىككى تال شام يېقىپ ھۇجراڭغا
ئۇ ئايلىنىپ قالدۇ ماڭا.

باغرىمدىن ھەممە بەختنى تاپىمەن.
قىزىل لالىنى، قوي مۈڭگۈزىنى،
ھەرە كۆنىكى، قىپقىزىل لەۋنى
ئاق پاقلاندەك بىر جۈپ ئەمچەكنى.
ساڭا نەزمە ئوقۇپ بېرىمەن:
ئالتۇن قۇياش ئۇنىڭ بېشىدۇر.
ياۋا گۈللەر ئۇنىڭ شېئىرى.
ئاشۇ چاغدا، ئاشۇ كېچىدە
بەلكىم دەپمۇ قالارمىز شۇنداق:
قۇياش ياۋا گۈلنىڭ بېشىدۇر.
ياۋا گۈللەر قۇياشنىڭ شېئىرى.
ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا دىلى بار
ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا كۆڭلى بار.

## بوغدايلىق

بوغداي نېىننى يەپ چوڭ بولغانلار
تاۋاق تۇتۇپ تۇرار ئايدىڭدا
تاۋىقدا جىمىرلايدۇ ئاي

جىمىرلايدۇ ساپسېرىق بۇغداي
چىقارماستىن ھېچبىر ئۈن ـ سادا

ئىككىنچىلارغا ئوخشمايمەن ھېچ
كۆيلىگەندە بۇغدايزارلىقنى
ئاينى قوشۇپ كۆيلەيمەن يانا

ئۇچۇپ ئۆتتى ئون ئىككى توخۇ
بۇغدايلىقتىن ئاپپاق ئايدىڭدا
بەزىلىرى چىشلەپ بۇغداينى
بەزىلىرى سىلىشىپ ساما

سۆيگەندى مېنى ئاي نۇرى
خامان بېقىپ ياتسام داق يەردە
يۇرتىمىزنىڭ كەپسىز شاملى
يۇرتىمىزنىڭ ئاپپاق بۇلۇتى
يىغىشتۇرۇپ قاناتلىرىنى
ئۇخلاپ قالغاندى مۇرەمدە

دولقۇنلىغان ئالتۇن باشاقلار
داستىخنى بۇندا جەننەتنىڭ
ئورما پەسلى بۇ
سۈتتەك ئايدىڭ ۋە ئالتۇن باشاق
يۇيۇندۇ بىلەنگەن ئوغاق

مەن بىلىمەن، ئايمۇ بىلىدۇ
چارچاپ كەتسەك لايدىنمۇ بەتتەر

جانان بۈگۈن ئۈياتچان شۈنچە
باشاققىمۇ سالمايدۇ نەزەر

بۈگدايلىقتا كۆيۈشكەنلەر بىز
رەقىب بىلەن يارىشىۋالدىم
قول بېرىشىپ ئورما كۈندە
ئىشنى بىللە تۈگىتىپ سوڭرە
ئۈخلاپ قالدۇق ئايدىڭ كېچىدە
شۈكۈر قىلىپ تەقدىر - قىسمەتكە
ھەمنۇن بولۇپ خوتۇنلىرىمىز
ئاق رومالدا سۈرتتى قولنى
يۈيۈنماقتا زېمىن ئايدىڭدا
باشلاپ ماڭدۇق ئۆز يولىمىزغا
بابىلۇننى، نىل دەرياسىنى
خۇاڭخېنى ھەم پەرزەنتىمىزنى
تىك چوققىلار قونغان ئارالدا
تۈزلەڭلىكتە، ئىككى قىرغاقتا
قولىمىزنى يۇيۇپ پاك - پاكىز
تەييارلاندۇق كەچلىك تاماققا

ئارىمىزدا بۇلۇڭلار بىللە
سۆزلەپ بېرەي مۇنداق ھېكايەت
ئاق كۆڭلىدە يوقتۇر ھېچ ھەسرەت
ئايدىڭدا بار ئىككىيلەن پەقەت
بىرى گاداي، بىرى باي ھەزرەت
يېرۇسالىم بىلەن نيۇيورك
ۋە يەنە مەن

ئۇچىمىز ئۇلپەت
چۇشىمىزگە كىردى بۇغدايلىق ــــ
شەھەرلەرگە شۇ قەدەر يىراق
تېرەكلەرگە ئورالغان كۇجۇم
ساغلام بۇغدايلىق
ساغلام بۇغدايلار
بىزنى باققان بۇغدايلار!

## كۆز يېشى

ئاخىرقى چوققىدا قىزاردى ياپراق
تاغلار نامرات بالىنىڭ كۇل رەڭ ئىتىدەك
ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى تۈنى
قان ئىچىگە يىقىلدى بىراق
ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى تۈنى
نامرات بالا قايتتى ئۆيىگە
كۆزىدە ياش، قولىدا چىراغ
ئۆلدى ھەممە سەپەر ئۇستىدە
ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى تۈنى
بىر سەھرادا يۇرتىدىن يىراق

قاۋاقخانىغا يۆلەنگەن بىراۋ
سورايدۇ تۇپراققا كۆمۈلگەنلەرنى
ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى تۈنى
سورايدۇ كۇل رەڭ ئات ئۆلدى كىم ئۇچۇن...
قانغا بوياپ جىمىكى يەرنى

چىراغ كۆتۈرۈپ قايتتىمۇ ئۇلار
كۆز روھى ئۇلارغا بولدىمۇ ھەمراھ
بوراندەك يۈگرەيدۇ دوزاخ يولىدا
ئۇلار تىرىكمۇ ۋەياكى ئەرۋاھ

شۇ ئەرۋاھ مەن ئۈچۈن ئىچىپ روجەكنى
تاشلاپ بىرەرمۇ كونا شېئىرنى
ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى تۈنى
مەن ئەمدى زىنھار يازمايمەن سىنى

## ئىككى كەنت

تىنچلىق بىلەن ئىشق تولغان كەنت
شېئىر تولغان كەنت
تۈشمۇتۈشتا گۈللىرى جەۋلان
ئانا قويندەك گۈزەل رەيھان كەنت

ماي ئېيىدا دولقۇنلار ئېغىز
ئاق قۇلىرى تاشلاپ كەنتى پەر
جىمجىت ھەمدە يېگانە شۇ كەنت
بىرى ئالدىدا، بىرى كەيندە
پۈشكىن مەن بىلەن تۇغۇلغان يەر

غۇر - غۇر شامال كېزەر كەنتلەرنى
كېزەر خەيزىنىڭ كەنتنى ئۇزاق
شامال كېزەر شامال كەنتنى
شۇ قەدەر ئىللىق، شۇ قەدەر يىراق

بىر - بىرىنى يورۇتار يۇلتۇز
ئانا كەنتتە پۇشكىن بىلەن مەن
جانان بىلەن بىلىققا شائىر
ئۇخلىغان يامغۇر تامچىلىرىدا
تامچە ئۆزى ئۆلدۇ ئاخىر!

كېچە، كەنتنى كېزىدۇ شامال
ئولتۇرار كەنت قارا گۆھەردەك
ئىككى قىرغاقتا ئۇخلار ئىككى كەنت
خەيزىنىڭ كەنتى ئۆلۈمدىنمۇ بەك

## شىمالدىكى ئورمان

تۇخۇمەك ئېچىلىپتۇ تاغ باغرىدا
يول بېسىپ كەلدۇق يىراق - يىراقلاردىن
ياتىمىز توقايلىقتا سۇنايلىنىپ
كۆڭۈلنى يايرىتىدۇ گۈگۈم پەيزى
چوققىلار خىيال كەبى قالسا جىمىپ

تۇخۇمەك گۈللىرىنى ئۈزۈۋالدۇق
چاچار ئۇ قولىمىزدا خۇشبۇي پۇراق
خۇش پۇراق كېلەر زېمىن ئاھلىرىدىن
تۇرىدۇ ھېلىمۇ ئۇ چېكىپ پىراق

شىمالنىڭ گۈگۈمى بۇ باھاردىكى
ياپيېشىل تۈن يېپىنغان گۈل - گىياھلار
ئاخىرقى قىزغۇچ بۇلۇت ئۈيۈپ قالدى
چۈنكى ئۇ ئارچىلارنى كۆرۈپ قالدى

تاغلاردا قارىغاي، تېرەك ھەم تۇخۇمەك
ئۇلتۇرۇپ گۇگۇملاردىن سۆيۈندۇ
ئېھتىمال ئىككىمىزنىڭ گۇگۇمى بۇ
كۆپ ئۆتمەي قاراڭغۇغا كۆمۈلدۇ

## قىزىلگۈل

قىزىلگۈل ھەسەلدەك شېرىن تەنلىرىڭ
قىزىلگۈل كېچىدەك يەلپۈنگەن چېچىڭ
يۆگەپتۇ قاردەك ئاق ئەمچەكلىرىڭنى

قار قوۋۇق
قار قوۋۇق سىرتىدا قارغا كۆمۈلگەن
ئىككى كۈمۈش جام
قار روجەك
قار روجەك ئىچىدە ئىككى قىزىلگۈل
ئىككى قىزىل شام
ئۆزىنى ئۆرتەپ تۆگىدى تامام
سۈمۈرۈپ تۆگەتتىم ئوتتەك شارابىنى
جىرىڭلاپ تۇرىدۇ ئىككى كۈمۈش جام
چۈشەندىم، ئاق كۆكسۈڭ ھەسەل تەنلىرىڭ
يازنىڭ ئوتىدەك
باھار تىنىقىدەك
قۇچىقىمغا تاشلىنىدۇ تەڭ
قۇياش ھەرىلىرى
تۈن شارابىغا ئۆزىنى ئاتقاندەك
بولسەن پارسىنىڭ ئېرەمبېغىغا
قايتىپ بارغاندەك

شىرازدا مىلىڭ يىللاپ ياشايسەن ئەي تەن
قىزىلگۈل تەنلىرىڭ ھەسەل ياكى قەن

## كۆز

جەسەت سۆڭەكلىرىمىزدە
يازدۇق ساھىلغا
سېنى ئەي باھار،
بوۋىمىزنى يۇدۇپ ئاتلاندۇق
ئۇزاق سەپەرگە
ئۇزۇلدى نىشان
شېئىرىمىزغا كىردى سىغدىلىپ
يىرتقۇچلاردەك ۋەھىمە پاتمان

كىمنىڭ ئاۋازى يېتىدۇ كۇزگە
ئۇزۇلمەي ياڭراپ
كۆمگىلى جەسەت سۆڭكىمىزنى
يېتىپ كەلدى كۇز
رەھىم قىلماي سوغۇق نەزەردە
يېتىپ كەلدى كۇز.

## كۇز كۇنلىرى

ئېلىپ كەلدىڭ سۇ، شاراب، ئاشلىق
چەكسىز كەتكەن كۇزنىڭ قوينىدا
يوپۇرماقلار ئۇخلار زېمىندا
مەي باغلىشىپ پىشتى مېۋىلەر
چىقارماستىن ھېچبىر ئۇن - سادا

يەر بېغىرلار كۈمۈش ئورغاقلار
مول ھوسۇلغا تولغان يايلاقلار

كۈز سۇلىرى ئۆرلىدى كۆككە
مېۋىلەرگىچە
پىشقان مېۋىلەر ئوخشار ئەمچەككە

## كۈز

مول - ھوسۇلنىڭ سېۋىتى
جەننەت سېۋىتى
مېۋىلەرگە تولغان لىقمۇلىق
كېسەل كارىۋىتىغا يۆتكەن ئەرەبلەر
ياكى دەريالار
مەڭگۈلۈك يېزىق

چۈشلىرىدە كۈيلەيدۇ بېلىق
سەھرا ۋە كەنتلەر
ئايرىلدى سۇ شەكلىدىن
ئايرىلدى ھەم قولىدىن
ئەكس سادا
مول ھوسۇلغا تولغان جۈپ سېۋەت
بىر - بىرىگە ئوخشار نىھايەت
قول بىلەن ئەمچەك.

## كۈز ئاخشىمى

يالقۇنلارنىڭ ئۈچىدا
پاتقان كۈننىڭ تاپانلىرىدا

چەكسىز گۆگۈم ئۈز ۋە مۇقەددەس
پىشتى كۆزنىڭ پىغانلىرىدا

چۆكتى قۇياش، كۆيمەكتە زېمىن
ئۆركەشلەپ كەلمەكتە قىپقىزىل ئۇپۇق
ئىنسان بەك ئۇلۇغ
ئىنسان ياشايدۇ ئۆمرىدە تولۇق
قاراڭغۇنى ئايرىغان چىراغ
ئۇزاق ئۆمۈر تىلەر پۇقرالار
كەلسە كېچە چېكىپ مىڭ پىراق

قاڭقىيدۇ ئوت كۆيگەن ئېگىز چوققىدا
كۆتۈرۈپ ۋاقتىنىڭ چاڭلىرى مېنى
ھېچ كىشى زاكىغا قايتسۇن دېمەيدۇ
يا سۆيۈپ ئۆمۈرنىڭ چاڭلىرى مېنى

ئەجەبمۇ ئازابلىق بۇ گۆگۈم بىراق
ئارزۇلار بوغۇلدى، كېچە بەك ئۇزاق
تومۇرلار كېسىلدى
كۈن كەتتى قاناپ

ئاشىقلار دىلىغا چۈشمىسۇن ھىجران
مۇھەببەت ساقلانسۇن ئەبەدىلئەبەد
ۋە ياكى لىپ قىلىپ ئۆچسۇن شۇ زامان
ئۇنى تىلىغا ئالمايمەن پەقەت
ئۆتمۈشنى قايتا ئالمايمەن تىلغا
مەيلى ئۇ خۇشاللىق بولسۇن يا ئازاب
تۇغۇم يا ئۆلۈمگە ھەمراھ ئەمەس ئۇ
بىر گۆگۈم گۈزەلدۇر ھەم ئالىيجاناب.

# چىراغ

چىراغ ئۈستىدە ئولتۇردۇق
نۇرلارغا تولۇپ
چۈشىمىزدە گىرەلەشتى بىلەكلەر
بۇغدايلىققا ئۇچۇپ كەتتى بىزنىڭ داستىخان
بىز ئولتۇرغان چىراغنى چاقىردى چولپان

چىراغ يىلىنجار
گۈزەل، ئىللىق ھەمدە سارغۇچ قار
توي قىزىنىڭ ئالتۇن چىچىنى
يېپىنىپ ياتار

(چىراغ
تەنھا بىر ئۆزۈك
پۇتۇك يالاڭ ئاياغ
غىل - پال كۆرۈپ قالىمىز ھەر ۋاق)
سىنىڭ ئىسمىڭ قولۇمدا
چىراغ

چىراغ
ئاي ئۈستىدە يانغان كۆز
ھەم يۈرەك

چىراغ
جىلغىلارغا مۆكۈنگەن
شىمالدىكى
چوققىدىكى بۇغدايلىققا مۆكۈنگەن

ئەي چىراغ
بۇغدايلىقتا ئۈچۈپ كەتتى، بىز
جۇش كۆرگەن ئۆيلەر
سۆيگۈ ئىزهار قىلغان جام
شىرە ئۈستىدە
يېلىنغان ھەم ۋەدە بەرگەن لەۋ
شۇ يانغان چىراغ

چىراغ
كىچىككىنە گۈزەللىك
ئىللىقلىق
بىر ئىسىم
مېنىڭ سىرلىرىم
يېشى كېلىنچەك
شۇ يانغان چىراغ

چىراغ
ئەتىكى قاردىكى يېشى كېلىنچەك
ھۇجرىسىدا ئولتۇرار تەنها
سەن نېچۈن يالاڭ ئاياق
نېچۈن چىقىرىپ قىزىل بارمىقىنى
توي كۈننى قىلسەن يىراق.

ئەرەب قوملۇقىدىكى مەھەللە

مەھەللە
توغرا يېرىم قالمىدى بۈگۈن
ئولتۇرىمەن مەھەللە چېتىدە.

ھېچكىم تۇرماس بولدى ۋەدىدە.
جىمىرلايدۇ
ئارتىۋالغان ياغلىقتا يۇلتۇز.
گۇگۇم قوينىدا
ئەرەب قۇملۇقىدىكى مەھەللە.
غەربكە باقساڭ چەكسىز قارلىق تاغ.
شەرققە باقساڭ بىپايان دېڭىز.

مەھەللە.
ئۆتۈپ كەتتى مارت،
ئۆتۈپ كەتتى ئاپرېل.
ئۆتۈپ كەتتى كۆزدىكى سۆھبەت،
مۇشۇ كۈندە بول ماڭا ئۇلپەت.

مەھەللىدە يورۇپ قالدى تاڭ
يايلاقلاردا تۈن تۇلپارلىرى
سۇرمەيدۇ زۇۋان
بىر كۆرۈشسەك، قىسقىرار بىر كۈن.

مەھەللە.
ئولتۇرسەن
كىچىككىنە تۆپىلىكتە سەن.
كونا ئامبارىدىكى شېئىردا.
يەنە كەلدى تۇغۇلغان شۇ كۈن.
ئۇچۇپ كەلدى
ئۇزاق يىللىق
قەدىناس بىر ئات.
ئۇزاق يىللىق
ساقايماس يارا.

مەھەللە.
بىر تال شامنى ياندۇردۇق
كۆل بويىغا جەم بولدۇق
ئۆلۈپ بولۇپ، ھايات چاغدەكلا.
كۆيدۇ شام جىمجىت ۋارقىراپ
تىنىق سۇلار تۇرار شارقىراپ
يايلاق بىلەن ساھىبجامالنى
كۆرگەن ئەما شام يورۇقدا
كەتتى ۋارقىراپ.

مەھەللە.
تۇغۇلغان كۈندە
چىرايلىق ئايال مەھبۇس سەن گويا
يۇرتۇڭدىكى خاماندا
ئولتۇرغان تەنھا

كېچە بولۇپ قالدى مەھەللىدە
نېمىشىدۇر
ئۇنتۇپ قالدىم تاغنىڭ ئۈستىدە.
كېچىدىكى پەرىستان
مەھەللىمۇ تۇرار يانمۇيان.

ئۇخلاپ قالدى خاماندا
ئاچا ـ سىڭىللار
ھېچ كىشى يوق
جاھاندا

يورۇپ كەتتى تاڭ
تۇنەپ چىققان كىشىلەر
ماڭدى سىرلىق مەھەللە تامان.

## خاتىرە

ئاچا، بۈگۈن كېچە دېلىنخادا مەن.
كېچە قاپلىغان
ئاچا،
بۈگۈن كېچە پەقەت باياۋان

ئولتۇردۇق يايلاقنىڭ چېتىدە تەنھا
كۆزلەردىن ئازابلىق يېشى تۆكۈلەر
ئاچا، بۈگۈن كېچە دېلىنخادا مەن
بۇ يامغۇردىكى قاقاس بىر شەھەر

بىز ئۆتكەن، بىز قونغان ئاشۇ دېلىنخا
بۇ كېچە تەنھا
بىلسەڭ ئۇ بىردىنبىر ئاخىرقى يايلاق
بىلسەڭ ئۇ ئاخىرقى بىرلا لىرىكا

قايتۇرۇپ بەردىم تاشنى مەن تاشقا
زەپەرگە زەپەر يەنە كۆچمەكتە
بۇ كېچە ئارچا مەنسۇپتۇر ئاڭا
جىمى مەۋجۇدات يەنە ئۆسمەكتە.

بۇ كېچە ئىلكىمدە گۈزەل باياۋان
سېنىلا ئويلايمەن ئەي، جېنىم ئاچا،
خىيالىمغا كىرمەس ھېچ ئىنسان.

## شىزاڭ

شىزاڭ،
يېگانە بىر تاشسەن ئاسمانغا تولغان

ھېچبىر كىچە مېنى ئۇخلىتالمىغان
ھېچبىر تاڭ مېنى ئويغىتالمىغان

يېگانە بىر تاشسەن ئاسمانغا تولغان
ئۆتسمۇ يىللار مىڭ ـ مىڭلاپ
پەقەت ئۆزۈمنىلا سۆيگەن مەن ھامان
يېگانە بىر تاش ئۇ ئاسمانغا تولغان
قىلمىدى كۆز يېشى مېنى يا رەيھان
ياكى بىر پادىشاھ زەر تەختىراۋان.

## يىراق

يىراق
يىراقتىن باشقا يوقتۇر ھېچنىمە
يىراقتىكى ئارپىلىق
ئارپىدىن باشقا يوقتۇر ھېچنېمە

تېخىمۇ يىراق يېگانە يىراق
يىراقتىن باشقا يوقتۇر ھېچنېمە

ئۇچۇپ كەلدى يېنىمغا بىر تاش

تاش، ئۆسۈپ چىقتى قان
تاش، ئۆسۈپ چىقتى يەتتە قىزلىرىم

تۇرار قاغجىراپ كەتكەن يايلاقتا
ئۇ چاغدا مەن يىراقتا ئىدىم
ئۇ چاغ ئەركىن ۋە نامرات ئىدىم.

تۇتقىلى بولماس بۇ ئۇز جانانىنى
تۇتقىلى بولماس بۇ قىزىل قانىنى

تۇتقىلى بولماس
يىراقتىكى بەخت ـ ئارمانىنى

يىراقتىكى بەخت، ئازابلىق بەخت.

## چىغخەي كۆلى

كىم ئۇچۇن كۆتۈردى
مەغرۇر قەدەھنى
تاقىر ئېگىزلىك

كىم ئۇچۇن كۆتۈردى
قۇش بىلەن توزنى
ئاسمانلارغا تىك

تەنها بارماقلاردىن سىيرىلدى دولقۇن،
ئاق قۇش ئارىلى،
ئويۇنىدۇ توپلىشىپ يىراق سەھرانىڭ
مەينەت باللىرى.

مەغرۇر بىر قەدەھ
چىغخەي مەلىكسى
باسساڭچۇ يۇمشاق باغرىڭغا مېنى
مەن شۇنچە نامرات، شۇ قەدەر قاقاس
شۇ قەدەر ناپاك
قاردەك ئاپپاق بىر جۈپ قانىتىڭ
بىر دەقىقە بەختكە تەققاس

ئۈچۈپ كەلدىڭ قۇياش قوينىدىن
يېشىل مەلىكە
ئەي، چېكەتكەي كۆلى
كۆكتىكى قارىسمان قۇشقا ئايلاندى
شائىرنىڭ يېگانە شۇ بىر جۈپ قولى.

## ئاخىرقى كېچە بىلەن بىرىنچى كۈنگە يېزىلغان شېئىر

بۈگۈن كېچە سېنىڭ قارا چاچلىرىڭ
قىيادىكى جىمجىت قارا تۈن گويا
پادىچىنىڭ ئاق قار كەبى قويلىرى
بېسىپ كەلدى كېچىدىكى ئايرودۇرۇمغا

ئۇخلاپ قالدى كېچە مەندىن كۆپ بۇرۇن
قارا كېچە پەيغەمبەرنىڭ يارىسى
سەن مېنىڭ يارام
قويلار ۋە گۈللەر
قىيا تاشنىڭ يارىسى

قارلىق تاغلار قارلىرىدا قورشىدى
ئايرودۇرۇم كېچىسىنى ئاقارتىپ
قارلىق تاغنىڭ ئىلاھ قىزى يەيدۇ يىرتقۇچنى
كېيەر گۈللەرنى
بۈگۈن كېچە توقسان توققۇز قار باسقان چوققا
جەننەتتىنمۇ كۆرۈندى ئېگىز
ئۆتتۈم ئۇيقۇسىز

# كېچە ناخشىسى

شوتىدىكى كېچە ناخشىسى
جەننەتتىكى كېچە ناخشىسى
كېچە ناخشىسى كۈيلىدى مېنى
تاشلاپ قويۇپ ئوقيانى،
سىزىپ چىقتىم يانباغرىنى
قۇياش قويۇپ قويدى ئوقيانى
كېچە سىزدى يانباغرىنى

بىر توپ گاچا
بېشىدا زىندان
كىيىۋېلىپ كىشەن ۋە ئوتنى
يانباغرىدا ئولتۇرار ئاخشام
بىر توپ گاچا
ئېيتار كېچە ناخشىسىنى توۋلاپ
ئېيتقىنى مېنىڭ كېچە ناخشام
مېنىڭ كېچە ناخشام بۇ
ئاشۇلارنى كۈيلىگەن
كېچىلەرنى كۈيلىگەن
ئاشۇ سىرلىق ئوتۇننى
جەننەتتىكى ئوتنى كۈيلىگەن

كېچە شۇنچە ياش ھەمدە سىرلىق
ئوخشايدۇ ئازاب ـ كۈلپەت ئوتىغا
ئوخشار ئازابىنىڭ قارا ئوتىغا
ئۆزىنى ئۆزى كۆرمەيدىغان ئوت
كېچىدىكى ناخشام بۇ مېنىڭ

كىمنى كېچە قوچاقلاپ مەھكەم
ئولتۇردۇ كېچە تەكتىدە
كۆيمەكتە ئۇ بولۇپ قاپقارا

كىمنى كېچە قوچاقلاپ مەھكەم
ئولتۇردۇ شۇ قەدەر قىزغىن
ئولتۇردۇ ئۆرتىنىپ كۆلدەك
ماگا ھەيران بولۇپ قارايدۇ
كېچىدىكى ناخشام بۇ مېنىڭ
جەننەت ئارا ئولتۇرۇپ
شوتىلاردا ئولتۇرۇپ
باقار چەكسىز يايلاققا
قايسى شاھقا مەنسۇپ ئۇ
ئاتلار
قويلار
ئالتۇن ئۇچلۇق ئوقيالار
چەكسىز كەتكەن ئالتۇن چېدىرلار
شۇنچە قاقاس، شۇنچىلىك غېرىب
كۈيلەر مېنىڭ كېچە ناخشامنى

## كېچىدىكى ئاي

ئورمانلارنى قايرىپ
قويۇپ قويدى چىراغقا قۇياش
قىپقىزىل قانى
ئولتۇرىمەن سەھرادا
كىشلەر ياشاپ تۇرغان سەھرادا
سۇرمەي زۇۋانى

ھەممە ئوخشار ئەسلىگە
ھەممە بولۇر مۇجەسسەم
ئىنسانلارنىڭ چىراي ئەپتىگە
ھەممە كۈلپەت ھەم بەختسىزلىك

ئوخشايمەن بىر قۇدۇققا
ئەۋلادلارغا بۇرۇنقىلار كولىغان
ھەممە كۈلپەت ئاشۇ سىرلىق،
خىلۋەت سۇغا باغلانغان.

## ئانامغا

### 1. شامال

شامال شۇنچە ئۇز
مېۋىلەرمۇ ھەم
شۇ قەدەر ئۇز ئىزغىرىن شامال
تەبىئەتنىڭ ئەمچىكىمۇ ھەم

سۇ شۇنچە ئۇز
ھېچكىم سەن بىلەن
مۇڭداشقىلى كەلمىگەندە ئۇز

ئۆيۈڭدىكى كونا ئىشىكنىڭ
يۆگەپ تۇرغان نامراتلىقمۇ ئۇز

يايلاقلارنى كەزمەكتە شامال
يېشىللاشتى، ئاتىنىڭ سۆڭىكى

## 2. بۇلاق

بۇلاق، بۇلاق
تەبىئەتكە سەن ئېغىز
ھەم يېشىل ئانا
تېنىك بىلەن گۈللىرىڭ بىلەن
قىيا تاشنى
باش سۆڭكى بىلەن قەدەھنى
ئۆزۈڭ يۆگىگەن

## 3. بۇلۇت

ئانا،
ياشىنىپ قالدىڭ،
ئاقاردى چېچىڭ
ئەمدى ئالغىن سەن ئارام
يانباغىردا ياتقان شۇ ئوغلۇڭ
گويا توقايدىكى جىمجىت سۇ
شولىسىدا ئاقماقتا ئاسمان

بۇلۇتلارنى كۈيلەيمەن
سۈزۈك يامغۇر تامچىلىرىدەك
نازىنىنلارنى گۈزەل ئىزھارنى
ئاشىقلارغا يېزىلغان شېئىرىم
چېكەلمەس ئەمدى يۈرەك تارىنى

بۇلۇتلارنى كۈيلەيمەن
يېتەرمەن دەپ ئاخىر بەختكە

جىمىكى پاك ئىنسانلار بىلەن
جەم بولغاندا بېهىش ـ جەننەتكە

## 4. قار

ئانام سەھرادىكى پاكار ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ مېنى ئويلايدۇ
شۇ ئورۇندۇق قار باسقان بىزنىڭ ئۆگزىگە ئوخشايدۇ
ئۆگزىسىدە ئانامنىڭ
ئەتە سەھەردە
تاڭ نۇرلىرى پارلايدۇ
كۆرسەم دەيمەن سېنى جان ئانا
قاراپ تۇرساڭ توشقان ئامبارغا
پۈتلىرىڭنىڭ ئاستىدا گۇگۇم
بىلمەن قېرىلىق سېنى مارايدۇ.

## 5. تىل ۋە قۇدۇق

تىل دېمەك ئانا
هامان سۆزلەيدۇ،
تەجرىبە دەرياسىنىڭ قاسناقلىرىدا
هادىسە دەرياسىنىڭ قاسناقلىرىدا
چىرايلىق ئايالغا ئوخشايدۇ گۈللەر
زەن سالغان قۇلاق ۋە ئوتلۇق شېئىرغا
تولدى هەممە يەر
تىڭشايدۇ ئازابقا تولغان سۇلارنى
سۇ شارقىرار يىراقتا.

## لى تىڭ

*لى تىڭ 1954 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1982 ـ يىلى غەربىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. ئۇ «نۇر گېزىتى»دە مۇخبىر بولغان. كېيىن مەركىزىي تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەش مەركىزىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئەدەبىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ سېنارىيە ۋە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.*



### قەشقەر، سۆيگۈ، ئاتا

قولۇمدا بىر شېئىر توپلىمى،
ئىگىسىنى ئىزدەپ شېئىرنىڭ
ساڭا مەپتۇن بولدۇم ئەي، قەشقەر.

ئەزىزانە قەشقەرنىڭ يازى،
ھەممە ئىشلار كۆڭلۈمگە ئايان،
ئۇ يىراققا قىلغانغۇ سەپەر.
كۆڭلۈم تىنىم تاپماس زادىلا،
ئاختۇرىمەن ئاتام ئىزىنى،
سىيماسىغا تولغان ھەممە يەر.

ئەي، قەشقەر،
ئالتۇن رەڭلىك قۇملۇقلىرىڭدىن
گۈلگە تولغان باغلارغا قەدەر
تىنىقلىرى كېلەر ئاتامنىڭ،
ئىمزا قويغان قەلەمدىن ئەنبەر.
ئۆركەشلەيدۇ توپىلىق يوللار،
يۈرىكىمدىن تامغان ياشلىرىم
يامغۇر بولۇپ ئۇندا تۆكۈلەر.
شائىر ئاتا،
سېنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن،

كەلدىم مانا ئۆتۈپ ئوتتۇز يىل،
ئىزلىرىڭنى كۆرسەتتى قەشقەر.
قوللىرىمدىن يېتىلەپ مېنىڭ،
كېزىپ چىقتىڭ قەشقەر قويىنىنى،
سەن سۆيگەنتىڭ ئۇنى شۇ قەدەر.

شاماللاردا،
گۈل ـ گىياھلاردا،
بازارلاردا،
كوچىۋم باغلاردا،
ھەربىر جۈملە ئۇيغۇر تىلىدا،
ئون ئىككى مۇقامنىڭ سادالىرىدا،
گۈزەل شېئىر تۇيغۇلىرىدا،
دىدارلاشتىم سەن بىلەن ئاتا،
ئېقىپ سۆيگۈ دەريالىرىدا.

جان ئاتا،
ئوقۇپ چىقتىم يېنىش ـ يېنىشلاپ

شېئىرلىرىڭنى،
شېئىرلىرىنى
قەشقەرنىڭ ھەم ئۈيغۇرنىڭ،
شېئىر كەبى قەشقەرنى،
شېئىر كەبى ئۈيغۇرنى،
ماڭا ئۇ كەۋسەر.

## كارۋان

توپا توزۇپ تۇرغان سېپىللار،
ئۆركەشلەيدۇ ئالۋۇن ئىچىدە،
كۆرۈنمەيدۇ رومانتىك يوللار.

كىرىپ كەلدى قۇملۇققا كارۋان،
سىڭىپ كەتكەندەك ئۆتمۈشكە بۈگۈن.
چۆپ يېسەڭمۇ مەغرۇردۇر بېشىڭ،
ھەردەققە، ھەربىر قەدىمىڭ
شۇنچە سالماق، شۇنچىلىك ئېغىر،
خۇشلاشقاندەك كۆرۈنەر نېچۈن؟
ساڭا قاراپ چىدىيالمايمەن،
ئۈندىمەيسەن نى ـ نى ئازابقا
ئۆزگىلەر ۋە خۇشاللىق ئۈچۈن.

## ئىدىقۇتتا گۈگۈم

قىيمىغاندەك قەدىم قەلئەگە،
كۈجۈم مەلكە،
سۇرۇلمەكتە نىل رەڭلىك سايە.

كۆرۈندۇ كۆزلەرگە غىل ـ پال،
غۇۋا ئىزلار، كىرىشكەن قوللار،
ناخشا ئېيتقان ناتونۇش تىللار.

يالقۇن بولۇپ ياندى قىلىچلار،
شاد كۈلكىلەر يوقالدى بىردىن.
قان ئىزلىرى ئايلاندى تۈنگە،
خارابىنى كېزىپ ئىزغىرىن.

ھەسرەت بىلەن شۇ قەدىمىي ئەل
غايىب بولدى سۇبھى ئالدىدا.
دەريا قۇرۇپ، كۆيدۈرسىمۇ كۈن،
ئۈندەپ كەلدى ئۈنى سەپەرگە
«ياشا!» دېگەن قۇدرەتلىك سادا.

ئۆچكىنى يوق ئىزگۈ تىلەكلەر،
باللارنىڭ ئىڭراشلىرىدىن
مويسىپىتلەر سېزەر بىر ئارمان.
ئەنە، يىللار ھالقىلىرىدا
يېنىپ تۇرار سۆيگۈدىن گۈلخان.

گۈگۈم چۈشتى دېمەڭ بۇ ئەلگە،
بولغىنى يوق سەپىرى تامام،
ياشاش، گۈللەش قىلماقتا داۋام.

## تىرىك تاش

يىمىرىلدى، سويۇپ ئېلىندى،
قىيالاردىن شۇ سەبىي تاشلار.

تەئەججۈپلۈك كۆزلەرنى كۈتۈپ،
ئۇ پەرۋاسىز جىمغىنا ياتار.
مۇزبىيدىكى ئەينەكلىك تاۋۇت،
ئۇ ئۇخلايدۇ خىيالغا پېتىپ،
تەبىئەتتىن خالىي ئۇ ئەمدى،
يامغۇر، بوران ئۆتمەيدۇ چېقىپ.
دەلىللەشلەر ئاڭا بەردى جان،
ئىنسان ھوقۇقىدىن قىلىپ بەھرىمەن.

مەھكۇم بولماس ئەمدى ئۇ قايتا،
نادانلىقنىڭ ئازابلىرىغا.
تاشلانمايدۇ قانغا بويىلىپ،
جاھالەتنىڭ خارابىلىرىغا.
يىراقلاردا قالدى ئۇ قىسمەت —
قىستاپ كەلگەن شىددەتلىك ئۆلۈم؛
تىكەنلىكتە يالڭاچ چېپىپ،
ئىزلار قېتىپ قالغان قىزىل قۇم.

يارالغاندەك بۈيۈك تېۋىنىش
بوۋاق گويا بولدى تەۋەللۇت،
قىيقاس سېلىپ ئاشۇ بىر مىنۇت.

تۈيغۇ يامرار تىرىك تاشلاردا،
تارام - تارام قورۇقلار ئارا
قاراڭغۇ غار بولىدۇ ئايان،
شولا تۆكۈپ ئۆتكەندە قۇياش

بالقىپ چىققان ئۇچقۇنلار گۈلخان،
يانىدۇ ئۇ تېخى كۆپ زامان.

## چۆلدىكى بوستان

شۇنداق قەيسەر مۆجىزىدۇر بۇ،
تېشىپ چىقتى يەرنىڭ باغرىنى
ھاياتلىقنى قىلدى نامايان.

كۆكلەپ كەلدى ئەسىرلەر بويى
قورشىسىمۇ ۋەھشىي قۇم - بوران.

باغاش ئەتتى ئۇنى ھۆر ھايات،
باياۋاندىن كۆتۈرگەندە باش.
ئۆلۈك تۇپراق يىمىرىلدى چاك - چاك،
قۇش ئۇرغاندا ئىنتىلىش — ياشاش.

ئۆركەش ياساپ ئاقتى قار - مۇزلار،
نەلەرگىدۇر قاچتى باياۋان،
قۇچاق ئاچتى ياپيېشىل بوستان.

كەلدى ئىنسانلار،
قۇچاقلاشتى تەبىئەت بىلەن،
چېچىپ سۆيگۈ ئۇرۇقلىرىنى
جاكارلىدى: «چۆللەرگە ئۆلۈم
خىرىس قىلماس ئەبەدىي» دېگەن.

## قوشۇمچە

# پابلو نېرۇدانىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى

شۇ تاپتا مەن ناھايىتى ئۇزاق بىر مۇساپە، يەنى يەر شارىنىڭ يەنە بىر يېقىدىكى شۋېتسىيەدىن ئىنتايىن يىراق، لېكىن مەنزىرىسى ۋە يېگانىلىكى بىلەن شۋېتسىيەگە تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر جايدىكى ساياھىتىم ئۈستىدە توختىلىمەن. ئۇ دەل يەر شارىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي ئۇچىغىچە سوزۇلغان ۋەتىنىم چىلى. چىلى سوزۇنچاق بولۇپ، بىر ئۇچى جەنۇبىي قۇتۇپقىچە تۇتىشىدۇ. شۇڭا، ئۇ يەر شەكلى جەھەتتە يەر شارىنىڭ شىمالىي ئۇچىدىكى شۋېتسىيە بىلەن تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ۋەتىنىمنىڭ بۇيۇكلۇكىگە قارىتا مەندە ئۇنتۇلۇپ قېلىشقا ئازلا قالغان بىر تەسىرات بار. ئۇ چاغلاردا ئارگېنتىنا بىلەن چىلىنىڭ دۆلەت چېگراسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ئاندىس تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەنىدى. بۈك - باراقسان ئورمانلار بىلەن قاپلانغان، يېقىن يولىماق تەس بولغان بۇ رايون خۇددى تونېلدەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. بىز خۇپىيانە ھەرىكەت قىلىۋاتقاچقا، ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان بەلگىلەرگىلا تايىنىپ ئىلگىرىلەيتتۇق. مەن ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن بۇ سىرلىق ئورمانلىقتا تۆت ھەمراھىم بىلەن بىللە دەل - دەرەخ، گىرانىت تاشلار، ئادەم ئۆتەلمەيدىغان دەريا -

ئېقىنلار ۋە كۆلـتۈك قارغا ئـوخشاش تەبىـئىـي تـوسالغۇلارنـى ئارقىدا تاشلاپ، ئېھتىيات بىلەن ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلىدۇق. ئورمانلىق ھەمراھلىرىمغا بەش قولدەك تونۇش ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار مېنى ئامان - ئېسەن ئاپىرىپ قويۇش، قايتىشىدا ئېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يول بويى دەرەخلەرگە ئورغاق بىلەن بەلگە سېلىپ ماڭدى.

بىز ئېيىتقۇسىز بىر تەنھالىق ئىچىدە كېتىپ باراتتۇق. غايەت زور دەل - دەرەخلەر، يوگىمەچ ئوت - چۆپلەر، شاخ ۋە دەرەخ غوللىرى يولىمىزنى توسۇپ ياتاتتى. بىز مانا مۇشۇنداق يېشىل ۋە ئاق رەڭلەر ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن تىمتاسلىق ئىچىدە كېتىپ باراتتۇق. ئەتراپ ئادەم ئەقلىنى لال قىلىدىغان تەبىئەت، قەھرىتان سوغۇق، ئاپپاق قار ۋە ئىزىمىزغا چۈشكۈچىلەرنىڭ ۋەھىمىلىرى بىلەن تولغان، يالغۇزلۇق، خەۋپ - خەتەر، سۈكۈنات ھەم زېمىمىزنىڭ مەجبۇرىيەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەنىدى.

يولدىن ئېزىپ قالغانلار ۋە قاچقۇنلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى ئاندا - ساندا ئۇچراپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قەھرىتان قىشنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدا جېنىدىن جۇدا بولغاندۇ. چۈنكى، ئاندىس تاغ تىزمىلىرىدا دائىم قار كۆچۈپ تۇراتتى، يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى قېلىن قار ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالاتتى.

يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئىپتىدائىي خارابىلىكلەردە خۇددى ئادەملەر ياساپ قويغاندەك نەرسىلەر كۆزۈمگە چېلىقتى. بۇ نەرسىلەر تالاي قەھرىتان سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرگەن، زامان - زامانلاردىن بۇيان مۇشۇ يەرگە كېلىپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمىگەن نۇرغۇن سەيياھلار ئۈچۈن دۆۋىلەپ قويۇلغان شاخ - شۇمبىلار بولۇپ، شۇ تاپتا كىشىنىڭ كۆڭلىگە مۇسىبەت قايغۇسىنى سېلىپ، يامغۇر سۇلىرى ئىچىدە ئەبەدىي ئۇيقۇغا كەتكەن ياغاچ قەبرىلەردەك كۆرۈنەتتى. ھەمراھلىرىم

بېشىمىزغا ساڭگىلاپ تۇرغان دەرەخ شاخلىرىنى تىوختاۋسىز كېسىپ باراتتى. ئاشۇ زور بەرجەس دەرەخلەردە قىش جۇتلىرى كېلىشتىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە تال يوپۇرماقلا قالغانىدى.

يەنە بىر دەريادىن ئۆتتۇقكە توغرا كەلدى. ئاندىن تاغلىرىنىڭ چوققىلىرىدىن باشلانغان تارام - تارام ئېقىنلار شىددەت بىلەن ئېقىپ شارقىراتمىلارنى ھاسىل قىلاتتى - دە، يەستىكى گىرانىت تاشلارنى پارچىلاپ ئېقىپ كېتەتتى. ئەينەكتەك تىپتىنىچ چوڭ سازلىق يولىمىزنى توسۇۋالدى. ئاتلار سازلىققا چۆشۈپ ماڭا - ماڭمايلا پاتقاققا پاتقىلى تۇردى. مېنىڭ ئېتىم سۇغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. ئۇ بېشىنى سۇدىن چىقىرىۋالماقچى بولۇپ ھە دەپ تىپىرلايتتى. مەنمۇ ھېچبىر تايانچىسىز ھالدا سۇدا لەيلەپ قالغانىدىم. مەن مىڭبىر مۇشەققەتتە قىرغاققا چىقتىم. يول باشلىغۇچى دېھقانلار كۈلۈپ تۇرۇپ مەندىن سوراشتى:

«قورقتىڭىزمۇ، ئەپەندىم؟». «ۋاھ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! مەن ئەمدى تۈگەشتىم دەپ ئويلىغان» دېدىم مەن. «بىز ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ ئارقىڭىزدىنلا ئەگىشىپ كەلدۇق» دېدى دېھقانلار.

ئارىدىن بىرەيلەن يەنە گەپ ئارىلىدى: «مېنىڭ بوۋاممۇ ئەنە شۇنداق چۆكۈپ كەتكەن، شۇڭا ئەمدى ئۇنداق ئىشنىڭ يەنە يۈز بېرىشىگە قاراپ تۇرمايمەن.»

بىز داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، تەبىئىي شەكىللەنگەن بىر تونېلغا كىرىپ قالدۇق. بۇ بەلكىم توسۇلۇپ قالغان دەريا تاشقىنىنىڭ قورام تاشلارنى تېشىپ ئۆتتۈشىدىن، يا بولمىسا يەر پوستىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. تونېل ئىچىدە ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا ئاتلار مۈدۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار ھە دەپ ئېگىز - پەس تاشلار ئارىسىدىن پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك يەر تېپىپ ماڭماقچى

بولۇشاتتى. ئات تۇياقلىرىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپتتى. مەن بىرنەچچە قېتىم ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشۇمدىن كەتتىم. ئېتىمنىڭ بۇرنى ۋە پۇتلىرىدىن قان كەتتى. ئۇستىباشلىرىم لاي - پاتقاق مىلەنگەنىدى. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا بۇ ئۇلۇغۋار، پارلاق ۋە مۇشكۈل سەپىرىمىزنى داۋام ئەتتۇق.

بۇ قويۇق ئورمانلىقتا بىزنى قانداقتۇر بىرنەرسىلەر كۆتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بەزىدە تاغ ئېتەكلىرىدىكى كۆركەم قىرمىلارنى، سۇپسۈزۈك ئېقىنلار، ياپيېشىل ئوتلاقلار، جۇلالىنىپ تۇرغان دالا گۈللىرى ۋە تىنىق ئاسمان، كۈچلۈك قۇياش نۇرلىرىنى غىل - پال كۆرۈپ قالاتتۇق.

بىز خۇددى تىلسىماتلىق بىر دۇنياغا، يەنى «مۇقەددەس» بىر قەسىرگە كىرىپ قالغان كىشىدەك بىردىنلا ئورنىمىزدا تۇرۇپ قالدۇق. دېھقانلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ خۇددى مۇراسىم ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك ئۆكۈزنىڭ باش سۆڭىكىنى يەرگە قويدى، ئاندىن بىر - بىرلەپ كېلىپ باش سۆڭەككە مېتال پۇل ۋە يېمەكلىكلەرنى تاشلىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدۇم. يولدىن ئېزىپ قالغۇچىلار ۋە تۇرلۇك قاچقۇنلار بايقاپ قالالىغۇدەك قىلىپ، باش سۆڭەكنىڭ كۆز ئويۇقىغا ئاتقان بولكا ۋە باشقا سەدىقىلىرىمنى سېلىپ قويدۇم.

بۇ ئۇنتۇلغۇسىز مۇراسىم مۇنداقلا ئاياغلاشقىنى يوق. مېنىڭ سەھرالىق دوستلىرىم بۆكلىرىنى ئېلىشىپ غەلىتىلا ئۇسسۇل ئوينىشىپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ خىل غەلىتە، چۈشىنىكسىز ھەرىكەتلىرىگە قاراپ مۇنداق بىر غۇۋا چۈشەنچىگە كېلىپ قالدىم: «ناتونۇشلار ئارىسىدىمۇ بىر خىل رىشتە بولىدۇ. دۇنيادىن بىخەۋەر، چەت، ئادەمزات ئايىغى باسمىغان بۇ يىراق جايدىمۇ غەمگۈزارلىق، ئۇمىد - ئىستەك ۋە چۈشىنىش مەۋجۇت ئىكەن.»

مەن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ۋەتىنىمدىن تولىمۇ يىراق جايدىكى دۆلەت چېگراسىغا يېقىن كەلگىنىمدە، قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغانىدى. بۇ چاغدا بىز ئوت يورۇقىنى كۆردۇق. قارىغاندا، يېقىن ئەتراپتا ئادەم باردەك قىلاتتى. يېقىنلاپ بېرىۋىدۇق، ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان بىر كونا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ يوغان دەرەخنىڭ غولى كۆيۈۋاتقانىكەن، كېچە - كۈندۈز توختىماي يېنىۋاتقان ئاشۇ يالقۇندىن كۆتۈرۈلۈپ ئۆگزىنىڭ يېرىقلىرىدىن قىسىلىپ چىقىۋاتقان تۈتۈنلەر تۈن قوينىدا قېلىن يېشىل لىباستەك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئاشۇ يەردە ئىشلەنگەن پىشلاقلار دۈۋىلىنىپ تۇراتتى. بىرنەچچە ئەر ئوت يېنىدا خۇددى تاشلاپ قويۇلغان تاغاردەك جىمجىت يېتىشاتتى. تىمتاسلىق ئىچىدە ئوت يېنىدىن كېلىۋاتقان گىتار ئاۋازى بىلەن ناخشا ساداسىنى بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدە تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتۇق. بۇ ناخشا سۆيگۈ - مۇھەببەتكە بولغان ئىسەدەشنى، يىراقتىكى باھارنى، يۇرت جۇدالىقى ۋە كىشىلىك ھاياتقا بولغان چەكسىز قايغۇنى ئەسلىتەتتى. مەن بۇ قاچقۇنلارنىڭ كىملىكىنى بىلمىدىم. بۇرۇن ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمۇ ماڭا قاراڭغۇ ئىدى. ھالبۇكى مېنىڭ شېئىرلىرىم ۋە ئىسمىممۇ ئۇلارغا نامەلۇم. بىز ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىشتۇق، تەك غىزالاندۇق. كېيىن بىز بۇ ئۆيدىن چىققىنىمىزدا، بىر ئارىشاك سۆيىنىڭ بىرنەچچە ئۆينى ئارىلاپ ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزىمىز چۈشتى. بىز ئۆزىمىزنى باسالماي يانارتاغدىن ئېقىپ چىققان بۇ ئىسسىق سۇغا ئۆزىمىزنى ئاتتۇق.

بىز سۇدا ھۇزۇرلىنىپ چۈمۈلدۇق. بىر - بىرىمىزگە سۇ چېچىشىپ ئويناشتۇق. سەپەر ھاردۇقىمىز چىقىپ قايتىدىن تۇغۇلغاندەكلا يېنىكلىشىپ قالدۇق. تاڭ يورۇدى. بىز روھىمىز كۆتۈرەڭگۈ ھالدا ئېتىمىزغا مىندۇق - دە، ناخشا ئېيتقاچ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە كىلومېتىر يولنى تۈگەتمەكچى بولۇپ يول

ئالدۇق. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىز يولغا چىقىدىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىغا، يېمەكلىكلىرىگە، ئۆيلىرىگە يەنە كۆتۈلمىگەن ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت ئېيتىپ بەرگەن ئازراق پۇلىمىزنى ئۇلار زادى ئالغىلى ئۇنىماي: «بۇ ئانچىكىملا بىر ياردەم، ئۇنچىلىك جۇۋاپ كەتمەڭلار» دېيىشكەنىدى. بەلكى، بۇ قىسقىغىنا سۆزگە چوڭقۇر مەزمۇن يوشۇرۇنغاندۇ ياكى بۇ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى چۈشىنىش، ياكى بولمىسا چۈشتۇر.

ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر!

مەن شېئىرنى كىتابتىن ئۆگەنگەن ئەمەس، شۇڭا كېيىنكى شائىرلارغا بىرەر تەكلىپمۇ بېرىش خىيالىم يوق. مەن شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ يەردە، ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتكەن، لېكىن ئېسىمدىن چىقمايدىغان بىر ئىشنى پۈتۈنلەي ماس كەلمەيدىغان بىر سورۇنغا كۆتۈرۈپ كېلىپ سۆزلەپ ئولتۇرىمەن، بىز كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۇزاق مۇساپىلىرىدە ھەمىشە دېگۈدەك ئاجايىپ ئىشلارغا، كۈتۈلمىگەن ۋە دەل ۋاقتىدا بېرىلگەن ياردەملەرگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىمىز ئۈستىدە سۆزلىمەكچىمەن. بۇ خىل ياردەملەرنىڭ ئەسەر تېمىسى بولالىشى ناتايىن، بىراق ئۇ ئۆز - ئۆزىمىزنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

ئالايلۇق، مەن بۇ سەپىرىمدە، شېئىرىي ئېلېمېنتلارنى ئۇچراتتىم، زېمىن بىلەن ئىنسان روھىدىن ئاجايىپ مەنىۋى بايلىقلارغا ئىگە بولدۇم. مەن مۇنداق بىر تەسىراتتىمەن: شېئىر يېزىش ھەش - پەش دېگۈچە بولغان دەقىقە ئىچىدىكى كەسكىن بىر ھەرىكەت، ئۇ تەنھالىق بىلەن باغلىنىشچانلىقنى، ھېسسىيات بىلەن ھەرىكەتنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئۆزىگە، ئىنسانىيەتكە يېقىن بولغان، تەبىئەتنىڭ سىرلىق ئىلھامىدىن تۈزۈلگەن تەگداش قۇرۇلما. يەنە مەندە مۇنداق بىر ئېتىقادمۇ پەيدا بولغان: ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ئوبرازى، ئىنسان بىلەن تەبىئەتتىكى

شېئىرىي تۇيغۇ، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ھەرىكىتى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاۋۇيدۇ، بارا - بارا كېڭىيىپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىدۇ. شۇنداقلا چوڭ بىلەن رېئاللىقنى بىزنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىق ھەرىكەتلىرىمىزدە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى، شېئىرىي تۇيغۇ ئاشۇ نەرسىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ. ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىتتىك ئاقىدىغان ئېقىن سۇلار، كالىنىڭ باش سۆڭىكى ئەتراپىدا ئويناپ ئۇچىدىغان ئۇسسۇللار ۋە ئېگىزلىكتىكى بىز يۈگۈرگەن سۇپسۇزۇك سۇلار، ماڭا قالدۇرغان تەجرىبە - ساۋاقلار زادى باشقا كۆپچىلىك كىشىلەرگە يەتكۈزۈلگەن چۈشەنچىمۇ ياكى باشقىلار ماڭا يەتكۈزگەن ئۇچۇرمۇ؟ بۇنىسى ئۆزۈمگىمۇ قاراڭغۇ. ئاشۇ مىنۇتلاردا كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەن شېئىرىي مەنزىرىلەر ۋە كېيىنكى كۈنلەردە ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغان تۇيغۇلار مەندە ئەزەلدىنلا مەۋجۇتمىدى ياكى ئۇ بىر خىل شېئىرىي تۇيغۇمۇ؟ بىردەملىك نەرسىمۇ ياكى ئەبەدىيلىكمۇ؟ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن!

ئەپەندىلەر، بايا مەن تىلغا ئالغان نەرسىلەر دەل شائىر باشقىلاردىن ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغان نەرسىلەردۇر. ئۇنى ھەممىلا نەرسىدىن تاپقىلى بولىدۇ. جاھاندا غالىب كېلىدىغان تەنھالىق مەۋجۇت ئەمەس، ئاخىر ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاددىي ئۇسسۇللار ئوينىلىپ ۋە ھەسرەتلىك ناخشىلار ئېيتىلىپ تۇرىدىغان ئاشۇ مۇقەددەس جايغا يېتىش ئۈچۈن يالغۇزلۇق ۋە ئازابتىن، غېرىبلىق ۋە سۈكۈناتتىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. بۇ ئۇسسۇل ۋە ناخشىلار ئادەم بولۇش تۇيغۇسى، تەقدىرگە ئىشىنىشتىكى

ئەلمىساقتىن تارتىپ كىلىۋاتقان قائىدە - يوسۇنلار بىلەن تولغان.

ئەمەلىيەتتە ئاز ساندىكى بىرنەچچىلا كىشى ياكى كۆپچىلىك كىشىلەر مېنى مەزھەپچىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك ئادەم دەپ قارايدۇ، ئۇلار دوستلۇق ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ يۇملاق ئۈستىلدە مەن بىلەن بىللە ئولتۇرالمايدىغانلاردۇر. مەنمۇ ئۇلارغا ئۆزۈمنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايمەن، چۈنكى ئەيىبلەش ۋە ئاقلاشلار شائىرلىقتىن مۇستەسنا ئىشلاردۇر. ھەرقانداق بىر شائىر شېئىرىيەتكە يۈنىلىش بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئەگەر شائىرلار ھە دەپ بىر - بىرىنى ئەيىبلەش ياكى ئاقلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ ھەرقانداق باھانە - سەۋەب كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، مەن بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چۈشەندۈرۈشىدىكى شۆھرەتپەرەسلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ قارايمەن.

شېئىرىيەتنىڭ رەقىبلىرى مۇنداق شۆھرەتپەرەسلىكنى ھىمايە قىلىدىغان ياكى ياقلايدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى شائىرلار ئارىسىدىكى بىردەكلىك پسىخىكىسى يېتەرسىز بولغان كىشىلەردىن چىقىدۇ. شۇڭا، شائىر ئۇچۇن ئېيتقاندا، دەۋرنىڭ خاتىرىسىدىن ئۆچۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىدىن چەتتە قالمايدىغان ئىشتىن باشقا قورقۇنچلۇق دۈشمەن بولمىسا كېرەك. بۇ ھەرقانداق بىر دەۋر، ھەرقانداق دۆلەتتە ئوخشاش.

شائىر ئىلاھ ئەمەس، شۇنداقلا باشقا تىرىكچىلىك ۋەياكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەردىنمۇ ئارتۇق ياكى سىرلىق قىممەتكىمۇ ئىگە ئەمەس. مەن بۇرۇنمۇ ئېيتقاندىم: ئەڭ ئېسىل شائىر ھەر كۈنى بىزنى بولكا بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان، ئۆزىنى قىلچىمۇ «ئىلاھ» سانىمايدىغان بولكا ساتقۇچىلاردۇر. بۇ كەمتەر كىشىلەر دۇخوپكىدا بولكا پىشۇرۇپ

بىزنى تەمىنلەشنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋەزىپىسى دەپ تونۇيدۇ. شائىر ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى باشقىلارغا سۇنىدۇ. بىزنىڭ كۈندىلىك مېھنەتلىرىمىزگە دىلكەشلىكنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل مىسلىسىز كۆرەشكە ئاتلانغان شائىرلارلا قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن بولسا، ۋىنو ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل تۇيغۇلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولالايدۇ ھەمدە ئاشۇ ئاددىي كىشىلەر بېسىپ ئۆتكەن يولدا ماڭغاندىلا، ئاندىن ھەرقايسى دەۋرلەر مەھرۇم قىلغان گۈللىنىش ۋە مەردانىلىكنى شېئىرىيەت دۇنياسىغا قايتۇرۇپ كېلەلەيمىز.

ھەقىقەتكە يېتىمەن دەپ تالاي خاتالىقلارنى سادىر قىلغان بولسامۇ، بۇ ئىككى خىل ئىجادىيەت مۇساپىسى مېنى ئەدەبىياتنىڭ مۇشكۈل چوققىسىغا باشلاپ ئاچىقالمايدۇ ھەمدە ماڭا يېتەكچىلىكمۇ قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە، مېنىڭدە ئۇنداق بىر ئۈمىد تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. مەندە شۇنداق بىر تەسىرات باركى، ئەگەر بىز ئۆز مەيلىمىزگە بېرىلىپ ئەپسانە ۋە خىيالىي توقۇلمىلارنى توقۇۋەرسەك، بىز ياراتقان ۋە ياراتماقچى بولغان ئوبرازلار ئاقىۋەتتە بىزنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئىلگىرىلىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىزنى رېئاللىق ۋە رېئالىزم يېتەكلەۋاتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزگىرىشچان يوللارنى ناھايىتى ئېنىق تونۇپ يەتتۇق. يەنە تېخى ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ياراتقانلىرىمىزنىڭ ئۆز - ئۆزىمىزنى خاراب قىلىدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى كېچىكىپرەك تونۇپ يەتتۇق. بىز ئۆز - ئۆزىمىزگە يۈك قىلىۋالغان رېئالىزمنىڭ تاشتىنمۇ قاتتىق ۋە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئەمدىلەتىن تونۇپ يېتىۋاتىمىز. بىز ئىشلىرىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەرنى ئەمەلىيەتتە تېخى ھازىرلانمىغان نەرسىلەر دەپ

قارىماقتىمىز. ئەگەر بىز باشقىلار چۈشىنەلمەيدىغان ياكى ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا چۈشىنەلەيدىغان ھەمدە يەكلىملىككە ئىگە سىرلىق ئوبرازلارنى ياراتساق، شۇنىڭدەك رېئاللىق ۋە رېئاللىقتىكى چۈشكۈن نەرسىلەرگە كۆز يۇمساق، ئامالسىزلىق دۇنياسىدا قاملىپ قالىمىز، يوپۇرماقلار، لاي - لاتقىلار ۋە سازلىق بويلىرىدىكى كۆلتۈك قارلار ئىچىدە تېگىرقاپ قالىمىز، زورۇقۇش ۋە يىمىرىلىش ئۈمىدسىزلىكىدە ھالىمىزدىن كېتىمىز.

بولۇپمۇ بىپايان لاتىن ئامېرىكىسىدىكى يازغۇچىلار «بۇ زور بوشلۇقنى قان - گۆش بىلەن تولدۇرايلى» دېگەن چوقانلارنى كۈندە دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتىنى ئەسلىرىگە ئېلىشىدۇ. ئاھالىسى ئاز، لېكىن رەزىللىك، ئاسىيلىق ۋە قايغۇ - ھەسرەت بىلەن تولغان بۇ زېمىندا بىز ئۈچۈن دۇنياغا تەنقىدىي نەزەر بىلەن تىكىلىش كەم بولسا بولمايدىغان مەجبۇرىيەت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە غۇلاپ چۈشكەن تاش ئابىدىلەر ئارىسىدا، بىپايان ئوتلاقلارنىڭ سۈكۈتلۈك قوينىدا، قېلىن ئورمانلاردا، غەزەپلىك شاۋقۇنلاپ ئاقىدىغان دەريا - ئېقىنلاردا ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋاتقان ئۆتمۈشنى ئويغىتىش مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز. بۇ قۇرۇقلۇقتا تىمتاس ئۇيقۇدا ياتقان نۇرغۇن جايلار بار. بۇ يەرلەرنى تىل بىلەن ئاۋۇندۇرماي، تولۇقلىماي بولمايدۇ. مەن ئۇنداق پارلاق ۋە ئىشلارغا بەكمۇ قىزىقىمەن. بۇلار ئانچىكىم ئىش بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇلارنى بۈگۈنكىدەك ھالەتكە ئەكەلگەن ۋە مەۋقەگە ئىگە قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان دەپ قارايمەن. مېنىڭ بۇ مۇبالىغىلىرىم، كۆپلىگەن ئەسەرلىرىم ۋە ماختاشلىرىم ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى تەقەززا بولۇۋاتقان نەرسىلەر ئالدىدا ھېچنېمىگە

ئەرزىمەيدۇ. لېكىن، مەن ھەربىر ئەسىرىمنىڭ كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان بولۇشىنى ھەمدە ئۇلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ھەربىر شېئىرىمنىڭ ئەمەلىي خىزمەتلەرگە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىماقتىمەن.

مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن، شائىر ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە كېڭەيتەلەيدىغانلا بولسا، ئەھمىيىتى قانچىلىك ئەرزىمەس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تۇرمۇشىمىزغا، كىشىلەرنىڭ ياشاش پوزىتسىيەسىگە پايدىلىقلا بولىدىكەن، مەن ئۇنى قوللايمەن. مەن سەلتەنەتلىك دەۋر، يېگانە نۇسرەت، شەرەپلىك مەغلۇبىيەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋاقىتىمدىلا شۇنداق ئىرادىگە كەلگەنىدىم. ئامېرىكا جەڭگاھلىرىدىكى چاغلىرىمدا ئۆزۈمنىڭ ئادەملىك بۇرچۇمنى ئىسسىق قېنىم، روھىم، قىزغىنلىق ۋە بارلىق ئۈمىدىمنى ئېيتىشىم كېرەكلىكىنى چۈشەنگەنىدىم. چۈنكى، يازغۇچىلار بىلەن خەلق پەقەت مۇشۇ قايناق ئېقىملار ئىچىدىلا يېڭىلاش ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلالايدۇ. مەيلى باشقىلار بۇ خىل كۆزقارىشىمغا قارشى چىقىپ غۇلغۇلا قىلىشسۇن ياكى مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى خالىغان تەرزدە ئوقۇسۇن، ھەتتا پۈتۈنلەي ساۋاتسىز بولۇپ ئوقۇشقا ئامالسىز قالسۇن ھەمدە ماڭا خەت يازالمىسۇن، مەن پەقەت ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، مۇستەقىل ھالدا ئورنىدىن دەس تۇرغان ئادەم بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ بىپايان ھەم ئېچىنىشلىق مەملىكەتتە شۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيان، بىز جىنايەتلىك بىر مىللەتنىڭ بەختسىز ھاياتىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلدۇق. بۇ مىللەت تاش ۋە مېتاللار بىلەن ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان ئاجايىپ ھەيۋەت مۇنارلارنى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئەتىۋارلىق نەرسىلەرنى

يارىتالىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نەرسىلەر ئۆزىنىڭ جەننەتتەك غۇبارسىز تۇپرىقىنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ۋەھشىيانە ھاقارىتى ۋە بۇلاڭچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرالمىدى.

شۇڭلاشقىمۇ كۆرەش ۋە ئۈمىد ئاللىقاچان بىزنىڭ قىبلىنامىمىز بولۇپ قالغان. بىراق، بۇ بىرلا ئادەمگە خاس بولغان كۆرەش ياكى ئۈمىد ئەمەس. ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان ھۆرۈنلۈق قىلىش، خاتالىق ئۆتكۈزۈش ۋە جاپا تارتىشتىن مۇستەسنا بولماي كېلىۋاتقان بارلىق كىشىلەر ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ تەقەززاسىنى ھېس قىلدى. مەن ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدىكى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان فېئودالىزمنى مەلۇم بىر ئۇسۇل ئارقىلىق ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان بولسام، ئۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ قالغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاجىزمەن. ئەگەر مەن ۋەتەننى ئويغىتىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولالمىسام، شۆبىتسىيە ماڭا بەرگەن بۇ شەرەپ ئالدىدا يۈز كېلەلمىگەن بولاتتىم! نېمىشقا نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار زۇلمەت ئىلاھىنىڭ ئامېرىكا خەلقىگە تاڭغان ھاقارەتلىك نام ۋە تالان ـ تاراجلىق ئۆتمۈشلەرنى رەت قىلالىدى؟ بۇلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ خەرىتىسىنى، كۆپ ئۆزگىرىشچانلىققا دۇچ كېلىۋاتقان، شۇنىڭدەك چەكسىز بوشلۇقنى ئوراپ تۇرغان كائىناتتەك كەڭرى بۇ زېمىننى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

مەن مۇشكۇل مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئۆزۈمگە يول قىلىپ تاللىۋالدىم. خۇددى قۇياش سىستېمىسى قۇياشنى مەركەز قىلىپ دەۋرلىنىك ئايلىنىۋەرگەندەك، شەخسكە تەكرار ـ تەكرار چوقۇنۇۋېرىشتىن كۆرە، خاتالىشىپ تۇرىدىغان، جەسۇر ۋە قەتئىي تىركىشەلەيدىغان دەۋرنىڭ خاتا تۇيغۇسى ۋە

كۆرەڭلەرچە خاراكتېرىگە ئىگە بولغان، لېكىن كۆنبويى تىنىمسىز ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان بىر قوشۇنغا چوقۇنغان تۇرۇپ، شۇڭا مېنىڭ شائىرلىق بۇرچۇم، مېنىڭ شائىرانە مەجبۇرىيىتىم خۇش پۇراق گۈللەر، لەرزان كۈي - ناۋا، شېرىن مۇھەببەت، يۇرت سېغىنىشلىرىنى ئىپادىلەش ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى شېئىرلىرىم ئارقىلىق ئىنسانىيەت بىلەن جاپالىق ئەمگەكنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىق تۈيغۇسىغا مەدھىيە ئوقۇشتۇر.

ئىلگىرى بەختسىز، لېكىن بۈيۈك بىر شائىر ئۆتكەنىدى. ئۈمىدسىزلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۈمىدسىز بۇ شائىر بۇنىڭدىن يۈز يىل مۇقەددەم بىزگە مۇنداق دېگەن: «بولدى بەس، چېقىلدى سەۋر قاچىمىز، ۋاللىدايدۇ قوللاردا قورال. شامۇ سەھەر ھاياتلا بولساق، قىلىمىز شەھەر - بازارنى ئىشغال.»

رىمبونىڭ بۇ ھۆكۈمىگە بولغان ئىشەنچىمگە قىل سىغمايدۇ، چۈنكى مەن زۇلمەتتىن كەلدىم، خەتەرلىك يەر شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن پارچە - پارچە بۆلۈنۈپ كەتكەن دۆلەتتىن كەلدىم. مەنمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان شائىر، مېنىڭ شېئىرلىرىم ئازابلىق، قىرتاق ھەم يەرلىك پۇرىقى كۈچلۈك، بىراق مەن ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شېئىرلىرىم ۋە روشەن بايرىقىمنى ئېلىپ بۇ يەرگە كەلدىم.

ئاخىرىدا ئاق كۆڭۈل، ئىشچان شائىر ئەپەندىلەرگە شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، كېلەچەك رىمبو ئېيتقان ئاشۇ مىسرالارغا يىغىنچاقلانغان، يەنى «بولدى بەس، چېقىلدى سەۋر قاچىمىز»... شۇندىلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق، ھەققانىي ۋە شانۇ شەۋكەتلىك، «شانلىق» شەھەر - بازارلىرىنى بويسۇندۇرالايمىز.

مۇشۇنداق شېئىرلارنىلا ھەقىقىي شېئىر دېگىلى بولىدۇ.

# كاشمودونىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى

مېنىڭ نەزىرىمدە شۋېتسىيە ھەربىر نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىدۇر. بۇ مۇكاپاتقا نائىل بولۇش ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ بىردىنبىر ۋە پارلاق شەرىپىگە ئىگە بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. دەرۋەقە، شۋېتسىيە پەقەت نەچچە مىليون نوپۇسقىلا ئىگە دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچىلىك باشقا بىر دۆلەت ئەھمىيەتلىك نەمۇنە دەپ قارىلىدىغان ۋە غايەت زور مەنىۋى، ئەمەلىي كۈچ - قۇدرەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇ مۇكاپاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەسىس قىلالمىدى ۋە يولغا قويالمىدى.

نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس، ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تۈرلۈك سىياسىي كۈچلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتىدۇ، يازغۇچىلار، شائىرلار ۋە پەيلاسوپلار ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە قۇدرىتىنىڭ سىمۋولىنى بىلىدۇ. ۋەھشىيلىك قاتىللىق قورالى ۋە مالىمانچىلىق ئىدىيەسى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلىشقا تامامەن قادىر.

ھازىر مەن ئۆزۈمنى شىمالنىڭ ئۇزاق زامان مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئارىسىغا قويدۇم. بۇ مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ مۇشەققەتلىك، ئەگرى - توقاي تەرەققىياتى جەريانىدا

ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا جان پىدا قىلغان مېھرىبان پىداكارلار بىلەن مۇرنى مۇرىگە تىرەپ بىرلىكتە جەڭ قىلدى؛ مانا مۇشۇ مەدەنىيەت ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا باي بولغان پادىشاھنى، خانىشنى يېتىشتۈردى، بۈيۈك شائىر، يازغۇچىلارنى مەيدانغا چىقاردى.

قەدىمكى ۋە ھازىرقى بۇ بۈيۈك شائىرلار ئۆزىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ ئالەمىدىكى شىددەتلىك ئېقىنلارنى، ئۇلارنى ئىزتىراپقا ۋە ئەندىشىگە سالغان ھەر خىل مەسىلەرنى ئەكس ئەتكۈزگەن. ئۇلار ھازىرقى كۈندە كەڭ ئىتالىيە كىشىلىرىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتتى. گەرچە بىز سكاندىناۋىيەلىكلەرنىڭ ئاجايىپ مەزمۇنلارغا باي، سىرلىق تۈپرىقىدا يىلتىز تارتقان بۇ شائىرلارنىڭ ئىسمىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشقا ئاجىزلىق قىلساقمۇ، لېكىن بۇ تاۋۇشلار يەنىلا شۇ قەدەر جاراڭلىق ۋە يېقىملىقتۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ نامى بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزغا چوڭقۇر نەقىش بولۇپ ئويۇلۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن بىزگە ئاڭلىنىۋاتقان لىرىك سادالار خارابلاشقان ياكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىستىلىستىكىنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان مەدەنىيەت ئاڭلاتقان سادالارغا قارىغاندا ئاجايىپ كەسكىن ۋە روشەندۇر.

مېنىڭ بۇ سۆزۈم قەستەن ئەمەس، ئۇنىڭدا ساھىبخانىنى ئۇستاتلىق بىلەن كۆككە كۆتۈرۈش غەرىزىمۇ يوق. بەلكى، ئۇ ياۋروپانىڭ روھىي خاراكتېرىگە ئېلان قىلىنغان ئوبزوردۇر. مېنىڭ بىلىشىمچە، شۋېتسىيە ۋە شۋېتسىيە خەلقى ئۆزلىرىنىڭ توغرا تاللىشى ئارقىلىق قەتئىي ئېغىشماستىن دۇنيا مەدەنىيىتىگە رىقابەت ئېلان قىلىۋاتىدۇ، دۇنيا مەدەنىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ.

مەن بۇرۇن شائىر ۋە يازغۇچىلار دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىشى كېرەك، دەپ ئېيتقانىدىم.

كىشىلەر بەلكىم بۇ كۆزقاراشنى پەقەت مۇئەييەن شارائىتتىلا ھەقىقەتكە ئايلىنالايدۇ، دەپ ھېسابلىشى، ھەتتا ئۇنى كۆرەڭلەرچە چىقىرىلغان ئەقلىي يەكۈن، دەپ كەسكىن ئېيتىشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى، بىز شائىرلارنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە ۋە باشقا رايونلاردا قوزغىغان غايەت زور تەسىرگە نەزەر سالىدىغانلا بولساق، كىشىلەرنىڭ بۇ كۆزقاراشقا نىسبەتەن تەشۋىشلىنىشى ياكى چىن دىلىدىن قايىل بولۇشتەك روھىي ھالەتلىرىنى چۈشىنىشىمىز قىيىنغا توختىمايدۇ.

كۆپچىلىككە ئايان بولغىنىدەك، شېئىر تەنھالىقتىن تۇغۇلىدۇ، شۇنداقلا تەنھالىقتىن چىقىپ ھەرقايسى تەرەپلەرگە ئۆزىنىڭ نۇرىنى چاچىدۇ، مونولوگدىن ئىجتىمائىيلىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ، لېكىن سوتسىئولوگىيە ياكى سىياسەتنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ كەتمەيدۇ. شېئىر يەنى لىرىك شېئىر بولغان تەقدىردىمۇ، ھەممىسى «سۆزلىشىش» دېمەكتۇر. ئاڭلىغۇچىلارنى شائىرلارنىڭ تېنى ياكى تەجرىبىسىدىن تاشقىرى قەلبى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇ بىر كىشى بولۇشىمۇ، يۈز مىڭلىغان كىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەكسىچە، ھېسسىياتنىڭ ئۆز - ئۆزىگە مەستانە بولۇپ كېتىشى پەقەت بىر دائىرىگە سولىنىپ قالغان مەنگىلا ئوخشايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان تارىخىي دەۋرلەردىكى باشقا كىشىلەر ئالىلقاچان قۇراشتۇرۇپ بولغان ئەپسانىلەرنى چىرايلىق قاپىيە ۋە ئاھاڭدارلىق ۋاستىسى ئارقىلىق قايتا تەكرارلاپ، خىيالغا كەلگەنچە ئويۇن چىقىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مانا بۈگۈن بىز دۇنيادىكى يېڭى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ماھىيەتلىك مېغىزى ئۈستىدە سۆزلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. مۇبادا بىز شائىرلارنى ماددىدىن تۈزۈلگەن بۇ دۇنيانىڭ مەركىزىگە ئۆزىنى قويىدى ھەمدە ئەكسى بولدى دەپ قارىساق، ئۇلار ئەقىل ۋە قەلبى ئارقىلىق بۇ دۇنيانى تاكامۇللاش-

تۇرۇۋېتىدۇ دېسەك، ئۇلار يەنە خەتەرلىك كىشىلەر دەپ قا-رىلامدۇ؟ گۇمان مۇنازىرىنىڭ سىمۋولى ئەمەس، بەلكى ھەق-قەتنىڭ قىسقارتىلغان ئىپادىسى. بۈگۈنكى دۇنيا شېئرىيەتنىڭ قارشى تەرىپىدە بىر تەرتىپ ئورناتقاندەك قىلىدۇ، شۇڭلاشقا شائىرلار ئاشۇ تەرتىپ ئۈچۈن جەزمەن بۇزۇپ تاشلىنىدىغان، يوقاتمىسا بولمايدىغان رەقىبكە ئايلىنىپ قالدى. شۇنداق بولۇ-شىغا قارىماي، شائىرلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى خۇددى شەپەق نۇرىغا ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ، كىڭىيىپ بارماقتا. مۇبادا ئەدەبىياتتا ئويۇنلۇۋاتقان ئويۇنلارنى ھەرقانداق ئىنسانىيەتنىڭ ھېسسىياتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش دەپ قارىساق، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جەۋلان قىلدۇرۇۋاتقان شې-ئىرىيەتتە بولسا، زىنھاركى، بۇنداق ئەھۋال ھەرگىزمۇ يۈز بەرمەيدۇ.

مەن باشتىن ـ ئاخىر ئۆز شېئىرلىرىمنى شىمالىي يېرىم شاردىكى كىشىلەر ئۈچۈن ھەمدە ئافرىقا نېگىرلىرى ۋە شەرقلىقلەر ئۈچۈن يېزىلغان دەپ ئويلايمەن. شېئىرنىڭ ئومۇميۈزلۈك قىممىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شەكلىدە، ئۇسلۇبىدا ياكى شېئىردىكى مۇپەسسەللىك كۈچىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككىنچى بىر تەرەپتىن، يەنى بىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن دەۋرداش بولغان باشقا كىشىلەر ئۈچۈن قوشقان ھەسسىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شېئىرنىڭ ئومۇميۈزلۈك قىممىتى مەلۇم كۆز قاراش ياكى بىر تەرەپلىملىك ئېتىكا ئاساسىغا قۇرۇلمايدۇ، ئەخلاقىي ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى تېخىمۇ ئاساس قىلمايدۇ، بەلكى بىۋاسىتە، كونكرېت بولغان ئۆزىگە خاس مۇستەقىل مەنىۋى مەيدانى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، گۈزەللىك قارىشى ماس كېلىشتىلا ئەمەس، بەلكى ماس كەلمەسلىكتىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ماس كەلمەسلىكمۇ ئوخشاشلا گۈزەللىكنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە ئېلىپ

چىقالايدۇ. ئويلاپ باقايلى، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق ۋە مۇزىكىدىن ئىبارەت بۇ سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئىستىتىكا، ئېتىكا ۋە تەنقىد قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلىرى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىشىدۇ، گۈزەللىككە بولغان زوقلىنىش، ئۇنى ئىنكار قىلىشتىكى ئاساسىنىڭ مىزانلىرىمۇ بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدۇغۇ؟ گىرېتسىيەنىڭ گۈزەللىكى ھازىرقى زامان كىشىلىرى تەرىپىدىن نابۇت قىلىندى. ھازىرقى زامان كىشىلىرى بىر خىل شەكىلنى بۇزۇش داۋامىدا يەنە بىر شەكىلگە ئىنتىلىدۇ، تۇرمۇشقا تەقلىد قىلىدۇ، ھالبۇكى بۇ خىل تەقلىد پەقەت تەبىئىي ھەرىكەت ھالىتىدىن ئىبارەت، خالاس.

شائىرغا كەلسەك، ئۇ تەبىئەتنىڭ بىردىنبىر ئاجايىپ گۈزەللىكلىرىنى بەرپا قىلغۇچىسى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تىلى ئارقىلىق، يەنى ئىنتايىن نازۇك ۋە يارقىن تىلى ئارقىلىق ئۆزى ئۇچۇن قەدەممۇقەددەم رېئال مەۋجۇتلۇق بەرپا قىلىدۇ. كىشىلىك ھايات تەجرىبىلىرى (ھېسسىي ۋە ماددىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى)گە دەسلەپتە كۆپ ھاللاردا ناتونۇش روھىي ئېزىقىشلار، ئاجايىپ گۈزەل كۆڭۈل تەڭپۇڭسىزلىقلىرى، شۇنداقلا خارابلاشقان مەنىۋى مۇھىت ئىچىدە بىخ سۈرگەن تېڭىرقاش ۋە پەرىشانلىقلار ئارىلاشقاندى، ئالىملار ۋە تەنقىدچىلەر شائىرلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى ئەزەلدىن تارتىپ «ئۆز قەلبىگە مەنسۇپ بولمىغان خاتىرىلەرنى يازدى»، «بىدئەت ئىلاھىيەت ئۈستىدە گەپ ئويناتتى» دەپ ئەيىبلەشتى، تەنقىدچىلەر يەنە ئۇ شېئىرلارنى «يېڭى ھۈنەر» بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ياساپ چىقىلغان بۇيۇملاردۇر؛ بۇ يېڭى ھۈنەر»، «يېڭى تىللار پەقەتلا مودا قوغلىشىدىغان يېڭى نەرسىلەردىنلا ئىبارەت؛ شائىرلارمۇ ئالاھازەل مانا مۇشۇ ئۇسۇلنى ۋاستە قىلىپ، تەنھالىق قورشاپ تۇرغان مۇزدەك شەيئىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كىشىلەرنى بۇ تەنھالىقنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى» دەپ كەسكىن ئېيتتى. بۇنداق قارىلىدىغان بولسا، شائىرلار ئىنتايىن رەزىل تەسىر

پەيدا قىلغان بولۇپ قالامدۇ؟ بەلكىم شۇنداقتۇر. چۈنكى، يېڭى شائىرنىڭ بىر پارچە شېئىرىنى ئوقۇش بىلەنلا ھەممە كىشىنىڭ چۈشىنىشى ۋە ئورتاق ساداسىغا مۇيەسسەر بولۇش مۇمكىنمۇ؟ ۋاھالەنكى نىرۋىلىرى زەئىپلەشكەن تەنقىدچىلەر ئون بەش پارچە ياكى يىگىرمە پارچە شېئىرنىڭ ھەقىقىيلىقىدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشىدۇ.

«ساپ بولۇش» دېگەن بۇ قاراشنى يەنىلا تەتقىق قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ سىياسىي جەھەتتە قاتتىق پارچىلىنىش بولۇۋاتقان بۇ ئەسىردە شائىرلار ئېغىر كۈلپەت ۋە غەيرىي ئىنسانىي تەقدىرگە دۇچار بولماقتا، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئېقىپ چىققان ئەسەرلەر دائىم دېگۈدەك خىيالىي داپسودىيە دەپ قارىلىپ، گۇمانلار بىلەن كۆمۈلمەكتە.

بۇ سۆزۈمنىڭ مەقسىتى بىر خىل شېئىرىيەت نەزەرىيەسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس ياكى مەلۇم بىر خىل ئېستېتىك ئۆلچەمنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى بۇ دۆلەتتىكى ئەڭ سۇباتلىق، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ئۈچۈن ئالىيجاناب تۆھپىلەرنى قوشقان زاتلارغا ھەمدە باياتىن مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، مانا ھازىر مەن ئۇنىڭ قوينىدا تۇرۇۋاتقان ئىككىنچى ۋەتەنگە چوڭقۇر سەمىمىي سالىمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر.

مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شۋېتسىيە پادىشاھى ۋە خانىش ئالىيلىرىغا، ۋەلىئەھد جانابلىرىغا، شۇنداقلا شۋېتسىيە خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە سالام، تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى ئىلىم بابىدا كامالەتكە يەتكەن ئون سەككىز نەپەر باھالىغۇچىلار مېنىڭ شېئىرىمنى مۇكاپاتلاشنى قارار قىلىپ، ئىتالىيەگە يۈكسەك شۆھرەت ئاتا قىلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن تارتىپ تاكى يېقىنقى ئەڭ يېڭى دەۋرلەرگىچە ئىتالىيەدە ئاجايىپ باي، رەڭگارەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەپەككۇر ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى، دەل مانا مۇشۇلارنىڭ ئۆزى بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۇل تېشىدىن ئىبارەتتۇر.

# برودىسكىنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى

(قىسقارتىپ ئېلىندى)

## 1



كۈچلۈك خاراكتېرگە ئىگە بىر ئادەم، يەنە كېلىپ بۇ خاراكتېرنى ھەرقانداق ئىجتىمائىي رولدىن يۇقىرى دەپ ھېسابلايدىغان بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىردىنلا مۇشۇ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى بايقىغاندا، ئەنسىزلىك ۋە خىجىللىق تۇيغۇسىدا بولماي قالمايدۇ.

بۇ خىل تەسىراتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى كۆز ئالدىمدا تۇرغان كىشىلەرنى ئويلىغانلىقىمدىن بولدى، دېگەندىن كۆرە، مۇشۇ خىل شەرەپكە ئىگە بولالمىغان، مۇشۇ مۇنبەردە «رىمغا ۋە پۈتۈن دۇنياغا نۇتۇق بايان قىلىش» پۇرسىتى بېرىلمىگەن كىشىلەرنى ياد ئەتكەنلىكىمدىن بولدى، دېگىنىم تۈزۈك. چۈنكى، ئۇلار بارغانسېرى سۈكۈت ئىچىگە غەرق بولۇپ، نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەردىن بىرەر تەسەللىگە ئېرىشىشنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئادەمنى مۇشۇ خىل مۇھتىقا ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان بىردىنبىر نەرسە ئاددىي بىر تونۇشقا كېلىشتىن

ئىبارەت. بۇ شۇنداق تونۇشتىن ئىبارەتكى، (ئالدى بىلەن ژانىر جەھەتتىكى سەۋەب تۈپەيلىدىن) بىر يازغۇچى ھەرگىزمۇ يەنە بىر يازغۇچىغا ۋاكالىتەن سۆزلىيەلمەيدۇ، بىر شائىر يەنە بىر شائىرغا ۋاكالىتەن سۆزلىيەلمەيدۇ؛ مۇبادا ئوسىپ ماندىلشتام ياكى مارىنا سۋېتايېۋا ياكى روبېرت فروست ياكى ئاننا ئاخماتوۋا ياكى ۋىستان ئاۋدېن مۇشۇ يەردە تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ياردەم بېرەلمىگەن بولار ئىدى، پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا سۆزلىگەن ھەم بىرئاز خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلغان بولار ئىدى.

ئاشۇلارنىڭ ئەرۋاھى ھەر دائىم مېنىڭ ئەتراپىمدا ئايلىنىپ يۈردى، بۈگۈنمۇ ھەم شۇنداق. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار سىزدىن مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. نۇرغۇن چاغلاردا مەن ئۆزۈمنى ئاشۇلارنىڭ يىغىندىسى دەپ قاراپ كەلدىم. گەرچە مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەرقانداق بىرسىدىن تۆۋەن تۇرسامۇ. مەيلى كىتابىي خاتىرىلەردە بولسۇن ياكى ئەمەلىي تۇرمۇشتا بولسۇن، مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئېشىپ كېتەلمىدىم. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تراگېدىيەلىك ياكى ئازابلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنى ھەرقاچان تەسىرلەندۈرۈپ كەلدى، مەن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق ئۆكۈنىمەن. مۇبادا ئىككىنچى قېتىملىق ھاياتلىق مەۋجۇت بولسا (مەن ھاياتلىقنىڭ ئەبەدىيلىك ئېھتىماللىقىنى ئىنكار قىلمايمەن، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن)، مۇبادا دۇنيادا ئىككىنچى قېتىم يارىلىش بولسا، ئۇلارنىڭ مېنى ھەم مەن سۆزلىمەكچى بولغان پەزىلەتنى چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن: چۈنكى قانداقلا بولسۇن، بۇ بىرلا ئادەمنىڭ مۇنبەر ئۈستىدىكى پەزىلىتى ئەمەس، بىزنىڭ بۇ كەسپىمىزنىڭ غۇرۇرى ئەنە شۇ مۇنبەر ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

باياتىن مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەش كىشىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇم، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۇلاردىكى نۇرغۇن نەرسىلەر مېنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بولمىغان بولسا، مەن بىر ئادەمنىڭ بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىرىم ناھايىتى ئاز بولغان بولاتتى؛ مەن ھەرقانچە قىلساممۇ بۈگۈن بۇ مۇنبەرگە چىقالمىغان بولاتتىم. ئەنە شۇ بۈيۈك ئەرۋاھلارنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ ياخشىلىرى بار ئىدى، ئۇلار نۇر مەنبەسىگە، چىراغقا، يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ. دەرۋەقە ئۇلار بۇ بەشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى ھەرقانداق بىرسىنىڭ ئالدىدا مەن سۆزلەشكە ھەقلىق ئەمەسمەن. ھەرقانداق بىر ئاڭلىق ئەدىبنىڭ تۇرمۇشىدا بۇ ناھايىتى چوڭ سان ھېسابلىنىدۇ. ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتسام، بۇنى ئىككى ھەسسە قاتلايدۇ، چۈنكى تەقدىر مېنى ئىككى خىل مەدەنىيەتكە تەۋە بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئويلاپ باقسام، بەزى زامانداشلىرىم ۋە كەسىپداشلىرىممۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتكە تەۋە بوپتۇ، مەن بەزى شائىرلارنىڭ ۋە يازغۇچىلارنىڭ تالانتىنى ئۆزۈمدىن كۆپ يۇكسەك دەپ ھېسابلايمەن، ئەگەر ئۇلار مۇشۇ مۇنبەردە تۇرغان بولسا، ئالدىڭىزدىكىلەر مۇشۇ كۆز قاراشقا كەلگەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۇنياغا دىمەكچى بولغىنى مېنىڭ دىمەكچى بولغىنىمدىن ھەققەتەن كۆپ ئىدى. ھالبۇكى بۇ خىياللار ھەرگىزمۇ ئىشلارنى ئاسان بولۇشقا ئېلىپ كېلەلمەيدىكەن.

شۇڭا، مەن بۇيەردە چۇۋالچاق بولسىمۇ قىسقىچە سۆزلىمەكچىمەن. مېنى ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈدى، دەپ قالماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ماڭا ئوخشاش كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار سىستېمىلاشقان بىر خىل ئىدىيەۋى ئەندىزىنى ئانچە تەلەپ قىلىپ كەتمەيدۇ؛ ئەڭ يامان ئەھۋال ئاستىدا،

ئۇلار بىر خىل تۈزۈم بولسىكەن، دەيدۇ، لېكىن شۇنداقتىمۇ جەمئىيەت مۇھتى، جەمئىيەت تەرتىپى ياكى تېخى پىشمىغان ياشلىقنىڭ پەلسەپۋىلىك ئىزدىنىشىدىن ئۆرنەك ئالماقچى بولىدۇ، خالاس. ھەرقانداق نەرسە بىر سەنئەتكارنى مەقسەتكە يېتىش — ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ئۆزى، ئەسەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۆكتەملىك ۋاستىسىنى قوللىنىشتۇر، دېگەنگە ئىشەندۇرەلمەيدۇ. ئاخماتوۋا: «شېئىر ھەققەتەن ئەخلەت دۆۋىسىدىن بارلىققا كەلگەن، نەسرنىڭ مەنبەسىمۇ ئۇنىڭدىن پاكىز بولۇشى ناتايىن» دېگەنىدى.

2

ئەگەر سەنئەت كىشىلەرگە بىرەر نەرسە ھەققىدە تەلىم بېرەلەيدۇ، (بولۇپمۇ سەنئەتكارلارغا) دېيىلسە، ئۇنى كىشىلەرنىڭ شەخسىي خاراكتېرىدىن، دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. ئىنسانىنىڭ ئۆز ئىشلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ مۇبالىغىسىز شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا بىر خىل خاراكتېرنى ۋە دۇنيادىن مۇستەسنا تۇرىدىغان ئالاھىدە تۇيغۇنى يېتىلدۇرىدۇ، بۇ تۇيغۇ ئۇنى ئىجتىمائىي ھايۋاندىن ئىدراك قىلالايدىغان «مەن»گە ئۆزگەرتىدۇ. نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئورتاق بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىر كارىۋات، بىر بولكا، توۋا قىلىش، ئاشنا قاتارلىقلار... لېكىن بىر پارچە شېئىردىن، ئالايلۇق، نېللى مارىئا رىلكېنىڭ شېئىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولغىلى بولمايدۇ. بىر پارچە سەنئەت ئەسىرى، يەنى ئەدەبىي ئەسەر، بولۇپمۇ شېئىر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئىچىدە پىچىرلىشىدىن ئىبارەتتۇر. سىز ئۇنىڭ ئىچىگە ۋاستىسىز كىرىشىڭىز كېرەك. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن، ئادەتتىكى سەنئەتنى، يەنە كېلىپ

ئەدەبىياتنى، بولۇپمۇ شېئىرىيەتنى ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىڭ تەشەببۇسچىلىرى، ئاۋامنىڭ غوجايىنلىرى، تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ ھۆددىچىلىرى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار سەنئەتنىڭ قەدىمى يەتكەن زېمىندىن ئۇلارنىڭ ئەسلىي تەسەۋۋۇرىغا قارشى بولغان شېئىرنى ئوقۇدى. ئۇلار بۇنىڭدىن ئۆزلىرى بىلەن بىردەك بولىدىغان، ئۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئەمەس، بەلكى سوغۇق ۋە مۇرەككەپ ھېسسىياتنى؛ سەنئەتتىكى قەتئىيلىكنى ئەمەس، بەلكى پەرۋاسىزلىقنى ۋە قۇسۇرچانلىقنى بايقاپ قالدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ۋە ئاۋامنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىدارە قىلىشقا مايىل بولۇۋاتقان ئاشۇ كىچىك - كىچىك «نۆل»لەرنىڭ ئىچىدە سەنئەت «چېكىت، پەش ۋە مىنۇس» لارنى ئەكىردى، شۇنداقلا ھەربىر «نۆل»نى ئادەملەرنىڭ كىچىك - كىچىك چىرايلىرىغا ئايلاندۇردى، گەرچە بۇ چىرايلار ئانچە كىچىك بولمىسىمۇ.



پاراتىنسكى ئۆزىنىڭ موسىيى ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنى «ئادەتتىن تاشقىرى چىراي» دەپ تەسۋىرلىگەنىدى. ئىنسانلارنىڭ ياشاشتىكى ئەھمىيىتىمۇ ئەنە شۇنداق «ئادەتتىن تاشقىرى چىراي»غا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك. چۈنكى، بىز ئەزەلدىن ئادەتتىن تاشقىرى بولۇشقا ئىنتىلىپ كەلدۇق. مەيلى يازغۇچى بولسۇن ياكى ئوقۇرمەن بولسۇن، ئالدى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىغا پۇختا بولۇشى كېرەك، ھېچكىم سىرتتىن كەلگەن تەسىر ياكى بەلگىلىمىنى قوبۇل قىلمايدۇ، مەيلى ئۇ قانداق ئالىيجاناب قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشتىن قەتئىينەزەر. چۈنكى، ھەربىر ئادەمگە ھايات پەقەت بىر قېتىملا نېسىپ بولىدۇ، بىز ئۇنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلمىمىز. پەقەت بىر قېتىملا نېسىپ بولىدىغان بۇ ھاياتنى قانداقتۇر بىراۋلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا، تەجرىبىسىگە ھەمدە

شاتۇتىدەك دورامچىلىق قىلىشقا ئىسراپ قىلىش ھامان ئادەمنى پۇشايمانغا قويىدۇ، چۈنكى تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھۆدەيچىلەرنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن شاتۇتىدەك دورايدىغانلار چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ ھۆدەيچىلەر ھەرگىزمۇ ئۇلار بىللە بىللە لەھەتكە كىرمەيدۇ، ھەتتا بىرەر ئېغىز مىننەتدارلىقمۇ بىلدۈرمەيدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ پەلسەپىسى، ئېتىكىسى — ئۇنىڭ ئېستېتىكىسىنى قويۇپ تۇرايلى — ھامان «تۇنۇگۈن»گە تەۋە نەرسە؛ تىل ۋە ئەدەبىيات «بۈگۈن»گە تەۋە نەرسە؛ تىل ۋە ئەدەبىيات بولسا «بۈگۈن»دىمەكتۇر. بولۇپمۇ كونسېرۋاتىپ سىياسىي تۈزۈمدىكى ئەھۋال ئاستىدا، ئېھتىمال ئۇ «ئەتە»نى بەرپا قىلىشى مۇمكىن. ئەدەبىياتنىڭ تۆھپىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋاقتىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرىدۇ ۋە روشەنلەشتۈرىدۇ، ئۇنى ئەجدادلىرىدىن ۋە قۇرداشلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۆزىنى تەكرارلاشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئادەتتە سەنئەت، بولۇپمۇ ئەدەبىيات تۇرمۇشتىن پەرقلىنىدۇ، ئۇ دەل تەكرارلىنىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا سىز بىر لەتىپىنى ئۈچ قېتىم سۆزلىسىڭىز ھەر قېتىمدا كۆپچىلىكنى كۈلدۈرۈشىڭىز ھەم ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىغا ئايلاندۇرۇۋېتىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن بۇ، سەنئەتتە «چايناپ شاما قىلىۋېتىلگەن» قىلىق دەپ ئاتىلىدۇ. سەنئەت كەينىگە تېپىدىغان قورال ئەمەس، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى سەنئەتكارلارنىڭ خاسلىقى ئەمەس، بەلكى تېمىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە مەنتىقىسى، مۇشۇ خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن مەنتىقىنىڭ مېتودىكىلىق نەتىجىسى بەلگىلەيدۇ، يەنە كېلىپ بۇ مېتودىكا ھەر نۆۋەت تامامەن يېڭىچە بولغان ئېستېتىك ئىزاھات تەلەپ قىلىدۇ. سەنئەتنىڭ ئۆزىنىڭ سىستېمىسى، ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ

كۆچى، ئۆزىنىڭ مەنتىقىسى ۋە ئىستىقبالى بولىدۇ، ئۇ تارىخ بىلەن مەنىداش ئەمەس، ئەڭ بولمىغاندا ئۇ تارىخ بىلەن پاراللېل تۇرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى ئۈزۈكسىز تۈردە سەنئەت چىنلىقىنى يارىتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ ھامان تەرەققىياتىنىڭ ئالدىدا، تارىخنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. تارىخنىڭ ئاساسلىق رولى ئۆتۈپ كەتكەن كونا نەرسىلەرنى خاتىرىلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ھازىر يازغۇچى ۋە شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئېغىز تىلىنى قوللىنىش كېرەك، دەيدىغان بىر خىل تەشەببۇس كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە. گەرچە بۇ تەشەببۇسنىڭ بەلگىلىك دېموكراتىك تۈسى بولسىمۇ، ئۇ يازغۇچى ئۈچۈن روشەن مەنپەئەت ئېلىپ كەلسىمۇ، لېكىن بۇ ئىنتايىن بىمەنە تەشەببۇستۇر، ئۇ بىر خىل مۇددىئانى، يەنى سەنئەتنى ــ ئەلۋەتتە ئەدەبىياتنىمۇ ــ تارىخقا بويسۇنۇشى كېرەك، دېگەننى گەۋدىلەندۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. پەقەت بىز ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋاقتىنچە توختايدىغان باسقۇچقا يەتتى، دەپ قارار قىلغان ۋاقتىمىزدىلا، ئەدەبىيات خەلقنىڭ تىلىدا سۆزلىسە بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، خەلق ئەدەبىياتنىڭ تىلىدا سۆزلىشى كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، ھەربىر يېڭى سەنئەتنىڭ چىنلىقى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي چىنلىقىنى يارىتىدۇ، دېسەك، تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئېستېتىكا ئېتىكىنىڭ ئانىسى، «ياخشىلىق» بىلەن «يامانلىق» كاتېگورىيەسى ئالدى بىلەن ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيە، ھېچبولمىغاندا، تىل مەنبەسىدىن ئالغاندا، ئۇ «كەرەملىك» ۋە «رەزىللىك» كاتېگورىيەسىدىن بۇرۇن شەكىللەنگەن. بىر بوۋاق بىر ناتونۇش ئادەمنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز ھالدا يىغلاپ، ھېيىقىپ ئۆزىنى قاچۇرسا ياكى ئەكسىچە قولىنى ئۇزارتىپ ئۇنىڭغا ئىنتىلسە، بۇ بىر خىل ئەخلاقىي تاللاش بولماستىن، بەلكى ئېستېتىك تاللاش بولىدۇ.

ماھىيەتتە بىر ئادەمنىڭ بەدىئىي تەسىراتى ئۇنىڭ ھەۋەسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەخلاقىي نەزىرىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ، ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ ئەركىن ھېس قىلىدۇ، گەرچە زىيادە بەختلىك بولالمىسىمۇ.

بۇنداق رېئال، ئەمما نەزەرىيە ئارىلاشمىغان تۇيغۇ مەسىلىسىدە بىز چوقۇم دوستويېۋىسكىينىڭ «گۈزەللىك دۇنيانى قۇتقۇزىدۇ» دېگەن سۆزىنى چۈشىنىشىمىز لازىم. دۇنيا ئۇچۇن ئېيتقاندا، بەلكىم بۇنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھەربىر كىشى ئۈچۈن پۇرسەت يەنىلا مەۋجۇت. سەنئەتنىڭ تەبىئىي رولى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقتۇر بىرنەرسىگە ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان ۋە ئۆز ئىشتىھاسىغا ماس كەلمەيدىغان نەرسىنى تەبىئىي ھالدا بىلىپ يېتەلەيدۇ. ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بىز شۇنى تەكىتلەيمىزكى، ئادەم ئېتىكىلىق جانلىق بولۇشتىن ئاۋۋال ئېستېتىك جانلىق بولغان. شۇڭا، سەنئەت، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى ئەمەس، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسى ئىدى. ئەگەر بىزنى ھايۋانات پادىشاھلىقىدىكى باشقا ئەزالاردىن پەرقلەندۈرىدىغان نەرسە تىل دەپ قارىلىدىكەن، شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، ئەدەبىيات، بولۇپمۇ شېئىرىيەت گىراماتىكىدىكى بارلىققا كەلگەن ئەڭ ئالىي شەكىل، يەنى دەل ئىنسانلارنىڭ نىشانى ھېسابلىنىدۇ.

مەن ھەرگىزمۇ شېئىرىيەت يېزىقچىلىقىدا مەجبۇرىي مەشىق قىلىش تەكلىپىنى بەرمەكچى ئەمەسمەن؛ جەمئىيەتنى ئىلىم ساھەسى ۋە باشقا تەركىبلەرگە ئىنچىكىلەپ ئايرىشنىمۇ قوبۇل قىلالمايدىغان ئوخشايمەن. ئەخلاقىي ئىبارە بويىچە ئېيتقاندا، بۇ خىل ئەھۋال جەمئىيەتنى بايلار ۋە نامراتلار دەپ ئايرىغانغا

ئوخشاپ كېتىدۇ؛ مۇبادا جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن مەلۇم ساپ ماھىيەتلىك ياكى ماددىي ئاساسنى ئىزدەپ تېپىش مۇمكىنچىلىكى بار دېيىلسە، ئۇنداقتا، ئىلىم جەھەتتىكى تەڭسىزلىك ھەرگىزمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. باشقا ھەرقانداق نەرسىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ جەھەتتە تەبىئەت بىزنى باراۋەرلىك بىلەن تەمىن ئەتتى. مەن بۇ يەردە ئادەتتىكى تەلىم - تەربىيەنى ئەمەس، بەلكى تىل جەھەتتىكى تەلىم - تەربىيەنى دېمەكچىمەن، ئەدەبىياتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەدەبىياتنىڭ ھۆرمەتكە ئېرىشىش دەرىجىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بېشارەت بېرىدۇ، بۇ پەقەت ئەخلاقىي تۇيغۇ ۋە لېكسىكا جەھەتتىن شۇنداق. مۇبادا بىر مۇزىكا بىر ئادەمنىڭ ئاڭلىغۇچىنىڭ پاسسىپ رولى بىلەن ئورۇندىغۇچىنىڭ ئاكتىپ رولى ئوتتۇرىسىدا تاللاش مۇمكىنچىلىكىگە يول قويىدۇ، دېسەك، ئۇنداقتا، بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر، يەنى بەدىئىي ئەسەر — مۇنتالىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا — سىمانتىكا بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئۇ پەقەت ئورۇندىغۇچىنىڭ رولىنىلا ئالالايدۇ، خالاس.

مەن ھەرگىزمۇ تۇرمۇش ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم ئۆز قۇرداشلىرىمدىن كۆپ، دەپ ھېسابلىمايمەن، لېكىن بىر سۆھبەتداشنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن، بىر پارچە كىتاب بىر دوستقا ياكى بىر سۆيۈملۈك يارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىشەنچلىك دەپ قارايمەن. بىر پارچە رومان ياكى بىر پارچە شېئىر ھەرگىز ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاش ئەمەس، بەلكى يازغۇچىنىڭ بىر ئوقۇرمەن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدۇر. مەن يەنە تەكرارلايمەنكى، ئۇ ئىنتايىن يوشۇرۇن بولغان، باشقا ھەرقانداق ئادەمنى نەزەردىن ساقىت قىلغان خۇسۇسىي سۆھبەتتۇر. ئەگەر سىز رەت قىلمىسىڭىز، مەن ئۇنى ناچار ئىجتىمائىي ئادەتلەردىن ئورتاق نەپرەتلىنىش دەيمەن.

مۇشۇنداق سۆھبەت بولۇۋاتقان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە بىر يازغۇچى — مەيلى ئۇ داڭلىق بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر — بىر ئوقۇرمەن بىلەن باراۋەر تۇرىدۇ. بۇ خىل باراۋەرلىك ئىدىيەۋى ئاڭ جەھەتتىكى باراۋەرلىك بولۇپ، ئۇ ئەسلىمە شەكلىدە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا بىر ئادەمنىڭ كىيىنكى ھاياتىغا ھەمراھ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يا بالدۇر، يا كېيىن، يا مۇۋاپىق، يا نامۇۋاپىق ھالدا بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. مەن رول ئېلىش ھەققىدە توختالغىنىمدا كۆڭلۈمگە پۈككىنىم دەل بىر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ تەبىئىي بولغان نەرسە ئىدى. چۈنكى، بىر پارچە ھېكايە، بىر پارچە شېئىر ھەم ئاپتورنىڭ، ھەم ئوقۇرمەننىڭ تەنھالىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل ئورتاق تەنھالىقنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت.

3

بىر ئادەمنىڭ بىر پارچە شېئىرنى يېزىشىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبى بولىدۇ: گاھىدا سۆيۈملۈك يارىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتماقچى بولىدۇ؛ گاھىدا ئەتراپىتىكى شەيئىلەرگە پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرۈپ، لىرىك ھېسسىياتىنى بايان قىلىدۇ؛ گاھىدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بىر دەقىقىدىكى ھېسسىياتىنى يازىدۇ؛ شۇ ئارقىلىق دۇنيادا بىرەر ئىز قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىردىن ئىبارەت بۇ شەكىلنى تاللىشى ئېھتىمال بىر خىل ئاڭسىز تەقلىد قىلىش بولۇشى مۇمكىن؛ ئېھتىمال ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ئەھۋالىنى، ئۆز ۋۇجۇدى بىلەن بوشلۇق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى يادىغا ئېلىپ، ئاق قەغەز ئۈستىگە شۇ قارا خەتلەرنى قوندۇرغان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى ئۇنىڭ قولىغا قەلەم ئېلىشىغا قانداق نەرسە سەۋەب بولۇشىدىن، ئۇنىڭ قەلىمىدىن تامغان نەرسىلەر ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە قانداق ئۇنۇم پەيدا قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خىل كەسىپنىڭ بىۋاستە

نەتىجىسى تىل بىلەن بىۋاسىتە ئېيتىدىغان تۈيغۇ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇ تىل ئارقىلىق دېيىلىدىغان، يېزىلىدىغان ۋە ئورۇنلىنىدىغان ھەرخىل نەرسىلەر تەرىپىدىن تۇغۇلىدىغان ئىشەنچ تۇيغۇسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

بۇنداق ئىشەنچ مۇتلەق بولىدۇ، مۇستەبىت بولىدۇ؛ لېكىن كىشىگە ئەركىنلىك بېرىدۇ. چۈنكى، تىل يازغۇچىدىن قەدىمىي بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك مەركەزدىن قېچىش ئىقتىدارىغا ئىگە، بۇ خىل ئىقتىدارنى ئۇنىڭ زامان تۇسىدىكى ئاشۇ خىل مۇمكىنلىك ئىنتۇناتسىيەسى ئاتا قىلغان. بۇنداق مۇمكىنلىك ئىنتۇناتسىيەسى مۇشۇ خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان (ھەم مۇشۇ تىلغا تايىنىدىغان) مىللەتنىڭ ساندىكى ئاساسىي گەۋدە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دېگەندىن كۆرە، مۇشۇ تىلدا يېزىلغان شېئىرنىڭ سۈپىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دېگەن تۈزۈك. بۇ نۇقتىدا بىز دانتىنى يادىمىزغا ئالساقلا كۇپايە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۈگۈن دەل رۇس تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلى ئوتتۇرىسىدا ئىجاد قىلىنغان ئاشۇ تىللار ئۇنىڭ كېيىنكى مىڭ يىل ئىچىدىمۇ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. مەن شۇنى تەكىتلەيمەنكى، شائىر تىلنى ئۆزىنىڭ ياشاش ۋاستىسى قىلىدۇ ياكى مەن ياقتۇرىدىغان ئاۋدېن ئېيتقاندەك، شائىر دېمەك تىلغا تايىنىپ ياشايدىغان كىشىلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ مىسرالارنى يېزىۋاتقان مەن ھەم بۇ مىسرالارنى ئوقۇۋاتقان سىلەر ھامان ئۆلۈپ كېتىمىز، لېكىن بۇ شېئىرنى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ھەم ئۇنى ئوقۇيدىغان تىل مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئادەمدىن ئۇزاق ياشايدىغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزگىرىشكە تېخىمۇ قابىل ئىكەنلىكىدە.

بىر ئادەم ئۆزى يازغان بىر پارچە شېئىرنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇزاق ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ شېئىرنى ئۆمۈرلۈك شۆھرەت ئۈچۈن

يازمايدۇ. بىر ئادەم شېئىر يېزىۋاتقان چاغدا تىل ئۇنىڭغا ئىلھام (ياكى پەرمان) بېرىدۇ. بىر پارچە شېئىر يېزىلىشقا باشلىغاندا، شائىر ئۇنىڭ ئاخىرىنى قانداق چۈشۈرۈشنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بارلىققا كەلگەن ئاشۇ شەكىللەر ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ، ئۇنىڭ پىكرى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ. مانا بۇ تىلدىكى كېلەچەكنىڭ ئۇنىڭ ھازىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، بىلىشنىڭ تەھلىل قىلىش، بىۋاستە كۆزىتىش ۋە «ئىنجىل»دىكى ئەۋلىيالارغا ئوخشاش ئىلھاملىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكلى بولىدۇ. شېئىرنىڭ باشقا ئەدەبىي شەكىللەردىن پەرقى شۇكى، ئۇنىڭدا يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل بىلىش ئۇسۇلى بىراقلا (ئاساسلىقى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل) قوللىنىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ ھەممىسى تىلغا ئاتا قىلىنغان. شۇنداقمۇ چاغلار بولىدۇكى، بىر شائىر يەككە بىر سۆز، يەككە بىر قاپىيەنى ئىشلەتكەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىنقىلار تېخى قەدەم باسمىغان ئورۇنغا كېلىپ قالغانلىقىنى ياكى ئۆزىنىڭ مۆلچەرىدىنمۇ ھالقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بىر ئادەم ئاساسلىقى ۋىجدان نۇقتىسىدىن شېئىر يازىدۇ، ئۇنى دۇنيا ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە دۇنيانى چۈشىنىشتىكى ئالاھىدە بىر خىل كاتالىزاتور دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ بۇ خىل كاتالىزاتورنى ھېس قىلغان ھامان، بۇنداق تۇيغۇدىن ھۇزۇرلىنىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ؛ ئۇ مۇشۇ مۇساپىدىكى ئىشەنچكە مەپتۇن بولىدۇ، باشقىلار بولسا بۇ خىل شەكىل ئارقىلىق دورىغا ۋە ئىسپىرتلارغا مەستانە بولىدۇ.

بىر ئادەم تىلغا بولغان مۇشۇنداق ئىشەنچىنى تۇرغۇزالىغاندىلا، كىشىلەر ئېتىراپ قىلىدىغان شائىرلاردىن بولالايدۇ.

# شائىرلارنىڭ شېئىر ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئەگەر يېڭىدىن ئۇلۇغ يازغۇچىلار بارلىققا كەلمەيدىكەن، بولۇپمۇ ئۇلۇغ شائىرلار بارلىققا كەلمەيدىكەن، مىللەتنىڭ تىلى زەئىپلىشىشكە باشلايدۇ، بەلكىم ئۇ قۇدرەتلىك مەدەنىيەت تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلىشى مۇمكىن.

— توماس ئېلىئوت

ئەگەر بىز ئۆزۈكسىز تەرەققىي قىلالمايدىكەنمىز، ئىلگىرىكى ئەدەبىيات بىزدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

— توماس ئېلىئوت

ئۆز ئەسرىنى ئاقلايدىغان يازغۇچىلار دائىم ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇقىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەڭ ياخشى ئاقلاش ئۆزىنى نېمە دەپ ئاقلاش ئەمەس، بەلكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر.

— پېررې رېۋېردى

شېئىرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ھېسسىياتنى ۋە تۇيغۇنى ئىپادىلەش دېمەكتۇر. ھېسسىيات بىلەن تۇيغۇ شەخسكە مەنسۇپ بولۇپ، ئىدىيەدىن پەرقلىنىدۇ، ئىدىيەنىڭ ئەھمىيىتى ھەممە كىشىگە نىسبەتەن ئوخشاش بولىدۇ.

— توماس ئېلىئوت

شېئىر پەقەت بىلىش ۋاستىسىلا ئەمەس؛ ئالدى بىلەن ئۇ بىر خىل ياشاش ۋاستىسى، يەنە كېلىپ مۇكەممەل بولغان ياشاش ۋاستىسى. شائىرلار ئەلمىساقتىن بۇرۇنقى ئىنسانلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولغانىكەن، ئاتوم دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئىچىدىمۇ مەۋجۇت بولالايدۇ، چۈنكى بۇ ئىنسانلار خاراكتېرىدە كەم بولسا بولمايدىغان قىسمىدۇر.

— ساينت جون پېرس

شېئىرنى شەرھلەشكە بولمايدۇ، لېكىن ئۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسىمۇ ئەمەس.

— ئوكتاۋىئو پاز

بىر شېئىرنى ئوقۇغاندا، كۆزىمىز بىلەن ئاڭلىشىمىز، ئاڭلىمىغاندا قۇلىقىمىز بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەك.

— ئوكتاۋىئو پاز

تەنها قالغان چاغلار ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتىدۇر، تەنهالىق بىلەن تەپەككۇر ماڭا يېڭى ھېسسىياتنى، ئەزەلدىن ۋاز كېچىپ باقمىغان ئارزۇلارنى، ئىنسانىيەتنىڭ يىراق مەنزىلىگە تېۋىنىدىغان ئىستەكلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

— ۋىسېنتى ئالېكساندىر



مېنىڭچە، شېئىرنىڭ ئالىيجاناب خاھىشى ئەزەلدىنلا چىنلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئارىلىشىش بولۇپ كەلدى، ئۇ گۈزەللىكنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، بەلكى ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن راۋاجلاندۇرىدۇ.

— ئودىسسىئوس ئېلىتىس

شائىر ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيەنى كىشىلەر قوبۇل قىلمىغان چاغدا، بەزىلەر كۆپىنچە ئۇنى شېئىر ئەمەس، دەيدۇ؛ ئەكسىچە، بەزىلەر دائىم ئورتاق ھېسسىيات پەيدا قىلالايدىغان شېئىرنى ھەقىقىي شېئىر دەپ ھېسابلايدۇ.

— توماس ئېلىئوت

مەدەنىيەت دەپسەندە قىلىنغان، داۋالغۇپ تۇرغان بۇ تىنچسىز ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە شېئىر ئىنسانلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ھەرىكەت ئىپادىسىدۇر.

— گېئورگى سېفېرس

شائىر تارىختىكى خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئىستىخىيەلىك ھالدا باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى تىراگېدىيەلەر ئىچىدە ھەرقانداق شەيئىگە بىپەرۋالىق بىلەن قارىيالمايدۇ. ئۇ بۇ بوران - چاپقۇنلۇق زاماندا ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشنى روشەن ئىپادىلىسۇن. چۈنكى، ئۇ بۈيۈك ئىنساندۇر، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى يېڭىدىن بايقايدىغان پەيتى.

— سائىنت جون پېرس

ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جاھىللىق بىلەن ساقلايدىغان شېئىردىن باشقا سەنئەت بولمىسا كېرەك.

— توماس ئېلىئوت

شېئىر ئىنسانلاردىن تۇغۇلىدۇ، يەنە كېلىپ پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ، لېكىن ئىنسانلار ئۇنى

تەبىئەتتىن ئىزدىمەكچى بولغاندا، ئۇ شەپە بەرمەستىنلا غايىب بولۇشى مۇمكىن.

— پىررې رېۋېردى

شېئىر ئىجاد قىلىش دېمەكتۇر، پەقەت كەشىپ قىلالايدىغان، ئىجاد قىلالايدىغان كىشىلەرلا شائىر ھېسابلىنىدۇ.

— ژئوم ئاپولىنېر

ۋالېرى ئېيتقاندەك، شېئىرنىڭ ۋەزىپىسى شېئىرىي كەيپىياتنى ئىپادىلەش ياكى يەتكۈزۈش ئەمەس، بەلكى بۇ خىل كەيپىياتنى قوزغىتىش. ئاشۇ كەيپىياتنى قوزغىتالىغان ھەمدە قوزغىتىشقا ماھىر بولغان كىشىلەرلا شائىر بولالايدۇ.

— رېۋىلدى



شائىرغا باشقا تەلەپ قويۇلمايدۇ، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن جاراھەتلىرىنى ۋىجدانەن ئىپادىلەپ بەرسىلا كۇپايە.

— ساينت جون پېرس

ئەگەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغىنى ھەقىقەتەن مۇكەممەل مەدەنىيەتنىڭ ئۈلگىسى بولىدىكەن، ئۇنداقتا، بىز ئىشىنىمىزكى، بۈيۈك شائىرلار ئۆز قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئېتراپ قىلىنىدۇ.

— توماس ئېلىئوت

تىل گەرچە مەلۇم توسالغۇ پەيدا قىلالمىسىمۇ، لېكىن شېئىر بۇ توسالغۇدىن ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ. بىز پەقەت شېئىرغا

تايىنىپلا باشقا ئەل تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەردىن زوقلىنالايمىز.

— توماس ئېللىئوت

شائىر ۋە يازغۇچىلار دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

— سالۋاتور كاشمودو

ھەقىقىي مۇھىم تەرىپى شۇكى، شائىرلار ئۆزلىرىگە ماسلىشىدىغان دەۋرداش زوقلانغۇچىلارغا، يەنى — شېئىرنى چۈشىنىدىغان، ئۆز دەۋرى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغان، شۇنداقلا مەلۇم جەھەتتە دەۋردىن ھالقىپ كېتەلەيدىغان، شەيئىلەرنى تېزدىن ئىگىلىيەلەيدىغان ئاۋانگارت كىشىلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك.



— توماس ئېللىئوت

مۇبادا شائىر ناھايىتى تېزلا ئىنتايىن كۆپ زوقلانغۇچىغا ئېرىشىدىكەن، بۇ خىل ھالەتتىن گۇمانلانماي بولمايدۇ؛ بىز بۇنى بۇنداق شائىر ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق يېڭى نەرسە يەتكۈزۈپ بېرەلمىدى، ئۇ پەقەت ئوقۇرمەنلەر ئاللىقاچان ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئىلگىرىكى شائىرلاردىن ئېرىشىپ بولغان نەرسىلەرنىلا يەتكۈزۈپ بەردى، دەپ قىياس قىلىمىز.

— توماس ئېللىئوت

شائىرنىڭ ۋەزىپىسى ئوبراز يارىتىش ئەمەس، ئوبراز ئۆزى قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېلىشى كېرەك.

— پېررې رېۋېردى

شائىرلار مول تەجرىبىگە ئېرىشكەندىلا، باشقىلار بىلەن قەلب ئالماشتۇرالايدۇ ھەم باشقىلار ئۇنى چۈشىنەلەيدۇ.
— ۋىسپىنتى ئالېكساندىر

شېئىر بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزنى بېيىتىدۇ ھەمدە ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرنى چۈشىنىش قابىلىيىتىمىزنى يېتىلدۈرىدۇ.

— توماس ئېللىئوت

ھەرقانداق شائىرنىڭ ئەسىرىنى ئىنكار قىلماسلىق كېرەك، پەقەت شۇ شائىر بىلەن بىر رايوندا ياشاپ، ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئارىسىدىلا ئۇنى تولۇق چۈشەنگىلى بولىدۇ.

— توماس ئېللىئوت



ئەڭ چوڭقۇر، بىۋاستە بولغان گەۋدىلىك تۇيغۇلارغا كىشىلەر باشقا سەنئەت شەكىللىرىدىن، باشقا تىل ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان شېئىرلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان شېئىرلاردىن ئېرىشەلەيدۇ.
— توماس ئېللىئوت

شائىرلار يېڭى لەززەتلەرنى ئۈزلۈكسىز بايقىيالايدۇ، بۇ لەززەت گاھىدا كىشىنى ئازابلايدىغان لەززەت بولۇشى مۇمكىن. جەسۇرلۇق ھەم يېڭىلىق يارىتىش روھى بولىدىكەن، ھەرقانداق بىر ساھەدە شائىر بولۇپ چىققىلى بولىدۇ.
— ژىئوم ئاپولىنېر

ھازىرقى زامانىنىلا كۆزلەپ يازماسلىق كېرەك، لېكىن

قەلەم تەۋرەتكەن چاغدا ھازىرقى زامان تۈيغۇسى بولمىسا بولمايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇچۇنلا يازغان ئادەم ھازىرقى زاماندىنمۇ بالدۇرراق ئۆلگەن بولىدۇ، چۈنكى ئۇنى پەقەت ئۆزى ئۇچۇنلا يازدى دېيىش مۇمكىن، بۇنىڭ بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالسا راستتىنلا بولمايدۇ.

— پېررې رېۋېردى

شائىرلار گىگانت ئادەملەردۇر، لېكىن ئۇلار يىڭنە تۆشۈكىدىنمۇ بىمالال ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. شائىرلار ھەم ئىنتايىن كىچىك ئادەملەردۇر، لېكىن ئۇلار پۈتكۈل كائىناتنى تولدۇرالايدۇ.

— پېررې رېۋېردى

شائىرلارنىڭ رولى ئۆزى بىلەن دەۋرداش كىشىلەرنىڭ رولى دېمەكتۇر، ئەگەر بىزدە ھايات شائىرلار بولمايدىكەن، بۇرۇن ئۆتكەن شائىرلار ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.
— توماس ئېلليئوت



سەنئەتكارلار شەيئىلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان نەرسىلەرنى تۇتالىغاندىلا، شەيئىلەر ئەھمىيەتكە ئىگە بولالايدۇ.
— كاسىمىل

شېئىر سۆز ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن سۆز يەنە يوشۇرۇن خادا تاشقا ئوخشايدۇ، گاھىدا بىرەر سۆز ئەڭ ئېسىل بىر شېئىرنىمۇ نابۇت قىلىۋېتىدۇ.

— پېررې رېۋېردى

شېئىر بىلىمدىن ئىلگىرىكى تەسەۋۋۇردۇر؛ دىن بولسا

بىلىم پەيدا بولغاندىن كېيىنكى تەسەۋۋۇردۇر. شېئىر بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدا تۇرمۇشنىڭ بىدئەت ئەقىل ـ پاراسەتلىرى ئۆز كومېدىيەسىنى ئوينايدۇ. ھەرقانداق ئادەم شېئىر ياكى دىن ئىچىدە ياشىمىغان بولسا، ئۇنى ئەخمەق دېيىش كېرەك.

ـــ چىككو

شېئىر ھازىر مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ؛ شېئىر بىزدە ھازىر كەمچىل بولغان نەرسىلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ؛ شېئىر بىز دەل ئىزدەۋاتقان نەرسىلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ. شېئىر بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا مەۋجۇت، لېكىن بىزنىڭ ئىرادىمىزگە ئەمەس، بەلكى «بىز» بولماقچى بولغان ئاشۇ خىل ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق. شېئىر بىز بارماقچى بولغان يەردە مەۋجۇت، لېكىن بىز ھازىر ئۇ يەردە ئەمەس.

شېئىر رېئاللىق بىلەن ئۇچراشقان ھامان، خۇددى ئەرۋاھ كۈن نۇرىغا يولۇققاندەك ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولىدۇ.

ـــ پېررې رېۋېردى

شائىر ئۇچۇن ئېيتقاندا، شېئىر كامالەتكە يەتكەن، شەخسىي ئۇچۇرلارغا تويۇنغان تىل دېمەكتۇر. ئىجتىمائىي تىل ئارقىلىق پەقەت ئورتاقلىققا ئىگە نەرسىلەرنىلا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. شائىرلار ئۇچۇن بۇنداق تىل قۇرۇق، ئەھمىيەتسىز، ئاللىقاچان تەكرارلىنىپ بولغان تىل ھېسابلىنىدۇ.

ـــ جېئان پېرول

شېئىردا ئەڭ خاسلىققا ئىگە تەسىرات ئىپادىلىنىشى ھەمدە ئۆز مەنزىلىنىڭ باشقىلارغا ئوخشاپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك.

ـــ جېئان پېرول

بىر دۆلەتتە شېئىرنىڭ گۈللىنىشى ئۇچۇن زوقلىنىش سەۋىيەسى يۇقىرى بىرنەچچە ئوقۇرمەننىڭ بولۇشى پۈتكۈل ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىمدۇر.
— لۇسىئان بلاگا

شائىرلاردىن كەسپىڭ نېمە دەپ سورىماڭ، بۇ ئۇلار ئۇچۇن ھاقارەتتۇر، خۇددى قۇياش بىلەن ئايدىن كەسپىڭ نېمە دەپ سورىسا ھاقارەت بولغىنىغا ئوخشاش.
— لۇسىئان بلاگا

شائىرلارنىڭ يولى بۇلاققا ئۇزۇكسىز يېقىنلىشىدىغان يولدۇر.
— لۇسىئان بلاگا

شائىرلار تىل دوختۇرخانىسىدىكى قان بەرگۈچىلەردۇر.
— لۇسىئان بلاگا

ئەگەر شائىر شېئىردىكى «بېزەش»كە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەل قىلغىنى شېئىرىي قائىدىلەر ئەمەس، بەلكى ھۆسن تۈزەش قائىدىسى دېيىشكە بولىدۇ.
— لۇسىئان بلاگا

شېئىر ئىجادىيىتى جەريانىدىكى مەقسەتلىك، سۈنئىي ۋە سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلغان سىناقلار تۈرمۈش ئاتا قىلغان ئۇشتۇمتۇت سىناقلارغا قارىغاندا ھامان ئاز ئۇنۇم بېرىدۇ.
— لۇسىئان بلاگا

مېنىڭچە، شېئىر بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت. شۇڭا، شېئىر

شېئىرىي جۈملىلەرگە ۋاقتىنچە پەرىشانلىق، نارازىلىق، ئىنتىلىش، سېغىنىش، غېرىبسىنىشلاردىن بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىر ئىبادەت دېمەكتۇر. شېئىر گەرچە ئىشلارنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، ئىبادەتكە ئوخشاش ئادەمنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

— لۇسىئان بلاگا

بىر پارچە شېئىر مەيلى باش قاتۇرۇپ يېزىلغان بولسۇن ياكى ئۇشتۇمتۇت ئىلھامدىن يېزىلغان بولسۇن، ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي ئەمەلىيەت شائىرلارنىڭ ئاتا قىلىشىدىن ئەمەس، بەلكى شېئىر پۈتكەندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن بولىدۇ.

— لۇسىئان بلاگا

يالغان شائىرلار ئۆزلىرى ھەققىدە سۆزلەيدۇ ـ يۇ، باشقىلارنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىدۇ. ھەقىقىي شائىرلار ئۆزى بىلەن پىچىرلىشىۋاتقان چاغدا باشقىلارغا سۆزلەۋاتقان بولىدۇ.

358

— ئوكتاۋىئو پاز

شېئىر چوقۇم ئوقۇرمەنلەرنى غىدىقلىيالىشى، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر قىلالىشى لازىم.

— ئوكتاۋىئو پاز

# ئوت ئارىلى

(شېئىرلار)

تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچى: مۇختار مەخسۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نېغمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 2827472 — 0991
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 11.875
نەشرى: 2012 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 — 7 — 228 — 14961 — 2
باھاسى: 35.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-14961-2

9 787228 149612 >

定价：35.00元